

غەيرەت ئاسىم

# ئاخىرقى ئاقسۆڭەك

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06477-1
I·2398（民文）定价：15.00元

ISBN 7-228-06477-1
9 787228 064779 >

غەيرەت ئاسىم

# ئاخىرقى ئاقسۆڭەك

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

最后的贵族/阿拉提.阿斯木著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.6

ISBN7—228—06477—1

Ⅰ.最... Ⅱ.阿... Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第033197号

# 最后的贵族(维吾尔文)

阿拉提.阿斯木 著

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆工人时报印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 9.25 印张 2 插页

2001年6月第1版 2001年6月第1次印刷

印数:1—4,000

ISBN7—228—06477—1/I・2398

定价:15.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
ئادىل ئابدۇسالام
مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# ئاخىرقى ئاقسۆڭەك

( رومان )

ئاپتورى : غەيرەت ئاسىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى :9.25 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4,000 — 1
ISBN7—228—06477—1/I · 2398
باھاسى : 15.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

ئىنسان ئۆزىنىڭ مەنىۋى كامالەت ئېھتىياجىنى ماددىي پاراغەت شاماللىرىغا سورۇۋېتىپ ، ئۆلۈم پەيتلىرىگە يەتكەن تەڭقىس دەقىقىلەردە ئۆز قىممىتىنىڭ تورانلاپ تۇرغان چوڭقۇر ھاڭلىرىغا قاراپ ، چەكسىز ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئازاب چېكىدۇ . ئازاب ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيىتىگە ئالاقىدار قىممەتلەرنى يورۇتتۇچى چېقىن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرلىشىپ تۈگەل-لەنگەن ئۆمۈرگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردىكى ئازاب ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي رولىنى يوقىتىپ ، ئۆلۈمنى تېزلىتىدۇ ياكى ئۆلۈم بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ھا-ياتلىق ئۆلۈمنىڭ ئىككى تەرىپىدە نۇرلىنىپ ، ئۆلۈم بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ بارىدۇ . ئۆلۈمنىڭ ئارىدا ئۈزۈلۈكسىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ھاياتنىڭ سۈپەت ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى بولۇپ ، بۇ ھادىسىدە ئەۋۋەلى ۋە ئەزەلى ھاياتنىڭ پەرقلىق سىماسى روشەن-لىشىدۇ . بۇ يەردە ئۆلۈم خۇددى تۈن ـ كېچىگە ئوخشايدۇ . ئۇ-نىڭدا قاراڭغۇلۇق ، سۈكۈت ۋە ئۇيقۇغا ھەمرا ھالدا ئاي ـ يۇل-تۇزلار جىمىرلايدۇ . ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك قۇياشى ئەنە شۇ ئاي ـ يۇلتۇز ۋاسىتىسى ئارقىلىق تۈنگە نۇر تارقىتىپ ئۈزۈلمەس ، ئاتـ قۇسى تاڭلاردىن بېشارەت بېرىدۇ . ھايات مەڭگۈلۈك رىتىمى ۋە جەزبىسى بىلەن ئىنساننى ئۆلۈمدە يېڭىلاپ ، تاسقاپ ۋە شاللاپ ماڭىدۇ . ئىنساننىڭ ئۇنىڭدا ئىپادىلەيدىغىنى ئىرسىي يوللۇق ھالقىش ياكى مەنىۋى يوللۇق ھالقىش بولۇشى مۇمكىن . بىراق ،

ئېنىقكى ، نەتىجە ـ ھاسىلات بىر ـ بىرىدىن تۆپتىن پەرقلىنىدۇ . شۇڭا ، ئىنسان ئۆز ھاياتىنى تۆگەللەشتىن ئاۋۋالقى ھاياتلىق بەھرىلىرىدە يەتكۈسى ئۆلۈمنى ۋە ئۇنىدىن ھالقىشىنىڭ نەتىجە-سىنى دەڭسەپ كۆرۈشلىرى شەرت بولىدۇ .

« ئاخىرقى ئاقسۆڭەك » رومانى ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ بىرلىكىدە قانات يايدىغان پەلسەپۋى پىكىرلەر ئاساسىدا سىيو-ژىت تالاپ ، « ئاخىرقى ئاقسۆڭەك » ـــ مالىكنى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بىزنى يەنە نەسەب ۋە مىراس دەۋاسىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قان ـ ياشلىق جەڭگاھلىرىغا باشلاپ كىرىدۇ . روماندا ئۆلۈمدىن ھالقىشنىڭ نەتىجىلىرى ئۆلۈمگە نىسبەتەن تېخىمۇ كەسكىن ، تېخىمۇ تىرا-گىدىيىلىك تۈس ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ھايات قائىدىلىرىگە مۇخالىپ ئىش كۆرگەن مەسئۇلىيەتسىز بى-غەم ئاتىنىڭ قىلمىشى ئىككى ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەرنىڭ « ھالال » ۋە « ھارام » ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتى ، شۇنىڭدەك مىراسخورلۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرەشلىرى ئارقىلىق سوتلى-نىدۇ .

« ئاخىرقى ئاقسۆڭەك » تارىخنىڭ ئاخىرقى داۋانلىرىدا كۆزىمىزگە چېلىققاندا ، بىز شۇ دەۋرنىڭ ئادەملىرى قاتارىدا ئاڭا تەئەججۈپلىنىشتىن مۇستەسنا تۇرىمىز . چۈنكى ئۇ ئاقسۆڭەك ، بىر دەۋرنىڭ يەنە بىر دەۋرگە ئالمىشىش مەزگىلىدىكى رېئال ھا-ياتنىڭ نوپۇزلۇق ، تەبىئىي ، چىن ئادىمى . شۇنداق بولغاچقا ، ئۇ ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازىنى يۇرگۈزۈپ ، نىكاھنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئەركىن ياشايدۇ . ئۇنىڭ بارلىق قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۆز تەبىقىسى ۋە ئۆز دەۋرى شارائىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق يوسۇنلىرىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە قانات يېيىپ ، ئۆلۈمدە شاخلايدۇ ۋە ئۆلۈمدىن ھالقىغان ، دەۋردىن دەۋرگە كۆچكەن ئىجتىمائىي كەڭلىكتە مۇرەسسەسىز كۈرەش باسقۇچىغا كىرىدۇ . بۇ كۈرەش

ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار تۇرمۇش تۇپراقلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكى ۋە زامان ـ زامانلاردىن بېرى نەسەبلەر ئارا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى بىلەن بىزنى «ئائىلە جەمئىيىتى» نىڭ رەڭگارەڭ سىرلىق قوينىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆز ـ ئۆزىمىزگە يۈزلەندۈرىدۇ. بىز شۇ چاغدىلا ئۆزىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزدىكى سانسىز قىسمەتكار ئادەملەرگە قاراپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭقۇر ئويلار قاينىمىغا غەرق بولىمىز.

ئائىلە — ئىنسان بىرلىكىنىڭ يادروسى، ئۇ نەسەبلەر زەنجىرى ئارقىلىق تارتىلىپ، زامانلار ئۆيۈقىدا رەڭلىنىپ، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە ئالاقىدار بولغان مىراس ئۇقۇمىنى كېڭەيتىپ بارىدۇ. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ بىرلىك يادروسىنىڭ ھەرقانداق بىر زەررىچىسى مىراسخورلۇقنىڭ تەنىني ۋە روھى ئىرسىيىتىگە، ئۇنىڭغا ماس رەۋىشتە ئارتىپ ياكى كېمىيىپ بارىدىغان ماددىي جۇغلانمىلارغا مەھكەم چېتىلىپ كەتكەن. شۇڭا، ئائىلىدە ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلىپ نىسبى ياتلىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى ئائىلە مىراسىنىڭ ماددىي تەۋەلىككە مەنسۇپ جەلبكار ۋە مەنپەئەتدار قىسمى بولۇپ، ئۇ شەكسىزكى، ئىنسان بالىلىرىنىڭ بەھرىلىنىش ھەققىدە، نەسەب ـ جەمەت ئىرادىسىدە ۋە ياشاش ئىستەكلىرىدە كۆلپەتلىك دەتالاش ھەم دەۋا ـ دەستۇرلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئاخىرقى ئاقسۆڭەك» رومانى بۇ نوقتىدا يەنە تېخىمۇ كەڭ كەتكەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چىنلىق قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىزنى زامان داغدۇغىلىرىدىن نىسبى پىنھان تۇرىدىغان يەككە ئائىلىلەرنىڭ سىرلىق مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ. بىز ئۇنىڭدا ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كەسكىن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا، قەلبىمىزدە ماكان ۋە زاماننىڭ ئەھمىيىتى غۇۋالىشىپ، ئىنساندىن ئىبارەت مۇرەككەپ تۈزۈلمىنىڭ قىسمەتكار چەكسىزلىكى كەڭ يېيىلىدۇ.

بۇ كەڭلىكتە تەجرىبەن ياكى تەپەككۇرەن يۈرگەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتى كۆپ ھاللاردا ئازابلىق تۈس ئالىدۇ، خىيال ـ ئويلىرى قانۇنىيەتلىك ۋە سەۋەب ـ نەتىجىلىك رەۋىشتە ئالمىشىۋاتقان ئەۋلادلار تۈركۈمىدە دولقۇنلايدۇ، ئاندىن نەسەبنىڭ نەسەبكە تەنىنى ئۇلۇنۇشىدىن تېخىمۇ شەرەپلىك بولغان بىر يۈكسەك مەنىۋى پەللە روشەنلىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئېتىقادى، مۇھەببەت ۋە ئەخلاق ئەقىدىسى، كامالەت ۋە تاكامۇللۇق ئىستەكلىرىدىن ئىبارەت. «ئاخىرقى ئاقسۆڭەك» رومانىنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم دىئالېكتىكىسى، ئائىلە پاجىئەسى ۋە نەسەب ـ مىراس داۋاسى ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرمەكچى بولغىنىمۇ دەل ئاشۇ مەنىۋى پەللە بولۇشى مۇمكىن.

«ئاخىرقى ئاقسۆڭەك» رومانى ئۇسلۇپ، دىت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن يېڭىچە بىر ئەدەبىي پەللە ياراتقان بولۇپ، ئۇ «قۇياش ئۆزى سۆزلەيدۇ»، «پەردە»، «ئالتۇن كان»، «قىزىل ئاسمان»، «يىغلىما ئىنسان» دەك نادىر كىتابلىرى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان قوش تىللىق تالانتلىق يازغۇچى غەيرەت ئاسىمگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلگۈسى. بىراق، ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكتىن قەتئىي نەزەر، كېيىنچە ئېيتىشقا بولۇدۇكى، بىزنىڭ بىر كىتابخان سۈپىتىدە روماندىن ئالغان پايدا ـ مەنپەئەتىمىز يازغۇچىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ...

**ئەنۋەر تاشتۆمۈر**

2001 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# 1

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى كىرىشى بىلەنلا، بۇ چەت شەھەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىيالايدىغان بولدى. لېكىن، شۇنىڭدىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەيلى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا بولسۇن، ياكى شەھەردىكى باشقا ئىشلار توغرىسىدا بولسۇن، بۇنداق يېڭى گەپ - سۆزلەرنى كۆككۆۋرۈكتىكى سوپى قۇلاقنىڭ سامسىخانىسىدىن ئاڭلىغىلى بولاتتى. چۈنكى، سوپى قۇلاق سامسىنى ناھايىتى ئوخشىتىپ ياقاتتى، شۇڭا مۇشۇ بازاردىكى قىزىقچىلار ھەم قۇلاق موللىلىرى مەيلى قورسىقى ئاچسۇن، ياكى گەپ ئاڭلاش ئۈچۈن بولسۇن، مۇشۇ سامسىخانىغا يىغىلاتتى، تۆت - بەش سامسا ئېلىپ قويۇپ، ئورۇننى گالۋاڭ قىلىپ گەپ سېتىپ ئولتۇراتتى. سوپى قۇلاقمۇ مۇشۇنداق قىزىقچىلارغا ئامراق ئىدى.

سوپى ئۇستامنىڭ سامسىخانىسى ئۆستەڭنىڭ بويىدىلا ئىدى. ئايرودرۇم تەرەپتىن گۈلدۈرلەپ ئېقىپ كېلىدىغان ئۆستەڭ سۈيى دەريا تەرەپكە قاراپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئاقاتتى. بۇ ئۆستەڭ شەھەردىكى باشقا ئۆستەڭلەردىن چوڭ ئىدى. سۈزۈك سۇ ئۆزىگە قارىغان ئادەمنىڭ بىريەرلىرىنى غىدىقلاپ قويۇپ ئالدىراپ ئېقىپ كېتەتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدا

ئادەمنىڭ قۇچقى يەتمەيدىغان چوڭ سۆگەتلەر بار ئىدى، ئەركەك سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى قىينىغا پاتماي، كۆك ئاسمانغا سانجىلىپ تۇرسا، چىشى سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى پەرى قىزلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدەك ئۆستەڭگە تەزىم قىلىپ تۇراتتى. شامالدا ئېگىلىپ تۇرغان سۆگەتنىڭ يېشىل تالللىرىنى سۇ بىر سۆيۈپ، بىر تاشلاپ قويۇپ ئارماندا قوياتتى. چۈنكى سۇنىڭ سۆگەت تالللىرى ئارقىلىق ئاسماندا، زېمىندا بولىۋاتقان ئىشلارنى بىلگىسى كېلەتتى. لېكىن، شۇ گۈزەل تاللاردىمۇ ئامال يوق ئىدى. شامال تاللارنى مەيلىگە قويۇۋەتمەيتتى، ھەر دائىم ئۇلارنى ئوينىتىپ تۇراتتى. سۇنىڭمۇ ئالدىراپ ئېقىپ كېتىشى ئۆزىنىڭ مەيلى ئەمەس ئىدى. مەيلى سۇ بولسۇن، مەيلى شامال بولسۇن، مەيلى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان ئاشۇ مۇھەببەتلىك تاللار بولسۇن، ئۇلارنى باشقا بىر ئۇلۇغ كۈچ تىزگىنلەيتتى. دېمەك، ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتمۇ بىر يەردە تۇرالمايتتى.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا سوپى ئۇستامنىڭ خېرىدار چاقىرغان روھلۇق، جاراڭلىق، ئۆزگىچە ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇيدىغانلار:

— خۇدايىم سوپى ئۇستامنى ئامان قىلغاي، سوپى ئۇستام ئامان بولسا سامسىسى ئوخشاۋېرىدۇ، سامسىسى ئوخشاپ تۇرسا ئەل ئامان دېگەن گەپ، — دېيىشەتتى.

سوپى ئۇستامنىڭ سامسىخانىسى پاكىز، رەتلىك ئىدى. ھەرقانداق ئادەم بۇ سامسىخانىنىڭ ئىچىگە كىرسە، بىرخىل ئازادىلىك، مېھرىبانلىق ھېس قىلاتتى. سامسىخانىنىڭ ئالدىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئۆستۈرۈلگەنىدى. بۇ گۈللەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئازادىلىك ئاتا قىلىپلا قالماستىن، خېرىدارلارنىمۇ جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

بۈگۈن چۈشتىمۇ سامسىخانىنىڭ ئىچىگە لىق ئادەم توشتى.

ئورۇنغا ئىگە بولالمىغان خېرىدارلار تونۇر بېشىدا تۇرۇپ سامسا يەيتتى، بەزىلىرى سامسىنى سومكىسىغا سېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. سامسا يەپ ئولتۇرغانلار ئەخەت قارىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى، ئۇ توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى، ئاغزى گەپتە بولغىنى بىلەن، قولىدىكى سامسىسىنىمۇ چىشلەشكە ئۈلگۈرەتتى، ھەربىر سامسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئادىتى بويىچە مايلىق قوللىرى بىلەن چىرايلىق بۇرۇتلىرىنى مايلاپ، توم بارماقلىرى بىلەن يۆگەپ قوياتتى.

— نېمە دەيمىز ئەمدى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا قاتناپ سودا قىلىۋاتىمىز ، دېگەن بىلەن تاپقان پايدىمىز چاغلىق، ئۇياقتا باج بەك ئېغىر، — دېدى ئەخەت قارى گېپىنى ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرىغا يۆتكەپ.

— ھېلىمۇ تىنىپ كەتتىڭ ئەخەت قارى، ئاڭلىسام، ئۇياقتىمۇ بىر خوتۇنۇڭ بار ئىكەن، شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ. يېيىشىڭ مۇشۇنداق ئېسىل سامسا، ئوينىشىڭ بېلىقتەك ئويناپ تۇرغان شوخ رۇس قىزلىرى، يەنە نېمەڭگە نېمەڭ يەتمەيدۇ؟ — دېدى سەمەت شاپتۇل قاقتى دېگەن بىر كىشى گەپكە ئارىلىشىپ.

— قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرساڭ، ساۋاب بولىدۇ ئاداش. مۇشۇ كۈندە ساۋابنىڭ تۈرلىرى جىق بولۇپ قالدى، ئوغۇل بالا دېگەن ئوڭ كەلتۈرۈپ، ئانچە - مۇنچە قىزلارنىڭ بېشىنى قايرىپ، بىر نېمىلەرنى قىلىپ تۇرغۇلۇق، بولمىسا قېرىغاندا چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەڭ ساراڭ بولۇپ قالىسەن! — دېدى ئەخەت قارى سەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەخەت قارى، قانچە بالاڭ بار؟ — دەپ سورىدى دېرىزىنىڭ قېشىدا جىلتا ئىچىۋاتقان سوپى گەپكە ئارىلىشىپ.

— خۇدايىم بەرگىنىنى دەمدىم، شەيتان بەرگىنىنى

دەمدىم؟ — دېدى ئەخمەت قارى چاقچاق قىلىپ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان خېرىدارلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كەتتى. سوپى ئۇستامۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا كۈلۈپ كەتتى.

— پەيزىڭ بار جۇمۇ ئەخمەت قارى، — دېدى سوپى قۇلاق ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بەرگىنىنىمۇ دە، شەيتان بەرگىنىنىمۇ دە، خۇدايىم بەرگىنى بولسىمۇ شەيتان بەرگىنى بولسىمۇ سېنىڭ بالاڭ - دە.

— بولىدۇ ئەمىسە، ھە، قېنى، ساناپ باقاي، ھە، 11 بالام بار ئىكەن. خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ئۇياقتىكى بالامنى يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەكىلىۋالىمەن! — دېدى ئەخمەت قارى.

— پەيزىڭ بار ئاداش، سەن بولساڭمۇ ياشا. بايام ئۇياقتا باج ئېغىر دېدىڭ، راست دەيسەن، يېقىندىن بېرى مەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئاغزىدىنمۇ مۇشۇنداق گەپ ئاڭلىدىم. قىزىق ئىشكەن بۇ، رۇسلار بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ سودا قىلسا باج تۆلىمەيدىكەن، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇياققا ئۆتۈپ سودا قىلسا باج تۆلەيدىكەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر نېمە دېيىشمەمدىكىن ئۇ خەق بىلەن؟ — دېدى سوپى.

— مېنىڭ قاينايدىغان يېرىممۇ شۇ ئەمەسمۇ ئاداش، بىزنى بوزەك قىلغاندەكلا بىر ئىش - دە، بۇ! مەن ئاشۇ ياققا چىقىپ - كىرىپ تىجارەت قىلىپ يۈرگىنى ئون يىلدىن ئاشتى، ھەممە ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ئۇلاردىن باج ئالمايدۇ، ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرى بەك بېيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرى ئاساسەن بىزدىن خام مال ئېلىپ، رۇسىيىگە ئاچىقىپ، ئۇيەردە پىششىقلاپ ئىشلەپ، قايتا بىزگە كىرگۈزۈپ پۇل قىلىدۇ. كاللىسى بەك ئىشلەيدىغان خەق ئىكەن ئۇلار. بىزدىن

ئالىدىغىنى تېرە، يۇڭ، پاختا، يىپەك، قۇرۇق ئۈزۈم، خام تاماكا، ئات، قوي، مېيى، قوي، ئۇلار مۇشۇ نەرسىلەردىن گەزمال، قەنت، پاختا يىپ، گىلزە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەپ، بىزگە كىرگۈزۈپ سېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سانائىتى بىزنىڭكىدىن ئىلغار ئىكەن، ھەممىنى ئوخشىتىدىغان نەرسە ھۈنەر ئىكەن، ھۈنەر بولسا بىر پۇلنى ئىككى قىلغىلى بولىدىكەن، ھۈنىرىڭ بولمىسا خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىكەنسەن. ئەگەر ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇ خەق بىزنى خورىتىدۇ! «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا» دېگەن شۇ ئاداش! — دېدى ئەخەت قارى ھەسرەت چېكىپ.

— راست دەيسەن ئاداش، ئۇ خەق بىزدىن كۈچلۈك ئىكەن. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. خوش، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، ھە، بازاردا قانداق يېڭى گەپ ـ سۆزلەر بولىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سوپى ئۇستام جىلتا ئاچقاچ.

— بۇ گېپىڭگە قارىغاندا، ئەتىگەن مەسچىتكە چىقماپسەن ـ دە؟ — دەپ سورىدى ئەخەت قارى.

— شۇنداق، مەسچىتكە ئۈلگۈرەلمىدىم، نامازنى ئۆيدە ئوقۇدۇم.

— شۇڭا ئاڭلىماپسەن ـ دە! جامائەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ: مالىك ئاقسۆڭەك سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ، يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، بىر نەچچە كۈنلۈكى قالغان ئوخشايدۇ،— دېدى ئەخەت قارى.

سوپى ئۇستامنىڭ شاگىرتى سۇلتان تونۇر بېشىدا ئۆيدىكى پاراڭغا قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا دۇكانغا كىرىپ، ئۇستىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى، سوپىمۇ تەبئىي ھالدا دىققەت قىلىپ شاگىرتىغا قارىدى ـ دە، بوش ئاۋازدا:

— بۈگۈن دۇكاننى بالدۇرراق يىغىشتۇرايلى! — دېدى.

— مانا، مۇشۇنچىلىكلا جاھان بۇ! — دېدى سەمەت قولىدىكى سامسىنى تەخسىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ،— مالىك ئاقسۆڭەك مۇشۇ شەھەردە قېنىغا پاتماي قالغانىدى، ئاغرىپ يېتىپ قالمايدىغاندەك، ئۆلمەيدىغاندەك قىلىپ كېتىۋاتاتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپتۇ. مۇشۇنچىلىك جاھان بۇ، قىلىۋالغاننى، ئىتتىۋالغاننى كۆتۈرمەيدىغان جاھان بۇ! دادىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى دەسمى قىلىپ كۆرەڭلىگىننى بىكار ئۇنىڭ، ئوغۇل بالا بولسا ئەخەت قارىغا ئوخشاش ئۆزى پۇل تېپىپ ياشىسۇن، شۇنداقمۇ سوپى قۇلاق؟ !

— شۇنداق، شۇنداق، ئىنسان بالىسىغا چوڭچىلىق ياراشمايدۇ، خۇدالىق ئالەم بۇ،— دېدى سوپى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى باشقا يەردە ئىدى، پىكرى بىردىنلا چېچىلىپ كەتتى.

چۇشلۇك بازار سەل بېسىققاندىن كېيىن، سوپى ئۇستامنىڭ شاگىرتى سۇلتان چاققانلىق بىلەن دۇكاننى يىغىشقا كىرىشتى. ئادەتتە سوپى ئۇستاممۇ دۇكان يىغىشتۇرۇشقا ياردەملىشەتتى، بۈگۈن ئۇ ئىشنى شاگىرتلىرىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى. سۇزۇك سۇ ئۆگەي خوتۇننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش لاپ - لاپ قىلىپ قويۇپ، دەريا تەرەپكە قاراپ ئېقىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئۇ قېتىدا تاڭگا ساتىدىغان بوۋاينىڭ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا دۇخۇروتكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. سوپى بېشىنى كۆتۈردى. تۆت خادىك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەريا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى، خادىكنىڭ ئۇستىدىكى رۇس يىگىتلىرى ھەدەپ دۇخۇروتكا چالاتتى، بەكمۇ ئوماق رۇس قىزلىرى ھېلى تېخى جەننەتتىن ئېزىپ چىقىپ قالغان پەرىلەرگە ئوخشاش پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. سوپى ئۇستامنىڭ كۆزى خادىكتا، لېكىن خىيالى باشقا يەردە ئىدى.

— دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ بولدۇم ئۇستام، — دېدى سۇلتان ئۇستىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— كەل، بىردەم ئارام ئېلىۋال.

سۇلتان ئۇستىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بەكمۇ دىققەتتە ئىدى.

— چۈشتە دۇكاندا بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىڭمۇ ـ ھە؟ — دېدى سوپى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ.

— ئاڭلىدىم، — دېدى سۇلتان كۆزلىرىنى ئۇستىسىدىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇپ.

— ئەمدى ۋاقىت يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. ئەتە مالىك ئاقسۆڭەك بىلەن كۆرۈش، ھېلىقى ئۈزۈكىڭنى مەن كەچتە ئۆيدىن ئېلىپ بېرەي، ئۇنى مالىك ئاقسۆڭەككە كۆرسەت. كەچتە قۇدۇق مەھەللىدىكى پار مۇنچىغا چۈشۈۋال، پاك بول، چېچىڭنى ياسىتىۋال، پاكىز كىيىملىرىڭنى تەييارلاپ قوي. ئەتە سەھەردە ئىككىمىز مەسچىتكە بارىمىز؟ نامازدىن كېيىن مەن باللار بىلەن دۇكاننى ئېچىپ تۇراي، سەن مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆيىگە بارغىن، گېپىڭنى ئوڭشاپ قىل، جانلىق سۆزلە، ھەر بىر ئېغىز گەپنى مەن دېگەندەك سۆزلە، قالغان ئىشنى پېشانەڭدىن كۆر!

— ماقۇل ئۇستام، — دېدى سۇلتان كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

## 2

مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆيى ئالتە شوئار مەھەللىسىدە ئىدى. ئۇنىڭ قورۇسىنىڭ چوڭلۇقى ئون مودىن ئاشاتتى، ئۆي

قورۇنىڭ بىرنەچچە يەرلىرىگە سىلىنغانىدى. بالىلار ياتىدىغان ئۆي بىلەن ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆي ئايرىم ـ ئايرىم يەردە ئىدى. گۈزەل بىغىدا ھەممە مېۋە بار ئىدى. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ئۈنىڭ قورۇسى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى.

سۇلتان ئۇستىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سەھەردە مەسچىتتىن چىقىپ مالىكىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقىنى چالدۇرىدىغان مىس ھالقىنى ئايلاندۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلدى، مەھەللىدىكىلەر تەلئەت مەدىكار دەپ ئاتايدىغان، مالىكىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ خىزمەت قىلىدىغان قىرىق ياشتىن ئاشقان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ھە، سۇلتانكەنغۇ بۇ، بۇياققا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇغۇ ئۇكام؟ — دېدى تەلئەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاڭلىسام مالىككامنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن، يوقلاپ كەلگەنىدىم، ئەختەمكام بارمىكىن؟

— بار، مەن چاقىراي، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تەلئەت مالىكىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەختەمنى باشلاپ چىقتى.

— ئۆيگە كىرمەمسەنغۇ ئۇكام، ئۆيگە كىر، — دېدى ئەختەم سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ.

— مالىككامنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىنى بىلمەپتىمەن، — دېدى سۇلتان.

— رەھمەت ئۇكام، ئۆيگە كىرگىن.

سۇلتان ئەختەمگە ئەگىشىپ مېڭىپ ئۆينىڭ ئالدىغا بارغاندا، تەلئەت ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى.

سۇلتان ئەختەمگە ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. مالىك كەڭ، كۆركەم، پارقىراپ تۇرىدىغان مىس كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ ئوسال ئىدى. كارىۋاتنىڭ بىر

چېتىدە مالىكنىڭ ياشانغان ئايالى، يەنە بىر چېتىدە ئۇنىڭ ئىككىنچى قىزى تۇراتتى. سۇلتان سالام قىلىپ، كارىۋاتنىڭ قېشىغا باردى. مالىكنىڭ قىزى دادىسىغا بوش ئاۋازدا:

— دادا، مېھمان كەلدى، — دېدى.

مالىك ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نۇر دېگەن نەرسە قالمىغانىدى، كۆزلىرىنىڭ ئېقى ئەخلەتكە ئارىلىشىپ كەتكەن كۆلدەك سەت ئىدى. ئۇ ئارانلا گەپ قىلالاتتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى بولۇپ قالىسىز مالىك ئاكا، — سۇلتان مالىكنىڭ كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدىكى قولىنى ئاستا تۇتتى.

مالىكنىڭ ياشانغان ئايالى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەختەم ئاپىسىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئەختەم، بۇ، بۇ، بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مالىك كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ.

— سۇلتان، ئۇستا سامسىپەز، سوپى قۇلاقنىڭ شاگىرتى.

— ھە، مۇنداق دە، مەن، مەن سوپى قۇلاقتىن ئاڭلىغان، سۇلتان دېگەن بالا مۇشۇ ئىكەن ـ دە؟ ياخشى، رەھمەت بالام، سالامەت، بولغىن... — دېدى مالىك كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ.

— سىزگە بىر نەرسىنى كۆرسىتەي، دېگەنىدىم مالىك ئاكا، — دېدى سۇلتان.

— ھە، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى بالام؟ ...

— سىزگە كۆرسىتىدىغان بىر ئۈزۈك بار ئىدى، — سۇلتان ئۈزۈكنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، مالىك ئاقسۆڭەككە ئىككى قوللاپ سۇندى.

مالىك ئۈزۈكنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، كۆزلىرى چەكچەيدى. ئەختەم دادىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقاپ، بوينىنى سوزۇپ دادىسىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە قارىدى. ئۇ

ئۈزۈكتىكى «مالىك» دېگەن خەتنى كۆردى.
— سەن، سەن بۇ ئۈزۈكنى نەدىن تاپتىڭ، سەن كىم، كىم بولىسەن؟! — دېدى مالىك تىترەپ تۇرۇپ.
— مەن مەلىكەمنىڭ بالىسى بولىمەن!
— نېمە، مەلىكەم؟ قايسى مەلىكەم ئۇ؟!
— ئۆز ۋاقتىدا قاسىم تاز، دېگەن باينىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان مەلىكەمنىڭ بالىسى بولىمەن.
— ئاپاڭ هازىر قەيەردە؟
— ئۆز ۋاقتىدا قاسىمباي بىلەن سەۋەتكە ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، هازىرمۇ ئاشۇ ياقتا.
— سەن، سەن، نەدە، نەدە چوڭ بولدۇڭ؟ — دېدى مالىك تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.
— مەن ئون ئۈچ ياشقىچە بۆلۈكەي يېزىسىدا چوڭ بولدۇم، ئون ئۈچ ياشقا كىرگىنىمدە تۇغقانلار مېنى هازىرقى ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەرگەنىدى، مۇشۇ كۈنگىچە ئۇستام بېشىمنى سىلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتان.
— سەن، سەن زادى كىم بولىسەن؟! — دېدى مالىك جان ـ جەهلى بىلەن ۋارقىراپ.
— مەن سىزنىڭ بالىڭىز بولىمەن دادا...
مالىك ئاقسۆڭەك بۇ گەپنى ئاڭلاپ هوشىدىن كەتتى. ئەختەم دادىسىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە قارىدى. سۇلتان شۇ دەقىقىدە چاققانلىق قىلىپ مالىكنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىۋالدى.
ئۆينىڭ ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى. ئەختەم بىلەن سىڭلىسى هوشىدىن كەتكەن دادىسى بىلەن كارى يوق، پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۇلتانغا قاراپلا قالدى.
— هەي هارامى، سەن نېمە دەۋاتىسەن؟! — ئەختەم بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى.

— ئەختەم ئاكا، دادام بولالمايۋاتىدۇ، مەن دورىسىنى ئىچكۈزۈپ تۇراي، سىز بېرىپ تىۋىپ چاقىرىپ كېلىڭ! — دېدى ئەختەمنىڭ سىڭلىسى جىددىيلىشىپ.
— كۆزۈمدىن يوقال، ھارامدىن بولغان ماڭقا! — ئەختەم كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تۇرغان سۇلتاننى تىللاپ، مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.
سۇلتان مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. ئىتتىك مېڭىپ سامىسخانىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى ئۈستىسىغا سۆزلەپ بەردى.
— ھە، مۇنداق دە، — دېدى ئۈستىسى قولىدىكى تاماكىسىنى تازا بىر شوراپ، — بىزنىڭ بۇ پىلانىمىز ئەپلەشمىدى، دېگەن گەپ، ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، سېنى بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا دادىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياركەنمەن. مەن بۇ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۇ-رۈۋېتىپتىمەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بالامكەن، دەپ بېشىڭنى سىلا، دەپ ئويلاپتىمەنكەن، كىم بىلسۇن ئۇ نوچىنىڭ ھوشىدىن كېتىدىغانلىقىنى! ھەي، ئەختەم ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلماپتۇ، بالىلىرىنىڭ ئىچىدە تۈزۈكرەكى شۇ ئىدى، قارىغاندا ئۇمۇ بىر تەتۈر نەرسە ئوخشايدۇ.
— ئەمدى قانداق قىلىمەن ئۇستام؟
— قانداق قىلاتتىڭ، ئىش چاتاق ئۇكا. بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ساڭا دۇكان ئايرىپ بېرەي، تويۇڭنى قىلىپ، بېشىڭنى ئوڭلاپ قوياي. دادام، پادام دەپ قايغۇرۇپ يۈرمەي، جېنىڭنى جان ئەت! — دېدى سوپى ئۇستام.
— مەن ئەتە دادامنىڭ قېشىغا يەنە بىر كىرەيمىكىن دەيمەن. ئەسلىدە مەنمۇ ئاشۇ قورۇدا ئەختەمكاملار قاتارىدا ياشىسام بولاتتى، مېنىڭمۇ ئاشۇ ئۆيدە ھەققىم بار ئەمەسمۇ ئۇستام؟ — دېدى سۇلتان ھاياجانلانغاندەك بولۇپ.

— ئەمدى بولدى قىل ئوكام، ئەختەمنىڭ سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئىشىمىزدىن نان چىقىدىغاندەك ئەمەس. «كەلمىگەن نەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەن شۇ، ئەمدى سەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەت! — دېدى سوپى موخوركىسىنى كەينى - كەينىدىن شوراپ.

— مەن بۇنداق ياشىسام بولمايدۇ ئۇستام، مەن ئاشۇ ئائىلىنىڭ بالىسى، مېنىڭ ئۇ ئائىلىدە ھەققىم بار. . .

— يەنە جاھىللىقىڭ تۇتتۇاتىدۇ - ھە، ئەمدى بولدى قىل. ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق چىگىش بولمايدىغان، رىزقىڭنى خۇدايىم بېرىدۇ. مەن بار، جامائەت بار، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا گۈلدەك ياشايسەن، — دېدى ئۇستىسى سۇلتانغا نەسىھەت قىلىپ.

سۇلتان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. چۈش بولمايلا دۇكاننى خېرىدار باستى. ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولغىنى بىلەن كۆڭلى يەنىلا دادىسىدا ئىدى.

— ئۆزۈكنى ئېلىۋالدىم، دېدىڭ - ھە؟ — دېدى ئۇستىسى سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ئېلىۋالدىم ئۇستام.

— ياخشى قىلىپسەن، خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قوي، شۇ بىر تال ئۆزۈك بولسىمۇ داداڭدىن قالغان مۇلۈك ئورنىدا ساقلىنىپ قالسۇن! — دېدى سوپى ئۇستام.

## 3

ئەتىسى سەھەردە سوپى سۇلتاننى ئەگەشتۈرۈپ مەسچىتكە نامازغا چىقتى. جامائەت نامازنى ئوقۇپ، مەسچىتتىن

چىقىۋاتقاندا، مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. جامائەت مالىكنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. سوپى ئۇستامۇ سۇلتان بىلەن جامائەت قاتارىدا مالىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پەتە ئوقۇپ چىقتى.

مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەختەم سۇلتاننى ئۆيىگە چاقىرىتتى. ئۇنىڭ سۇلتان ئېيتقان ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلگۈسى بار ئىدى.

كەچتە، سۇلتان ئەختەمنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى، تەلئەت ئۇنىڭغا دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى كۈلكە يوق ئىدى.

— ھە، ئاداش، يەنە تېنەپ يۈردۈڭلىما؟ — دېدى تەلئەت ئۇنىڭغا ئالىيىپ.

— مەن مۇشۇ كۈنگىچە تېخى تېنەپ باقمىدىم تەلئەتكا، ئەگەر تىنەپ قالغان بولسام، ساڭا ئوخشاش كىشىنىڭ ئۆيىدە مەدىكارلىق قىلىپ يۈرگەن بولاتتىم! — دېدى سۇلتان بوش كەلمەي.

تەلئەتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى:

— ساڭا خېلى ھال كىرىپ قاپتىغۇ، گۇرۇلدەيدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ، سوپى قۇلاقتىن ئاشقان - تاشقاننى يەپ چوڭ بولغىنىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ كەتتىما؟ تېخى مېنى مەدىكار دەيسەنغۇ، مەن مەدىكار بولسامۇ ئىشلەپ يەيمەن، ساڭا ئوخشاش تەخسە يالاپ چوڭ بولغىنىم يوق!

دەل شۇ ۋاقىتتا ئەختەم ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.

— سەن سۇلتان، كۆرگەنلا ئادەم بىلەن جېدەللىشىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ، قانداق؟ سەن تېخى بالا، تەلئەت ئاكاڭ بىلەن تاكاللاشما! يۈر، ئۆيگە كىرىمىز.

سۇلتان تەلئەتكە بىر ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ئەختەمگە

ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەختەمنىڭ ئايالى مەريەم سۇلتاننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، چاي قۇيدى. ئەختەم ئۇنى چايغا زورلىدى، بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەختەم گېپىنى باشلىدى:

— ھە، سۇلتان، مۇشۇ كۇنلەردە ئاچچىقىڭ بەك يامان بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ، گەپ - سۆزۈڭ بولسا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دېيىشىڭ كېرەك - دە! — ئەختەم بىردىنلا سەمىمى بولۇپ كەتتى، مۇشۇنداق يۇمشاق گەپ - سۆزلەر بىلەن سۇلتاننى ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى ئىدى، لېكىن سۇلتان ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى.

— مېنىڭ ئاچچىقىم يامان بولامدۇ، بولمامدۇ، ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئەختەم ئاكا. ماڭا تەربىيە بېرىدىغان ئادەمنىڭ بىرسى سەۋەتتە، بىرسى ئۆلدى. خوش، مېنى نېمىگە چاقىرتقانتىڭ؟ — دېدى سۇلتان ئەختەمگە قوپال تېگىپ.

— ۋاھ، مانا، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ - دە! ھېلىقى كۇنى دادام سەكراتتا ياتقاندا بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ سۆزلەپ، بىزنى قالايمىقان قىلىپ قويۇپ كەتتىڭ ئۇكام، شۇ كۇنكى ئىشىڭ ياخشى بولمىدى، ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك ئىش قىلدىڭ، ھەرقانداق گېپىڭ بولسا ماڭا ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ مەن ئۆزۈم بىرتەرەپ قىلىمەن ئەمەسمۇ؟ كەتكەن ئىش كەتتى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ھېلىمۇ ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا ماڭا ئېيت!

سۇلتان ئەختەمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقتى. ئۇ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ گېپىنى باشلىدى.

— دەيدىغان گەپنى شۇ كۇنى دېدىم ئەختەم ئاكا، ئەسلى مېنىڭ ئىشىم بەكمۇ ئاددىي بىر ئىش ئىدى، دادام بىرتەرەپ

قىلالىماي ئالەمدىن ئۆتتى، سەن قانداق بىرتەرەپ قىلالايسەن؟ — دېدى سۇلتان.

ئەختەم سۇلتاننىڭ قورسىقىدىكى گەپلەرنى بىلگۈسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

— ھە بوپتۇ، سېنى ئۇكامموۇ دەپ تۇراي، سېنىڭ نېمە پاكىتىڭ بار؟

سۇلتان ئەختەمنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئەختەممۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى. سۇلتان تەمكىنلىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاشۇ كۇنى ئۇزۇكنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇزۇكنى مالىك دادام ئاپامغا قالدۇرغانىكەن، ئاپام ئۇنى تۇغقانلار ئارقىلىق ماڭا قالدۇرۇپتىكەن، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ پاكىت بولامدۇ؟ ئەگەر ئىش مەن دېگەندەك بولمىغان بولسا، دادام شۇ كۇنى مېنى كۆرگەندە ھوشىدىن كەتمىگەن بولاتتى، — دېدى سۇلتان ئەختەمگە قاراپ تۇرۇپ.

— دادام رەھمەتلىكنىڭ شۇ كۇنى جىددىيلەشكىنىنى سەن دېگەندەك چۈشەنسەك بولمايدۇ. سەن ھازىر رەمچىدەك سۆزلەپ كېتىۋاتىسەن، سەن بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ ساڭا بۇ گەپلەرنى كىم ئۆگەتتى؟ — دېدى ئەختەم.

— مەن ساڭا راست گەپ قىلىۋاتىمەن ئەختەم ئاكا، ئىشەنسەڭ مانا، ئىشەنمىسەڭ يەنە ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. مېنىمۇ ئاۋارە قىلما، مەن بېرىپ ئىشىمنى قىلاي. ئاخىرقى ھېسابتا ماڭا يەنە سۇپى ئۇستام ئەسقاتىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سېنى ئاشۇ سوپى قولاق قوترىتىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، سەن ماڭا راست گەپ قىل ئۇكام، مەن سېنى ياخشى رازى قىلىمەن! — دېدى ئەختەم كۇلۇپ تۇرۇپ.

— مەن ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان، دادامنىڭ

ئالتۇن ئۇزۇكنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى سۇلتان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇزۇك دېگەننى زەگەر ياسايدۇ، بۇ شەھەردە مالىك ئىسىملىك ئادەم ئازمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن سەن رەھمەتلىك دادامنى مېنىڭمۇ دادام دەۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ ئەقىلگە سىغقۇدەك گەپ قىلمامسەن؟

— سەن ئۇزۇككە شەك كەلتۈرمە ئەختەم ئاكا، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ. خۇدالىق ئالەم بۇ، ئۇزۇكنى سەن تونىمىغان بىلەن تونۇيدىغان ئادەم بار. مەسىلەن، ئۇنى ئاپىمىز تونۇيدۇ، بۇ ئۇزۇك جىنىمۇ، جامۇ، ئاپىمىز كۆرۈپلا ئايرىيالايدۇ، — دېدى سۇلتان ھاياجانلانغاندەك بولۇپ.

سۇلتانىنىڭ بۇ گېپى ئەختەمگە بەكمۇ خۇش ياقتى، ئۇ ئىچىدە سۇلتاننى مۇشۇنداق گەپ قىلىسكەن، دەپ ئۇمىد قىلغانىدى. ئەختەم سۇلتانىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قايىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئەگەر ئۇ بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلسا، مەھەللىدە سۆز - چۆچەك كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن سەتچىلىك بولاتتى. شۇڭا ئۇ سۇلتاننى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇزۇكنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغانىدى.

— ئەمسە، ئۇزۇكنى ماڭا بەرگىن، مەن ئاپامغا كۆرسىتەي، ھەممە ئىشنى ئاپام بەلگىلەيدۇ، يا سەن يالغانچى بولىسەن، يا مەن لەت بولىمەن، قانداق؟ — دېدى ئەختەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن ئۇزۇكنى ئەتە ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى سۇلتان.

— ئەسلىدە سەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇرۇنلا ماڭا ئېيتقان بولساڭ، بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم توغرىلايتتىم ئەمەسمۇ، — دېدى ئەختەم ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن بولۇپ.

— مەن ساڭا ئىشىنىپ كەتمەيمەن ئاكا. ئاشۇ كۈنى مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتىڭ، ئەگەر سەندە بۇنداق ياخشى نىيەت بولغان بولسا، ماڭا ئۇنداق قوپاللىق قىلمىغان بولاتتىڭ. ئەسلىدە مەن دادام سالامەت يۈرگەن كۈنلەردە بۇ ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەي، دېگەنىدىم، ئۇستام ئۇنىمىدى. «داداڭ يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم، مالىڭ ئاقسۆڭەك دېسە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا كۆرسەتسەڭ، بىرى، داداڭنى خىجالەت قىلىپ قويىسەن، ئىككىنچىدىن، بۇ ئىش كوچىغا چىقىپ كەتسە داداڭنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئىشقا ئالدىرىمايلى، سەۋر قىلايلى، پەيت كۈتەيلى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بۇ گەپنى چىقارساق، ئۇ توۋا قىلىپ ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ بولسىمۇ بېشىڭنى سىلاپ، سېنى ئېتىراپ قىلىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا مەن بۇ ئىشنى مۇشۇ كۈنگىچە دادامغا ئېيتماي كەلگەنىدىم.

— ھە، مۇنداق دە، مۇنداق دە! ساڭا ئۇستاڭ يول كۆرسىتىپتىكەن - دە، مۇنداق گەپكەن - دە، ئەسلى بۇ. ياخشى، ئەمىسە سېنىڭ ئاپاڭ كىم بولىدۇ؟

— شۇ كۈنى دېدىمغۇ، ئاپامنىڭ ئېتى مەلىكەم، ھازىر سەۋىيت ئىتتىپاقىدا. مەن ساڭا قورسىقىمدىكى گەپنى دەي ئەختەم ئاكا، دادام بولسا ئالەمدىن ئۆتتى، ئاپام تەقدىرنىڭ ئارغامچىسىغا يۆگۈلۈپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتىكەن. شۇڭا مەن دادامدىن مىراس ئېلىشىم كېرەك، مەن چوڭ بولدۇم، ئۆيلىنىشىم كېرەك. ئەگەر ماڭا ھەقىقىي كۆيۈنمەن دېسەڭ، ماڭا تېگىشلىك مىراسنى بەرگىن، مەن مۇشۇ قورۇدا سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردا ياشايمەن! — دېدى سۇلتان روھلانغان ھالدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەختەم تاتلىقىنە كۈلدى. ئۇ ئىچىدە كۈلگىنى بىلەن، ئىچىدە سۇلتاننى يەۋەتكۈدەك بولۇپ

كېتىۋاتاتتى. ئۇ چاندۇرماي سۇلتانغا چىشىنىڭ ئىقىنى چىقىرىپ:
— ئۇزۇن يىل سەۋر قىلىپسەن ئۇكام، يېنە سەۋر قىل. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن دادامنىڭ بالىسى بولساڭ، ھامان مەقسىتىڭگە يېتىسەن. بىرى، ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئىككىنچىسى، ماڭا ئىشەن. ئەمدىكى گەپ، سەن ئەتە ھېلىقى دادامنىڭ ئۇزۇكى دېگەن ئۇزۇكنى ماڭا ئەكېلىپ بەر، مەن ئۇنى ئاپامغا كۆرسىتەي ـ دە، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلەي، شۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىش ئاسان بولىدۇ. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن دادامدىن بولغان بالا بولساڭ، بۇ ئىش بىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئىش سەن دېگەندەك بولسا، جەمەتىمىزگە بىر ئورۇق قوشۇلدى، دېگەن گەپ. بىر ئەر دېگەن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈز ئەر بولىدۇ، يۈز ئەر مىڭ ئەر بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىشنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن؟ ئەمما، سەن دەۋاتقان بۇ ئىش ھەقىقەتەن راست بولۇشى كېرەك! — دېدى ئەختەم سەممىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.
بۇ گەپلەر سۇلتانغا بەكمۇ يېقىپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسى، كۆزلىرى بىردىنلا پارقىراپ كەتتى:
— ماڭا ئىشەن ئەختەم ئاكا، مەن ئەتە دادامنىڭ ئاشۇ ئۇزۇكىنى ساڭا ئەكېلىپ بېرىمەن، سەن ئاپىمىزغا كۆرسەت. مەن ئەقلىمگە كېلىپ يالغان سۆزلىگەن ئادەم ئەمەس، — دېدى سۇلتان خۇشال بولۇپ.
— خۇدايىم بۇيرۇسا ھەممە ئىش سەن دېگەندەك بولىدۇ ئۇكام، — دېدى ئەختەم.
ئۇلار بىردىنلا چىقىشىپ كەتتى. سۇلتان ئەختەم بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. ئەختەم ئۇنى ئۇزىتىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە چىقتى. تەلئەت ئۇلارغا دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى.
— خوش ئەمىسە ئەختەم ئاكا، ئەتە كېلىمەن. ھە،

تەلئەتكا، كەچتە دۇكان تەرەپكە بىرىپ سامسا يەپ كەلگىن، ساڭا ئاتاپ قىيما قىلىپ قويىمەن، بىرىشىڭغىلا ئوخشىتىپ سامسا يىقىپ بىرىمەن، — دىدى سۇلتان خۇشخۇي هالدا.

تەلئەت روهلۇق سۆزلەۋاتقان سۇلتاننىڭ گىپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا دەيدىغان گىپىنى تاپالماي قالدى. سۇلتان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كەتتى، ئەختەممۇ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. تەلئەت: «سۇلتان دىگەن يۇندىپۇرۇشنى دەيمىنا، بايام تىخى چىرايىنى خوتۇننى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سەتلەشتۇرۇپ كىرىپ كىتىۋاتاتتى، بىردەمدىلا ئامبالدەك هىجىيىپ چىقىپتۇ يا؟ » دەپ ئويلاپ قالدى.

سۇلتان دۇكانغا كىلىپ ئۇستىسى بىلەن كۆرۈشتى.

دۇكاننىڭ ئىچىدە ئادەم جىق ئىدى. ئۇلار ئۆستەڭ بويىغا بىرىپ چىملىقتا ئولتۇردى.

— هە، مۇنداق دە، ئەختەم ئاقسۆڭەك ئۆزىچە سىنى ئوينىتىپ بىقىپتۇ ـ دە. ئۇزۇكنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ بولمايدۇ، كىيىن ئۇنىڭدىن هەرگىز ئالالمايسەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇ ئۇزۇكنى قولغا چۈشۈرۈۋىلىش، ئۇ بۇ ئىش يىپىلىپ كىتىپ سەتچىلىككە قىلىشتىن ئەنسىرەۋاتقان گەپ، شۇڭا ئۇزۇكنى ئىلىۋىلىپ، ئاغزىڭنى ياپماقچى،— دىدى سوپى موخوركىسىنى چەككەچ.

سۇلتان ئۇستىسىغا قارىدى:

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— مىنىڭچە، بۇ ئىشنى بولدى قىلساق ئۇكام، بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەسلىدە مەن بۇ ئىشنى باشقىچىراق ئويلىغان، ئادەم ياشانغانسىرى كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ كىتىدۇ، كەينىگە سۆرەپراق، يەنى داداڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى دىسەڭ ئىش ئوڭغا تارتامدىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەهۋالدىن قارىغاندا، ئىش مەن ئويلىغاندەك

بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى بۇ ئىشنى بولدى قىلايلى، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چىڭ ساقلا، بىر ۋاقىتى كەلگەندە بۇ ئۆزۈك سېنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىرى، ئۇ داداڭدىن ساڭا قالغان بىردىنبىر مۈلۈك، مىراس. ئۆزۈكنى ھېچقانداق ئادەمگە تۇتقۇزما. ئەمدى بۇ جېدەلنى قويايلى. بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىردىڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن سېنى ئۆيلەپ قويىمەن. ئەمدى جىم يۈرۈپ ئوقۇشىمىزنى قىلايلى ئوكام.

— جىڭساجۇيگە ئەرز قىلىپ باقايمۇ يا؟ — دېدى سۇلتان چىملىقنىڭ ئىچىدىن بىر تال كىچىك گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئوكام، ئاشۇ ھارامزادىلەر سېنىڭ داداڭغا يېتەتتىمۇ؟ توۋا دە، ئۇ گۇيلار پۇلى بار ئادەملەرنى قوغدايدۇ، «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ» دېگەن گەپ راست ھازىر. ئۇنداق ئويلاردا بولما. بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قانداق ئىش قىلماقچى بولساڭ، ياكى ھەرقانداق ئوي - خىيالدا بولساڭ، ماڭا دە، ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ئۆزۈڭگە چىڭ بول، — دېدى سوپى ئۇستام ئۇنىڭ ئەرز قىلىش خىيالىنى توغرا تاپماي.

— ماقۇل ئەمسە ئۇستام، — سۇلتان ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئاغزىدا ماقۇل دېگىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن نارازىلىق نۇرلىرى يېغىپ تۇراتتى.

سوپى ئۇستامنىڭ ئەسلىدە ئۇنىڭغا يەنە بىرنېمە دېگۈسى يوق ئىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ قايغۇرۇپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، يەنە گەپ قىلغۇسى كېلىپ قالدى.

— جاڭ - جاڭ گەپ قىلمايسەنغۇ، بۇ ئىشنى ئەمدى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، بىر ئادەم كەچكىچە بىر ئىشنى ئويلاپ يۈرسە ياخشى بولمايدۇ. مەن بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، ئۆز

ۋاقتىدا ئاپاڭ ئاشۇ ئۇزۇكنى ئۆزى ئېلىپ كەتسىمۇ بولغانىكەن! مۇشۇ كۈنلەردە بەزى ئىشلارنى بىلىپ ياشىغاندىن بىلمەي ياشىغان ياخشى ئوكام، — دېدى سوپى ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ.

سوپى دۇكانغا قاراپ ماڭدى. سۇلتانمۇ ئۇستىسىغا ئەگىشىپ دۇكانغا كىرىپ كەتتى.

## 4

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەختەم مەيدىسىنى كېرىپ مېڭىپ سوپى ئۇستامنىڭ سامسىخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئەختەم ئادىتى بويىچە تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى، سوپى خۇشخۇي هالدا ئۇنىڭ ئالدىدىكى جوزىنى سۈرتۈپ ئوڭشاپ، ئۆز قولى بىلەن چاي دەملەپ، ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— خۇش كەپسىز، چاي ئىچىڭ ئەختەم. مانا بۇ سەۋەتنىڭ ناۋتى، ئاجايىپ سەرخىل ناۋات، سىزدىن باشقا ئادەم بولسا ناۋات كەلتۈرمەيمىز دەڭە. بۈگۈن پاقلاننىڭ گۆشىدە تەييارلىق قىلغان، سىز كەلگەندىن كېيىن تونۇر بېشىغا ئۆزۈم ئۆتىمەن - دە. سامسىنى ئوخشىتىپ قويىمەن، هوزۇرلىنىپ بىر يەۋېلىڭ. ئۇزۇن بولدى، كەلمىدىڭىز، بىزمۇ مالىڭ ئاكىنىڭ نەزىرىسىدىن كېيىن ئۆيۈڭلارغا پەتە قىلىپ بارالمىدۇق. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆزۈم قول بالىسى قىلىپ سامسا يېقىپ ئاپىرىپ، هەدەمنى يوقلايمەن. قېنى، چاي ئىچىڭ! — دېدى سوپى ئۇستام. ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەختەمنىڭ بوتلىنىپ ئولتۇرغىنىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ۋاھ، سوپى قۇلاق، ئارتىسلاردەك سۆزلەپ كەتتىڭغۇ؟ ھەممە ئىشنى قاملاشتۇرغۇڭ بار ـ ھە، سېنىڭ. قارا سېنى، ئادەمنى پۇل ئادەم قىلىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن جۇمۇ. مۇشۇ كۇنلەردە قورسىقىڭ تويۇپ قىلىۋېدى، كۆزۈڭگە ماي توشۇپ قالدى. شۇڭا گەپلىرىڭمۇ چىرايلىق چىقىۋاتىدۇ ـ دە، سېنىڭ چىرايىڭمۇ ئوخشىغان سامسىدەك پارقىراپ كېتىپتۇ. ھەرھالدا ھېلىقى قىمار ئويناپ يۈرگەن يىللىرىڭنى ئۇنتۇلۇپ قالما. يامان ئىللەتتىن قول ئۈزۈۋېدىڭ، مانا پۇل تېپىپ كەتتىڭ، چاپىنىڭمۇ ئىككى بولدى. بىر زامانلاردا دۇكىنىڭمۇ يوق، بازارنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا مايماق سامسا سېتىپ جان باقاتتىڭ، مانا ئەمدى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدۇڭ، ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ شەھەرنىڭ كۆزى بولغان كۆككۆۋرۈكتىن دۇكانغا ئىگە بولدۇڭ، ھەم بىزدەك ئادەملەرگە سامسا يېقىپ يارىتالايدىغان بولدۇڭ، ئەمدى سەن شۈكرى قىلساڭ بولىدۇ! — دېدى ئەختەم تەلەپپۇزىنى بىرقىسما قىلىپ.

ئەختەمنىڭ بۇ گەپلىرىنى سامسا يەۋاتقان خېرىدارلار ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. دۇكاننىڭ ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپى سوپى ئۇستامنىڭ ئوبدانلا ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چاندۇرماي كۈلۈپ تۇردى:

— شۇنداق، خۇداغا شۈكرى، ئاشۇ يامان ئىللەتتىن قۇتۇلمىغان بولسام، سىز ئېيتقاندەك بىر پارچە نېنىم ئىككى بولمىغان بولاتتى. قېنى، چاي ئىچىڭ!

— «كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماس» دېگەن گەپ بار، خۇدايىم ھەممە ئادەمنىڭ رىزقىنى ئۆزى بىلەن بىللە يارىتىدۇ، — دېدى بۇلۇڭدا سامسا يەۋاتقان بىر ئادەم ئەختەمنىڭ گېپىگە نارازى بولغاندەك قىلىپ.

ئەختەم ئىتتىكلا ئۇ ئادەمگە بۇرۇلۇپ قارىدى. بۇ ئادەم ئەللىك ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ساقاللىرى ئۆسەك ـ بومبا

ساقال، كۆزلىرى چوڭ، بەستلىك ئىدى. ئۇمۇ ئەختەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ، ھەدەپ سامسا يېمەكتە ئىدى.

— ۋاھ، بۇ ئاكىمىزنىڭ گېپى خىلى پۇتۇنغۇ! — دېدى ئەختەم ئۇنى كەمستكەندەك قىلىپ.

— مەن ئۆزۈمنىڭ نېنىنى ئۆزۈم تېپىپ يەيمەن، شۇڭا گېپىم يوغان. قانداق، بۇ شەھەردە سەندىن باشقا ئادەم يوغان گەپ قىلسا بولمامدا؟ — دېدى بومبا ساقاللىق ئادەم.

— ۋاھ تېخى، مۇنداقمۇ گەپ قىلالايسەنكەن ـ دە، تېخى. مانا، كۆرۈڭ، ماۋۇ يەردە مەن بار، دېسەڭ بولمامدۇ. يېقىندىن بېرى ئىچىم پۇشۇپ تۇراتتى، بۈگۈن ھاردۇقۇم چىقىپ قالامدۇ نېمە! مەن كىم، مېنى بىلەمسەن؟ !

— سېنى ئوبدان بىلىمەن، سەن مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى ئەختەم ئاقسۆڭەك!

— بولدىغۇ، مېنى بىلىدىكەنسەنغۇ، مېنى بىلىپ تۇرۇپ، تەتۈر ئۇستىخانلىق قىلىۋاتسىنا، يۈرەك دېگەن بار ئىكەن جۇمۇ سەندە!

— مەندە يۈرەك نېمە قىلسۇن، يۈرەك بولسا بۇلۇڭدا ئولتۇرامدىم؟ گەپكە گەپ توغرا كېلىپ قېلىپ، گەپ قىلىپ سالدىم. «گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما» دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ بىزدە؟

— ۋاھ، خېلى گەپدان نېمىدەك قىلىسەن، بىر نېمە دېيىشىپ قالمايلى يەنە!

— داداڭنىڭ زامانى ئۆتۈپ كەتتى، داداڭ قىلغان دودەنلىكنى ئەمدى سەن قىلالمايسەن!

— بۇ دۇكان كىچىكلىك قىلىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمىسە ئەتە دەريا بويىدا تېپىشايلى، ئېتىڭ نېمىتا؟ ئۆيۈڭ نەدە؟ — دېدى ئەختەم ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— ئوغۇل بالا دېگەن تۇتۇشقۇسى كەلگەندە يەر تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا، سەن داداڭنى دورىمىغان ئوخشايسەن. ئەتە ـ پەتەڭنى قوي، راستتىنلا مەن بىلەن تۇتۇشقىڭ بولسا، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىدا تۇتۇشۇپ باقامدۇق، ئاغىز ـ بۇرنىمىز قاناپ كەتسىمۇ ئۆستەڭدىكى سۇدا يۇيۇۋېتىپ كېتىۋېرىمىز،— دېدى بومبا ساقاللىق ئادەم ماي قوللىرىنى يەڭلىرىگە سۈرتىۋېتىپ.

— جېنىڭدىن تويغان ئوخشىمامسەن ئوغرى؟ — دېدى ئەختەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي.

— هاي، هاي، هاي بولۇڭلار، ئىككىڭلار هاي بولۇڭلار، سەت بولىدۇ،— دېدى سوپى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ.

ئۇ چاندۇرماي بومبا ساقاللىق خېرىدارغا «ئاستا چىقىپ كېتىڭ» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى، لېكىن ئۇ ئادەم هېچ ئىش بولمىغاندەك چىپىنى ئىچىپ ئولتۇرىۋەردى. شۇ ئارىدا سۇلتان ئوخشىغان بىر تەخسە سامسا ئېلىپ كىرىپ، ئەختەمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئەختەم، سامسا ئېلىڭ. سىز ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ،— دېدى سوپى ئۇستام ئۇنى تائامغا زورلاپ.

ئەختەم سۇلتانغا تىكىلىپ قارىدى:

— مەن بۇگۈن سەن هارىمى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلگەن، كىمىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن؟ يېقىندىن بېرى بىر مايماق ئۇزۇكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاغزىڭغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ يۈردۇڭ، ھە بوپتۇ، ئۇزۇكىڭنى ئەكەل، دېسەم، مەندىن قېچىپ يۈرىسەنغۇ! كىمىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن؟

سوپى سۇلتانغا ئىشارەت قىلدى، ئۇ ئاستا كەينىگە يېنىپ، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

— قېنى ئەختەم، ئالدى بىلەن تائام، دەپتىكەن، ئالدى

بىلەن تاماقىقا بېقىڭ، ئاندىن بىرەر چايخانىغا كىرىپ ئازادە پاراڭلاشمايمىزمۇ،— دېدى سوپى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ ئىشىم بار ئادەم، كەتمەكچىمەن، ماڭا كىمنىڭ گېپى بار؟ ! — دېدى بومبا ساقاللىق ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بولدى قىلىڭ بۇرادەر، بولدى قىلىڭ، نېمە قىلىمىز جېدەلنى سېتىۋېلىپ؟ بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ! — دېدى سوپى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاستا سۆزلەپ.

— هە، سوپى قۇلاق، ئوسمىچى خوتۇنىدەك كوتۇلداپ كەتتىڭغۇ، خېرىدار چاقىرغاندەك ۋارقىراپ - ۋارقىراپ گەپ قىلامسەن؟ — دېدى ئەختەم قوپاللىق قىلىپ.

— دۇكان دېگەن تاماق يەيدىغان ئورۇن، بىز تىنچلىقنى خالايمىز دەڭە! — دېدى سوپى كۈلۈپ تۇرۇپ.

سوپى بومبا ساقاللىق خېرىدارنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

— سەن، سوپى قۇلاق، سەن، سەن مۇشۇنداق هارامزادە ئادەملەرگىمۇ سامسا ساتامسەن؟ بۇنداق ئادەملەرگە قوراي توغراپ بېرىش كېرەك، نېمە ئۇ،— دېدى ئەختەم سوپى ئۇستام قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، دېگەن گەپ بار قاراڭ، سامساخانا دېگەنگە هەر قىسىم ئادەم كىرىدىكەن،— دېدى سوپى ئۇستام خىجىل بولغاندەك قىلىپ.

— ئەمىسە، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، بايامقى خېمىر يەيدىغان گۇينى بىر كۈنى ئۆزۈم جايلايمەن. خوش، سۇلتان يېقىندىن بېرى بىرنېمىلەرنى دەپ يۈردى، دادام سەكراتتا ياتسىمۇ مۇتەهەملىك قىلىپ، قارا چاپلاپ، دادامنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. مەن بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىگە بوپتىلا، كەتكەن ئىش كەتتى، دەپ گەپ قىلمىسام، ئۇ هارامزادە، يەنىلا هېلىقى ئۇزۇكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كۆرگەنلا ئادەمگە مەن مالنىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى، دەپ يۈرۈپتۇ. مېنىڭ بۇ ئىشتىن

خەۋىرىم يوق ئىكەن، ئۇكام، شۇنداق بولسىمۇ سەن ئۇزۇكنى ئەكەل، ئاپامغا كۆرسىتىپ باقاي، دېسەم بۇ گۇي ماقۇل، دەپ قويۇپ يېتۇپ كەتتى، كىممىنى ئاخماق قىلىدۇ ئۇ گۇي؟ ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن دادامدىن بولغان بالا بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن ـ دە،— دېدى ئەختەم قاپىقىنى تۈرۈپ تۈرۈپ.

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن تازا خەۋىرىم يوق ئىكەن. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى سامسا يېگىلى كەلگەن خېرىدارلار سىز دېگەندەك ئۇزۇكنىڭ گېپىنى قىلىشىپ قالدى، مەن ئەھۋالنى چۈشەنمىگەندىن كېيىن، بىر نېمە دېيەلمىدىم. ئەڭ ياخشىسى سۇلتاننىڭ ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىڭ،— دېدى سوپى ئۇستام.

— سەن بىلمەيدىغان ئىش بولامدا، سەن تولكە نېمىنى بىلمەيسەن؟ سۇلتىنىڭنى چاقىر!

ئەختەمنىڭ گېپى سوپىغا خېلى ئېغىر كەلدى بولغاي، ئۇ كۆرمىگەن بولۇپ قېشىدىكى ئورۇندۇقنى ئۆرۈۋەتتى.

— ۋاھ سوپى قولاق، ساڭا خېلى جان كىرىپ قاپتۇ ـ ھە؟ قارا سېنى، يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ئورۇندۇقنى بېشىمغا ئاتىدىغان ئوخشايسەن. ھوشۇڭنى بىلىپ يۈر جۇمۇ سوپى قولاق! — دېدى ئەختەم ئۇنىڭغا ۋارقىراپ.

— دىققەتسىزلىكىمدىن ئورۇندۇق ئۆرۈلۈپ چۈشتى، سۆزلەپلا كەتتىڭىزغۇ، — دېدى سوپى. ئۇ سۇلتاننى چاقىردى.

— مۇنۇ خېرىدارنى چىقىرىۋەت، دۇكاننى تاقا، مەن ئىككىڭ بىلەن پاراڭلىشىمەن! — دېدى ئەختەم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

سوپى ئىلاجىسىز ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى قىلدى. خېرىدارلار سامسىنى ئالدىراپ يەپ بولۇپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار ئەختەمنى تونۇيتتى ھەم ئۇنىڭ مىجەزىنىمۇ ئوبدان

بىلەتتى.

— ھە، سۇلتان ماڭقا، مېنى نېمە ئۈچۈن ئاخماق قىلىسەن، ئۈزۈكنىڭنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ بارمايسەن؟ — دېدى ئەختەم سۇلتانغا ئالىيىپ تۇرۇپ.

سۇلتان نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويدۇم،— دېدى.

— يالغان سۆزلىمە ماڭقا، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ تولا نېرۋامنى ئۆزلەتمە، ئەتە ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۆيگە بار، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن!

— مېنى بوزەك قىلما ئەختەم ئاكا، سېنىمۇ بوزەك قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ، سەنمۇ بايامقى ئادەمگە گەپ قىلالمىدىڭغۇ؟ — دېدى سۇلتان.

ئەختەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا غەزەپلەندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر قورۇ ساغلىقنىڭ دەردىدە كۆزلىرى پاختىلىشىپ كەتكەن قوچقارنىڭ كۆزلىرىدەك پاختىلىشىپ كەتتى. «چاڭ» قىلىپ سۇلتاننىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى:

— سەن ماڭقا ماڭا يېنىۋاتىسىنا!

— ئەختەم، نېمىشكە ئۇرىسەن بۇ بالىنى، ئۇ ساڭا نېمە قىلدى؟ شۇمۇ ئىشمۇ، ئەمەلىيەتتە سەن كىمنى ئۇرىۋاتىسەن، بىلەمسە؟ — دېدى سوپى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ ئۇرىمەن، قانداق قىلىسەن؟ سەن گۇيلارنىڭ كۆرىدىغان كۈنلىرىڭ ئالدىڭدا. مەن كىم؟ مەن ھەر قايسىڭنىڭ ئاخماق قىلىپ ئوينايدىغان ئادىمىما؟! — دېدى ئەختەم ئورنىدىن تۇرۇپ، سوپى ئۇستامغا قاراپ ۋارقىراپ.

— ئەختەم، سەن سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئادەم، بۇ تېخى بالا تۇرسا، ئۇنى بوزەك كۆرۈپ بۇنداق ئۇرساڭ

قانداق بولىدۇ؟ ئۆزۈكنىڭ گېپىنى قىلدىڭ. بۇ بىر يېڭى گەپ ئىكەن، ئەمدى سۇلتان ئۆزۈكنى يوقىتىپ قويدۇم، دېدى. ئىش پۈتتىغۇ، نېمە قىلسەن ئەمدى تۆكـــكەن ئىــشقا ئېسىلىۋېلىپ؟ — دېدى سوپى چىرايىنى ئاچماي.

— ئاز گەپ قىل ئوغرى، ھەممە ئىشنى قىلىۋاتقان سەن، سەن تۆلكە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىۋاتىسەن، بۇنى مېنىــــڭ بىلگۈچىلىكىم بار. ياخشىلىق بىلەن ئەتە ئۆزۈكنى ئېلىپ ئۆيگە بارسۇن ئاۋۇ كۈچۈكۈڭ! بولمىــــسا ئادەم بولغىـــنىـــغا تويدۇرىۋېتىمەن گۈينى! — دېدى ئەختەم ۋارقىراپ.

سوپى گەپ قىلماي دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇرىۋالدى.

— ئەمىسە ئەتە ئاۋۇ تاشلاندۇق گۈيۈڭنى ئەۋەت، ئۆزۈكنى ئېلىپ بارسۇن، ئۇ «مەن مالىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى» دېگەن ئىكەن، بۇ ئىشنىڭ ئايىغىنى چىقىرىش كېرەك. بۇ شەھەردە مېنى ئوينىتىدىغان ئادەم تۇغۇلمىدى تېخى! — دېدى ئەختەم سامسىخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

سۇلتان بايا تالاغا چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئەختەمنىــڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ، سامسىخانىغا كىردى.

— كەل، قېشىمدا ئولتۇر. بۇ بىر ئىش بولدى ـ دە، ئەتە قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ — دېدى سوپى ئىسسىق قوللىرى بىلەن سۇلتاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

سۇلتان ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما، ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ؟ ئەتە قانداق قىلىمىز، دەۋاتىمەن، بولمىسا ئۆزۈكنى تاشلاپ بېرىپ يېنىپ چىقامسەن يا؟ ئۇنىڭ تالىشىدىغىنىـــــى ئۆزۈك، ئۇ سەندىن ئۆزۈكنى ئېلىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلماقچى، ھامىنى بىــز بۇ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تەڭ بولالمايمىز!

— ياق، ئۆزۈكنى بەرمەيمەن. ئۇنى ئاپام ماڭا قالدۇرغان، ئاپام تېخى ھايات، ئۇنى ئۆزۈم ساقلايمەن! — دېدى سۇلتان

كۆز يېشىنى ئېرىتقاچ.
— جاھىللىق قىلمىساڭ بولاتتى ئۇكام. ئەمىسە، بۇ ئىشقا ئالدىرىمايلى، بىرنەچچە كۈن ئۆتسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولا!
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. شەنبە يېتىپ كەلدى. سامسىخانىنىڭ سودىسى كۈندە شۇنداق ياخشى ئىدى. چۈشتە ھېلىقى ئەخەت قارى دېگەن سودىگەر سالامىنىڭ چوڭىنى قىلىپ، سامسىخانىغا كىرىپ كەلدى. سوپى ئۇستام دەرھال چاي دەملەپ ئۇنىڭغا چاي قۇيدى.
— ھە، سوپى قۇلاق، پەيزىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، ھەر قېتىم كەلسەم مۇشۇ نوچى چەينىكىڭدە مەن ئۈچۈن ئايرىم چاي دەملەيسەن، خۇدايىم ئوقىتىڭگە بەركەت بەرسۇن. قېنى، ئۆزۈڭمۇ كەل، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، — دېدى ئەخەت قارى كۈلۈپ تۇرۇپ.
سوپى قولىغا بىر سىركايە ئېلىپ، ئەخەت قارىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ قولىدىكى سىركايىنى جوزىغا قويۇپ، قولىنى چەينەككە ئۇزىتىپ بولغۇچە، ئەخەت قارى چەينەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بەردى.
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئەخەت قارى؟ چەينەكنى ماڭا بەر، ئۆزۈم قۇيىمەن.
— ئوخشاش. خوش، سېنىڭ قېشىڭغا بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم، تۇنۇگۈن ئۆيدە ئولتۇرسام، ئەختەم ئاقسۆڭەك چاقىرتىپتۇ، ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈشتۇم. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلاي، ئۇ سەندىن بەكمۇ رەنجىپتۇ، سۇلتاننى تىللاپ كەتتى، بىر ئۇزۇكنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، ئۇزۇك سۇلتاندا ئوخشايدۇ، ئۇنى ماڭا ئەكېلىپ كۆرسەتسۇن، دەيدۇ. مېنىڭچە، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشماڭلار. سۇلتانغا دە، ئۇزۇكنى ئاپىرىپ بەرسۇن، قايتۇرۇپ بەرسە ئالا، بەرمىسە پۇل بېرە. ئۇلار دېگەن ئالتۇن خەجلەيدىغان خەق، ئۇنداق بىرەر

ئۆزۈك ئۇلار ئۇچۇن نېمە؟ ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشسىپ قالساڭ، زىيان تارتقىنىڭ تارتقان! — دېدى ئەخەت قارى بۇرۇتىنى ئوينا پ تۇرۇپ.

— مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن جېدەل خالىمايدىغان ئادەم، ئۆز ۋاقتىدا قىلمىدىغان جېدەلنى قىلىپ بولغانمەن. سۇلتان ئۆزۈكنىڭ ئىشىنى ماڭا ئېيتقىنى راست، لېكىن مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدىم. چۈنكى، بۇ بىر مۇرەككەپ ئىش ئىكەن. بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئەختەم ئاقسۆڭەك سامىسخانىغا كەلگەنىدى، بىكاردىن بىكار سۇلتاننى بىر شاپىلاق ئۇردى، شۇمۇ ئىش بولدىمۇ ئەمدى، ئۇ خۇدانىڭ بىر مۆمىنى تۇرسا، ئۇنى ئۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟ سۇلتانغا كۆپ نەسىھەت قىلدىم، ئۆزۈك يوقاپ كەتتى، دەپ يېقىن كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ بالا جاھىل چىقىپ قالدى، يا يىلتىزى خوتەنلىكمىكى بۇ گۆينىڭ! بىرلا ئېغىز گەپ قىلسام، مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئارىلاشمىدىم،— دېدى سوپى.

— تولا نايناقشىما، مەن سېنىڭ ھەممە ئۇچىيىڭنى بىلىمەن. سەن سۇلتاننى نىيىتىدىن ياندۇر، بولمىسا ئۇ زىيان تارتىپ قالىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بىلمەپتىمەن، دېگىنىڭ بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ،— دېدى ئەخەت قارى.

— مانا، خو، نوچى - دە، سەن، سەنمۇ ئەختەم ئاقسۆڭەكتەك سۆزلەپ كېتىۋاتىسىنا؟ — دېدى سوپى.

— سەن گەپلىرىمنى توغرا چۈشەن، مەن ئوتتۇرىدا مېڭىۋاتقان ئادەم، مەن ئەمەلىيەتتە سىلەرگە كۆيۈنۈۋاتىمەن شۇ. مەن سۇلتانىنىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن. ئۇ ئاقسۆڭەكلەرگە تەڭ كەلگىلى بولسۇنمۇ، ئەزەلدىن ئاشۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ كېلىۋاتىدۇغۇ، شەھەر سوراۋاتقان غوجامۇ ئاشۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ ئەمەسمۇ! ئۇلار بىلەن ئېتىشمايلى، مەن ساڭا مۇنداق چۈشەندۈرەي: ئۇلار ئوت، بىز پاخال، ئۇلارنىڭ بىزنى كۆيدۈر-

گىنى كۆيدۈرگەن، شۇڭا سۇلتاننى نىيىتىدىن ياندۇر.
— مەن ئۇنىڭغا جىق گەپ قىلدىم، بىراق ئۇ ئۇزۇكنى يوقىتىپ قويدۇم، دەپ تۇرىۋېلىپ باردۇ. مەن ئۇنى چاقىراي، ئۆزۈڭ سۆزلەش، — دېدى سوپى ئۇستام.
— ياق، توختا، مەن سېنىڭ شاگىرتىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايمەن. گەپ چۈشىنىشلىك بولدى، ئاڭلىسام، ئۇ مەن مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى، دەپ يۈرگۈدەك، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مالىك ئاقسۆڭەك ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمايدۇ. مەن ئەختەم ئاقسۆڭەكنى بەك ئوبدان چۈشىنىمەن، ئۇ سۇلتاننى ھەرگىز ئۆيىگە يولاتمايدۇ. خوش، ئىش چوڭىيىپ كەتمىسۇن، ئارىلاشمىدىم، كارىم يوق، دەپ ئولتۇرماي، سۇلتانغا گەپ قىل، ئالە، ئالىدىغىنىڭ مۇشۇمىدى، دەپ ئۇزۇكنى تاشلاپ بەرسۇن. ئەلۋەتتە، مەن سېنىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن. سەن سۇلتاننىمۇ ياخشى يېتىشتۇردۇڭ، ئۇ ياخشى بىر سامسىپەز بولۇپ يېتىشتى، ئەمدى ئۇ نەگە بارسا تېنىمەي جان بېقىپ كېتىدۇ!
— سېنىڭ گېپىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن، سۇلتان گەپ يېمەيۋاتامدۇ، — دېدى سوپى.
— ئۇ سېنىڭ شاگىرتىڭ تۇرسا، سەن ئۇنى گەپ يېمەيۋاتىدۇ، دېسەڭ، بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ سەن بولمىغان بولساڭ ئۇنىڭغا مۇشۇ كۈن بارمىدى؟ ئەمىسە، مەن دەيدىغان گەپنى دەپ بولدۇم، كېيىن بىر ئىش بولۇپ قالسا، مەندىن رەنجىمە. گېپىم تۈگىدى ئەمدى، سامساڭنى كەلتۈر، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ بولۇپ ئىشىمنى قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئەخەت قارى شاپ بۇرۇتلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ.
سوپى ئۇستام ئۇنىڭغا سامسا ئەكىرىپ بەردى. ئەخەت قارى سامسىنى يەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

سوپى ئۇستام ئەخەت قارىنى يولغا سېلىۋېتىپ، سۇلتاننى ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىققا باشلاپ باردى.

— ئەخەت قارىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ياخشىراق چايناپ باق ئۇكام، مېنىڭچە، ئۇ يامان گەپ قىلمىدى، نېمە قىلسەن ئۇ تەييار تاماق بىلەن ئېتىشىپ؟ ئۈزۈكنى بېرىۋەتسەڭ بېرىۋەت، خاتىرجەم بولايلى، — دېدى سوپى سۇلتاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مېنىمۇ چۈشىنىڭ ئۇستام، مەن مۇشۇ كۈنگىچە سىزنىڭ گېپىڭىزنى يىرمىغان. بۇ ئۈزۈك ماڭا دادامدىن قالغان بىردىنبىر مىراس، مەن بۇ ئۈزۈكنىڭ قىممىتىنى تاغارلاپ پۇلغىمۇ تەڭ قىلمايمەن؛ ئەگەر مەن بۇ ئۈزۈكتىن ئايرىلسام، بىر ئۆمۈر دىلىم سۇنۇق ياشايمەن. مەن ئۈزۈكنى بېرەلمەيمەن ئۇستام.

سوپى ئۇستام سۇلتاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدە سۇلتاننى ھەر ھالدا بىر ئەقىللىق بالا بولۇپتۇ، دەپ خۇشال بولدى. لېكىن، ئۇ ئاغزىدا يەنىلا:

— بۇ گەپلىرىڭغۇ توغرۇلۇق ئۇكام، بىراق ئۇلار بىلەن ئېتىشىپ قالمىساق بولاتتى. پۇلى بار ئادەملەر ھامان ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ ياشايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— مەن ئۈزۈكنى بەرمەيمەن ئۇستام، ئۇنى كىم كېلىپ ئالىمەن، دېسە يوقىتىپ قويدۇم، دەپ بەرمەيمەن، — دېدى سۇلتان ئۇستىسىغا قاراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— مەيلى، ئۈزۈك بىل، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق.

سوپى ئورنىدىن تۇرۇپ سامسىخانىغا قاراپ ماڭدى، سۇلتان ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆستەڭدىكى يېقىملىق سۇ غەم باسقان سۇلتانغا لاپ ـ لاپ قىلىپ پارقىراپ

قاراپ قويۇپ، كەڭ ئەزىم دەرياغا ئالدىرايتتى، سۇ سۇلتاننىڭ خىيالىنى بەكمۇ يىراق يەرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ سەھرادىكى تۇغقانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى، ئانا مۇھەببىتى يوق ئاشۇ يىللار روشەن سۈرەتكە ئوخشاش كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتتى، بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ئىككى ئاتلىق ساقچى كېلىپ، سوپى ئۇستامنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ ئاچىلىرىغا باغلاپ قويۇپ، ھەدەپ تونۇرغا بېشىنى تىقىپ سامسا يېقىۋاتقان سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى.

— ھە، سۇلتان دېگەن سەنما؟ — دېدى ئېگىز بويلۇق ساقچى كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— مەن! — دېدى سۇلتان قولىغا ئېلىپ بولغان سامسىنى تونۇرغا يېقىۋېتىپ.

— گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى يەنە شۇ ئېگىز بويلۇق ساقچى.

— مەن ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىم، — دېدى سۇلتان خاتىرجەم ھالدا.

سوپى ئۇستام دۇكاندىن چوڭ ـ چوڭ چامداپ چىقتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ بۇ بالا مېنىڭ شاگىرتىم بولىدۇ، — دېدى سوپى سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

— ھە، مۇنداق دە، ئەمىسە، سەن سوپى قۇلاق دېگەن ئاداش ئوخشىمامسەن؟ توغرا، قۇلىقىڭدىن بىلدىم. ئەمىسە، سەن بىر يەرلىرىڭنى قىسىپراق تۇر، بولمىسا سېنىمۇ باغلايمىز. بىزدە ئالاھىدە بۇيرۇق بار، بىزنى سەۋىردىن باشلىق بىۋاستە ئەۋەتتى. سەن سۇلتان ئوغرىنى قوغداپ قالالمايسەن، بىز ئۇنى ساقچىغا ئەكېتىمىز! — دېدى ئېگىز ساقچى ۋارقىرىغاندەك قاتتىق سۆزلەپ.

— ئۇ نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ — دېدى سوپى ئۇستام.

— نېمە گۇناھ قىلاتتى، ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئوغرىلاپتۇ.
— نېمە دەيدىغانسىلەر، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندىن بېرى مۇشۇ دۇكاننىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتمىسە بۇ بالا، نەلەردە يۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈزۈكىنى ئوغرىلىسۇن؟ ئۇنداق قىلماڭلار، خۇدالىق ئالەم بۇ، سۇلتانغا بۇنداق قارا چاپلىساڭلار قانداق بولىدۇ؟! — دېدى سوپى ئۇستام غەزەپلىنىپ.
— قۇرۇپ كەتكەن كۆلدىكى ئۆدەكتەك ۋالاقشىيدىغان نەرسىكىنا مۇنۇ! كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا سېنىمۇ باغلايمىز ھېلى. گېپىڭ بولسا سەۋىردىن باشلىققا بېرىپ قىل. قېنى مەمەت، سۇلتان ئوغرىنى باغلا! — دېدى ھېلىقى ئېگىز ساقچى.
مەمەت دېگەن ساقچى سۇلتاننى تۇتۇپ، ئۇنىڭ قولىنى باغلىدى، شۇ زاماتلا ئادەم ئولىشىپ كەتتى.
— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭلار، سۇلتان خۇدانىڭ مۆمىنى تۇرسا، چۇمۇلىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدىغان بالىغۇ بۇ، بۇنى ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئوغرىلاپتۇ، دېسە، بۇ خۇددى بىر توخۇ يولۋاسنىڭ كۆزىنى چوقىلىۋاپتۇ، دېگەندەك گەپ بولمىدىمۇ! زالىمنىڭ جاھىنى بولدى - دە، بۇ. بۇ بىچارە ئۆتكەندە «مالىك ئاقسۆڭەك مېنىڭ دادام بولىدۇ» دەپ يۈرەتتى، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئويۇنى، بۇ يېتىمنى كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتۇ - دە. «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن شۇ - دە! — دېدى سۇلتاننى تونۇيدىغان بىر ئادەم.
— قايسىڭ سەن، نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟
ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ساقچى ۋارقىرىۋىدى، ھەممە ئادەم جىمىپ كەتتى. ساقچى مەمەت سۇلتاننىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىدى، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ،

ئېتىنى يېشىپ مىنىپ، سۇلتاننى تارتىپ ماڭدى.
— سوپى قۇلاق، ئەتە ساقچىغا بارغىن، ياۋاش بول، بولمىسا كۆرگىلىكىڭ بار! — دېدى ئېگىز ساقچى.
— توۋا، قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ؟ — دېدى ئەتراپتا تۇرغانلار ئىچىدىن بىرەيلەن.
سوپى ئۇستام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئەخەت قارىنىڭ گېپىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ بولغان ئىشلارنى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى. ئايالى سوپى ئۇستامدىن ئەنسىرەپ يىغلاپ كەتتى.
— يىغلىما خوتۇن، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق. مەن ئەتە جىڭساجۇيگە بېرىپ باقاي، ھېلىقى سەۋىردىن دېگەن پارىخورنى بىلىمەن مەن، گېپىگە ئامراق نەرسە ئۇ، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بىرنېمە قىلىمىز. — دېدى سوپى.
ئەتىسى ئەتىگەندە سوپى ساقچى ئىدارىسىگە باردى، دەرۋازىدا پوستتا تۇرىۋاتقان ساقچى ئۇنى كىرگۈزمىدى.
— مەن سەۋىردىن باشلىق بىلەن كۆرۈشەتتىم، — دېدى ئۇ پوستقا.
— بىزنىڭ جۇجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ؟ ئالدىرىما، چەتتە تۇرۇپ تۇر، مەن سوراپ باقاي، سېنى قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ، — دېدى پوست.
سوپى ئۇستام چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. پوست ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ كېتىۋاتقان بىر ساقچىنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ساقچى چىقىپ سوپى ئۇستامنى چاقىرىپ ئەكىرىپ كەتتى.
سوپى ئۇستام سەۋىردىن باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرە ـ كىرمەيلا سالام قىلىپ، چوڭ چامداپ سەۋىردىنگە قولىنى ئۇزاتتى.
— توختا، كۆزۈمدىن نېرىراق تۇرۇپ تۇر، مەن

سەندەكلەرنىڭ قولىنى تۇتمايمەن. ھە، گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى سەۋىردىن مەغرۇر ھالدا.

— مەن بولسام خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى باشلىق، مەن ئەزەلدىن گۇناھ قىلىپ باقمىغان! — دېدى سوپى ئۇستام.

— ھەي ئوغرى، مەن ئەزەلدىن گۇناھ قىلىپ باقمىغان، دەيسەنغۇ؟ ياۋاش بول، بولمىسا سەن گۇينىمۇ سولايمەن ھېلى. قالغان بىر قۇلىقىڭنى ئەمدى ئۆزۈم كېسىپ تاشلىماي يەنە! ئېيتە، ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئۈزۈكىنى كىمگە ساتتىڭ؟

— بىز ئوغرىلىق قىلمىدۇق باشلىق، بۇ ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ بىزگە قىلغان تۆھمىتى.

— ھەي گۆي، نېمە دەۋاتىسەن، سەن ساقچىمۇ، مەن ساقچىمۇ؟ بۇ گېپىڭچە، بىز ساڭا تۆھمەت قىلىۋېتىپتۇق ـ دە، بوپتۇ، مەن سېنىڭ قولۇڭدىن تاماق يېگەن ئادەم، يۈزىڭنى قىلاي. ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرەي، ئەگەر ئوغرىلىغان ئۈزۈكنى بىزگە ئەكېلىپ تاپشۇرمىساڭ، سۇلتان دېگەن يېتىمىڭنى جىنايەتچىلەر كۆمۈر كانىغا ئاپىرىپ بېرىمەن، بىر ئۆمۈر شۇ يەردە ئىشلەپ ئۆلىدۇ، گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟! — دېدى سەۋىردىن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ.

سوپى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ھەي قۇلاق، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن!

— ھە، ھە، ماقۇل، ياق، ياق، مەن ئۈزۈكنىڭ ئىشىنى بىلمەيمەن. سىز گەپنى ئۈزۈۋەتمىسىڭىز، بىزگە رەھىم قىلسىڭىز، مەن بۇگۈن سۇلتان بىلەن بىر كۆرۈشەي ھەم ئۇنىڭغا ياخشىراق نەسىھەت قىلاي.

— كۆرۈشسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئۈزۈكنى تاپشۇرمىساڭ، سۇلتاننى جىنايەتچىلەر كۆمۈركانىغا ئاپىرىۋېتىمەن. مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن سوپى قۇلاق، مەن سېنىڭ ئاشۇ تونۇرىڭغا ئوخشاش قىززىپ تۇرىدىغان ئادەم، — دېدى سەۋىردىن.

سەۋىردىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھېلىقى كۈنى سۇلتاننى باغلاپ ئېلىپ كەتكەن مەمەت ئىسىملىك ساقچى سوپى ئۇستامنى ئەگەشتۇرۇپ تۈرمىگە باردى. تۈرمىدە سوپى سۇلتاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ ئۇكام، بېشىڭنى تېڭىۋاپسەنغۇ؟! ئۇلار سېنى ئۇردىما؟ — دېدى سوپى يىغلىغۇدەك بولۇپ.

سۇلتان ئۇستىسىغا ئېسىلىپ يىغلىدى:

— ئۇلار مېنى ئۈزۈكنى تاپشۇر، دەپ ئۇردى. ئۇستاڭنىڭمۇ قولىقى يوق ئىكەن، سەن ئۇنىڭ شاگىرتى بولغاندىن كېيىن، سەنمۇ ئۇستاڭ بىلەن ئوخشاش بولۇشۇڭ كېرەك، دەپ ئوڭ قۇلىقىمنى ئاخشام كېسىۋەتتى!

سوپى ئۆزىنى تۇتىۋالالمىدى، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ياش تېمىشقا باشلىدى.

— ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى ئۇكام، ئەمدى بولدى قىلايلى، ئۈزۈكنى بېرىۋەت، بولمىسا جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن. مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەۋىردىن بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ ماڭا ئۈچ كۈن ۋاقىت بەردى، شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈزۈكنى تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭ، سېنى جىنايەتچىلەر ئىشلەيدىغان كۆمۈركانغا سۈرگۈن قىلارمىش. ئەمدى جاھىللىقىڭنى تاشلا، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆر، ئۈزۈكنى نەگە تىقىپ قويغانتىڭ؟ — دېدى سوپى كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ.

— ئۈزۈكنى بەرمەيمەن ئۇستام، جېنىمنى بەرسەم بېرىمەنكى، ھەرگىز ئۈزۈكنى بەرمەيمەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ، قارا چاپلىدى. مەيلى، خاڭغا سۈرگۈن قىلسىمۇ مەيلى، خۇدايىمنىڭ كۆزى بار، خۇدايىم مەندەك بىر ئاجىز بەندىسىنى بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى قۇتقۇزىدۇ!

— سەن بۇنداق دېمە سۇلتان، مەن ئۇلارنىڭ ئۇ خېتىنى بىلمەن، ئۇ يەرگە بارغان ئادەم ساق چىقمايدۇ. بولمىسا زەگا تېپىپ ئاشۇ ئۈزۈككە ئوخشىتىپ بىر ئۈزۈك سوقتۇرايلى، سەۋىر دىنگە ئاشۇ ئۈزۈكنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ قۇتۇلمايمىزمۇ؟

سۇلتان بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— بۇ بەك ياخشى ئەقىل بولدى ئۇستام، ئەمىسە سىز دېگەندەك قىلايلى، ئۇلارغا بىزنىڭ ئۈزۈككە ئوخشىتىپ بىر ئۈزۈك سوقتۇرۇپ بېرەيلى. مەن ئۈزۈكنى بىر چەينەككە سېلىپ، دۇكاننىڭ بۇسۇغىسىنىڭ ئالدىغا كۆمۈپ قويغان، شۇ ئورۇننى كولىسىڭىز چىقىدۇ، دۇكاننىڭ ئىچى تەرىپىنى كولاڭ!

— بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلىدىغان گەپ ئىكەن ئۇكام، كالللىمىز ئىشلىمەپتۇ ـ دە، بىزدىن كەتسە پۇل كېتىدۇ شۇ. هە، قۇلىقىڭ قانداق، ئاغرىۋاتامدا؟

— بەك ئاغرىۋاتىدۇ، ئۇ گۇيلار قۇلىقىمنى تۇۋىدىن كېسىۋەتتى!

— ئادەم ئەمەس ـ دە، بۇ چوشقىلار. خۇدالىق ئالەم بۇ، ئۇ ماڭقىلارنىڭمۇ جاجىسىنى بېرىدىغان ئادەم چىقىدۇ. ئەمىسە ئىشنى بايامقىدەك قىلىپ پۈتتۈرىمىز. سەن خاتىرجەم بول، مەن خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتىگىچە ئىشنى پۈتتۈرىمەن!

سوپى ئۇستام سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ سامسىخانىنىڭ بۇسۇغىسىنى كولاپ، سۇلتان كۆمۈپ قويغان ھېلىقى چەينەكنى تاپتى، چەينەكنىڭ ئىچىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئەتىسى بازارغا كىرىپ، سەلەي قورساق دېگەن زەگانىڭ دۇكىنىغا باردى.

— خوش، مۇشۇ ئۈزۈككە ئوخشاش قىلىپ بىر ئۈزۈك سوقتۇرماقچى ئىكەنسىز ـ دە؟ هە، مۇنداق دەڭ. بىراق، بۇ ئىشقا مەن ئاجىزلىق قىلىدىغاندەك قىلىمەن، بۇ ئۈزۈكنىڭ

باشقا گۈللىرىنى كەلتۈرەلىگىنىم بىلەن، ئۈزۈكتىكى خەتنى كەلتۈرەلمەيمەن. بۇ خەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەن، گۈلنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەت ئىكەن. بۇ ئۆز ۋاقتىدا رۇسىيىدە زاكاز قىلىپ ياسىتىلغان ئۈزۈك، — دېدى سەلەي قورساق. ئۇ ئۈزۈكنى سوپى ئۇستامغا قايتۇرۇپ بەردى.

سوپى گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدى.

— ئەپلەپ - سەپلەپ بىر نېمە قىلىمامسىز ئۇستام، — دېدى سوپى زەگاغا قاراپ تۇرۇپ.

— بۇ ئىشنى بۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، يېقىندىن بېرى مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ ئۇستىدە بولۇۋاتقان جېدەللەردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىۋاتىمەن. يامان يېرى ئەختەم ئاقسۆڭەك بۇ ئۈزۈكنى كۆرگەن، بۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئۈزۈك ياسىسام، ئەختەم ئاقسۆڭەك بىلىپ قالسا چاتاق سالىدۇ ماڭا، — دېدى سەلەي.

— ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ پات ئارىدا رۇسىيىگە چىقىدىغان ئادەم چىقارمۇ؟!

— ئۇياققا چىقىپ - كىرىپ تۇرىۋاتقان ئادەملەر جىققۇ، گەپ ئىشەنچىلىك ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. ئالدىرىمىسىڭىز، ئۈزۈكنى ماڭا قويۇپ قويۇڭ، مەن ئۇنى كەلتۈرۈپ سوقتۇرۇپ بېرەي، ئىشەنچلىكرەك ئادەمدىن بىرسى چىقىپ قالار.

سوپى بېشىنى چايقاپ قويۇپ، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، ھېلىقى مەمەت ساقچى يەنە ھېلىقى چوڭ ئېتىنى مىنىپ، چۈشتە سوپى ئۇستامنىڭ سامسىخانىسىغا كەلدى. سوپى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— قېنى، سامسىغا ئېغىز تېگىڭ. ھۆرمەتلىك ساقچى جانابلىرى، ئىسسىق سامسا، پاقلاننىڭ گۆشىدە ئەتكەن سامسا، — دېدى سوپى ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىپ.

— ياخشى، ھەرھالدا سامسىنى ياخشى ياقىسەنكەن.

بىراق، سەن شاگىرتىڭنى ياخشى باشقۇرماپسەن، مۇشۇنداق گۆلدەك ھۈنىرى بار ئادەممۇ ئوغرىلىق قىلامدۇ؟ — دېدى مەمەت سوپى ئۇستامغا ۋارقىراپ.

— ئۇ ھېلىقىدەك قولى ئەگرى باللاردىن ئەمەس. بىزدىن يانىسا خۇدايىمدىن يانا، بىزگە بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭ، مەن سىزنى ياخشى رازى قىلىمەن، سەۋىردىنىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭمۇ گېپىمىزنى قىلىپ قويارسىز، — دېدى سوپى. مەمەت ھۇزۇرلىنىپ سامسا يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە مۇشۇ كۈنلەردە قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ - دە، ئەمەلىيەتتىكە قارايمەنغۇ، مەن سەندەك قۇرۇق يىغلايدىغان گادايلارنى جىق كۆرگەن! — دېدى مەمەت.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سوپى دەرھال يېنىدىكى ئۈزۈك سوقتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. مەمەت يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپ كۆردى.

— ھەرھالدا ئادىمگەرچىلىكنى بىلىدىغان نەرسە ئىكەنسەن. ئەمدى مەن ساڭا بۇگۈن بولغان ئىشنى دەپ بېرەي. ئۈچ كۈندىن بېرى ئۈزۈكنى ئاپىرالمىدىڭ، سۇلتاننى سەۋىردىن باشلىقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خاڭغا ئاپىرىۋەتتۇق. ئۈزۈك بىلسەن ئەختەم ئاقسۆڭەك دېگەن قانداق ئادەملىكىنى، ئۇنىڭ باشلىقىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ بىلىسەن، مۇناسىۋەت دېگەن سىزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىسەنغۇ دەيمەن؟ ھە، بۇ ئىش چاتاق، سۇلتاننى قايتۇرۇپ چىقىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، — دېدى مەمەت.

— نېمە، سۇلتاننى خاڭغا ئاپىرىۋەتتىڭلارما؟

— شۇنداق، دۇمباق يېرىلىپ بولدى. ئەمدى مەن ساڭا بىر ئەقىل كۆرسىتەي، يانچۇقۇمدا كۆلىۋاتقان پۇلنىڭ يۈزىنى قىلمىسام بولمايدۇ. سەن ئەتە - ئاخشاملىرى سەۋىردىنىنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ تۇر. ئۇنىڭ خوتۇنى خەلچەم خانىم مال - دۇنياغا

ئامراق خوتۇن، سەن بۇ خانىم بىلەن يېقىنلاش، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئېرىدىن ساڭا سۇلتاننى خاڭدىن قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە خەت ئېلىپ بېرەلەيدۇ، خەتنى كۆتۈرۈپ خاڭغا بارساڭ ئۇلار سۇلتاننى قويۇۋېتىدۇ. ساڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ئەسلىدە سىلەرنىڭ كاللاڭلار ئىشلىمەيدىكەن، بىر ئۆزۈك دېگەن نېمە ئۇ، مانا ئەمدى ئۇن ئۆزۈكنىڭ پۇلىنى خەجلىسەڭلارمۇ سۇلتاننى ئاچىقالمايسىلەر.

— رەھمەت مەمەت، رەھمەت. ماڭا ياخشى يول كۆرسەتتىڭىز. نېمىسىنى دەيسىز ئەمدى قاراڭ، سىز ئويلاپ باقماسسىز، ئاشۇ دىلى سۇنۇق بىچارە ئاشۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزۈك ئوغرىلامدا؟ بىرەر قوي، كالىسىنى ئوغرىلاپتۇ، دېسە يەنە بىر گەپ، ئۆزۈك دېگەن بىر كىچىك نەرسە تۇرسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى قويغان ئادەم ئۆزىمۇ تاپالمايدۇ. ئۇلار سۇلتانغا تۆھمەت قىلغان گەپ ئەمەسمۇ قاراڭ،— دېدى سوپى خاپا بولۇپ.

— ئۇ يېرىنى مەن بىلمەيمەن. مېنى پالاننى تۇتۇپ كەل، دېسە، تۇتۇپ بېرىشنىلا بىلىمەن، قالغان ئىشلارنى بىزنىڭ باشلىق بىلىدۇ. ئەمىسە ئىش شۇنداق بولسۇن. باشلىق مېنى سۇلتاننىڭ ئىشىنى خەۋەر قىلىپ قوي، دەپ ئەۋەتكەن. خاڭدا جىنايەتچىلەر بىلەن كۆرۈشمەك تەس، ئۇلار كۆرۈشتۈرمەيدۇ، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بۇ ئىشنىڭ بىر يولىنى قىل. مەن پات - پات كېلىپ تۇرىمەن. قىسقىسى، ئۆزۈڭ خېلى مەرد ئادەم ئىكەنسەن، پۇل خەجلەشتىن قاچما، بۇنداق ئىشلار پۇل بىلەن پۈتىدۇ. مەن سەن بىلەن چىقىشىپ قالدىغان ئوخشايمەن،— دېدى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ.

سوپى ئۇنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقتى:

— خۇدايىم بۇيرۇسا سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنۇتمايمەن. ئەتە چۈشكە ئۆلگۈرتۈپ بىر تونۇر سامسا تەييار

قىلسام، خاپا بولماي مېنى سەۋىردىن باشلىقنىڭ ئايالى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز، خەلچەم خانىممۇ سامسامغا ئېغىز تەگسە، — دېدى سوپى.

— قارا سېنى، ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە ساقىلىمغا ياماشتىڭ - ھە! بوش قولاق ئەمەس - دە، سەن. ئەتە بولمايدۇ، بىز ئادەتتە رۇخسەتسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارالمايمىز. مۇنداق قىلايلى، شەنبە كۈنى چۈشتە مەن ساڭا ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوياي، سەن سامساڭنى كۆتۈرۈپ كىرىۋەرگىن. مېنى باشلىق ئەۋەتكەندى، دەپ كۈلۈپلا تۇرساڭ خانىم قولۇڭدىن داستىخاننى ئېتتىكلا ئالىدۇ. شەنبە كۈنى ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوياي دېگىنىم، بىزنىڭ باشلىق ھەر شەنبە كۈنى تاغقا چىقىپ، ئاشنىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، يەنى شەنبە كۈنلۈكتە ئۇ ئۆيىدە بولمايدۇ - دە، ئىشىڭ ئوڭغا تارتىدۇ. شۇ باھانە بىلەن ئۇ خانىم بىلەن تونۇشۇپ قالىسەن، قانداق؟ — دېدى مەمەت سوپى ئۇستامغا چاپلىشىپ تۇرۇپ دېگۈدەك يېقىن تۇرۇپ سۆزلەپ.

— رەھمەت مەمەت، ئەمىسە شەنبە كۈنى مەن يولىڭىزغا قارايمەن. ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭ!

مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ سۆگەتكە باغلاپ قويغان ئېتىنى يېشىپ، بىسمىللا دەپ مىندى - دە، سوپى قولاق بىلەن خوشلىشىپ، يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

— سۇلتانزە بىر جاھىل بالا بولۇپ قالدى، ئۈزۈكنى بېرىۋەتكەن بولساقمۇ شۇ ئىش يوق، — دېدى سوپى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ.

شەنبە كۈنى يېتىپ كەلدى. سوپى چۈشكە ئۈلگۈرتۈپ بىر قوللۇق قىلىپ، بىر تونۇر سامسا يېقىپ قويدى. مەمەت ساقچىمۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى، ئۇ ئەمدى سوپى ئۇستامغا ئاغىنىلەرچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

— ئەمسە سامسىڭىزنى قومۇرۇڭ، ماڭايلى، — دېدى مەمەت.
— مانا، بەش مىنۇتتا قۇمۇرۇپ تەييار قىلىمەن، ئازراق بىر نېمە يەۋېلىڭ، — دېدى سوپى ئۇنى دۇكانغا باشلاپ.
مەمەت قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغۇچە سوپى ئۇستام تونۇردىكى سارغىيىپ پىشقان سامسىلارنى قومۇرۇپ تەڭلىگە سېلىپ بولدى. ئارقىدىن بىر گۈللۈك يېڭى داستىخاننى سامسىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ، مەمەتنى چاقىردى:
— تەييارلىقىم پۈتتى مەمەت.
— ئەمسە ماڭايلى ئۇستام، بۈگۈنكى سامسىڭىزمۇ بەك ئوخشاپتۇ! — دېدى مەمەت.
سوپى تەڭلىنى كۆتۈردى. ئۇلار يولغا چىقتى.
— مېنىڭ ئەقلىم بويىچە ئىش كۆرسىڭىز زىيان تارتمايسىز ئۇستام، دەسلەپتە ئۇلارنى شۇنداق سامسا بىلەن يوقلاپ تۇرۇڭ، كېيىنچە باشقىچىرەك ئادىمگەرچىلىك قىلىدىغان گەپ. كۈندە سامسا يەۋەرسىمۇ «ھەسەلنى يەۋەرسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەندەك بولۇپ قالىدۇ. ئايدا بىرەر قوي، ئاز - تولا پۇل قىلىپ سۇڭگۇتۇپ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خانىم ئاستا - ئاستا سىزنىڭ دېپىڭىزغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، بىزمۇ مەقسىتىمىزگە يېتىپ، سۇلتاننى چىقىرىۋالىمىز، — دېدى مەمەت.
— رەھمەت مەمەت، سىزگە كۆپ رەھمەت.
ئۇلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەۋىردىننىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى.
— ئاشۇ چوڭ دەرۋازا شۇ. بايقاڭ، ئۆيىدە ئىت بار، دەرۋازىغا قارايدىغان بىر ساقچىمۇ بار. ساقچىغا باشلىق ئۆيىگە سامسا ئاپىرىپ بەر، دېگەننىدى، ئەكەلدىم، دېسىڭىز سىزنى كىرگۈزىۋېتىدۇ. خانىمنىي تونۇمسىز؟ ياق، كۆرگەنمۇ

دېمەكچىمەن.

— بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن، بىراق ئۇ خانىم مېنى تونىمايدۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئۇ خانىم مال - دۇنياغا ئامراق، قولىڭىزدىكى داستىخاننى كۆرسىلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. چاندۇرماڭ، «توۋا خانىم، جېنىم خانىم، تىنچ تۇرۇپسىز، سامسىنى ۋاقتىدا ئەكىلەلمىدىم...» دەپ توختىماي بىرنېمىلەرنى دەپ بەرسىڭىز، تىللىرىنى ئويىنىتىپ كېتىدۇ. ئەمىسە خوش، مەن كەتتىم.

— خوش، رەھمەت. ئەتە دۇكانغا بارارسىز، ئۆيدىكىلەردىن گىزگە سامسا يېقىپ بېرىمەن، — دېدى سوپى.

سوپى تەڭلىسىنى كۆتۈرۈپ سەۋىردىننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باردى. ئۇ تەڭلىنى دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يۆلەنچۇكلۇك ئورۇندۇققا قويۇپ، دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى. دەرۋازىنىڭ ئادەم كىرىدىغان كىچىك ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى.

— ھە، نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى دەرۋازىغا قارايدىغان ساقچى.

— سەۋىردىن باشلىق ئۆيگە سامسا ئاپىرىپ بەرگىن، دېگەنىدى، مانا شۇ تاپتا سامسىنى قومۇرۇپلا كەلدىم، — دېدى سوپى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سامسىپەزمۇ سەن؟

— خوش.

— كىرە ئەمىسە، — دېدى ساقچى.

سوپى دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا، ساقچى ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، خانىمنى چاقىردى.

خەلچەم خانىم ئۆيدىن پېشايۋانغا چىقتى. بۇ چىرايلىق ئايال ساقچى مەمەت ئېيتقاندەك سوپى ئۇستامنىڭ قولىدىكى

داستىخاننى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ھىجايدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ھە، ئۇستام، قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى.
— باشلىق ئۆيگە سامسا يېقىپ ئاپىرىپ بەر، دېگەنىدى، باللارغا سامسا يېقىپ ئەكەلگەنتىم، — دېدى سوپى كۈلۈپ ھىجىيىپ.
— سىز ھېلىقى سوپى قۇلاق ئۇستام بولىسىزغۇ دەيمەن؟ — سورىدى خەلچەم.
— خوش، رەھمەت خانىم، مېنى ئۇنتۇماپتىلا...
— مەن سىزنىڭ سامسىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن، سامسىڭىزنى بىرنەچچە قېتىم يەپ ئاغزىمدا قالغان. ئاۋارە بوپسىز، رەھمەت! — دېدى خەلچەم كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ئەرزىمەيدۇ خانىم، — دېدى سوپى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.
دەرۋازىغا قارايدىغان ساقچى سوپى ئەكەلگەن تەڭلىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا تەڭلە بىلەن داستىخاننى ئېلىپ چىقىپ بەردى.
— خوش ئەمىسە ئۇستام، — دېدى خەلچەم.
— خوش ئەمىسە خانىم، — دېدى سوپى ھۆرمەت بىلەن.
سوپى دەرۋازىدىن چىقىپ دۇكىنىغا قاراپ يول ئالدى. مەمەتىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، سوپى ئۇستام مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خەلچەم خانىمنى يوقلاپ تۇردى. بەزىدە ئۇ ئۇلارنىڭ قورۇسىدا ياكى دەرۋازىسى ئالدىدا باشلىق بىلەن دوقۇرۇشۇپمۇ قالاتتى، بۇنداق چاغدا «خانىم سامسا بۇيرۇتقانىدى» دەپ گەپنى ئوڭشايتتى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى ئۇ خەلچەم خانىمغا:
— كەچۈرىسىز خانىم، سىزدىن ياردەم سورايدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، — دېدى.
— مەن سىزنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقان گېپىڭىزنى بىلىمەن

ئۇستام، سىز هازىر بۇ ئىشقا ئالدىرىماڭ، بۇ ئىشنىڭ تېخى ۋاقتى ـ سائىتى كەلمىدى. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم پۈتتۈرىمەن، — دېدى خانىم.

سوپى خەلچەم خانىمنىڭ گېپى بويىچە ۋاقتى ـ سائىتىنى كۈتۈپ، ئۇنى يوقلاپ تۇردى، ياز تۈگەپ، كۈز كەلدى. بىر كۈنى.چۈشتە خەلچەم ئۇنى ئۆيىگە باشلىدى. بىر ياز سامسا، گۆش توشىغان سوپى بىرىنچى قېتىم خەلچەمنىڭ ئۆيىــــگە كىردى.

— خوش ئۇستام، هېلىقى دېمەكچى بولغان گېپىڭىزنى ئەمدى دەڭ، — دېدى خەلچەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەۋىردىن باشلىــقــقــا دەپ، سۇلتــانىنـــى خــاڭدىــن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بولسىڭىز. ئۇ يېتىم بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسە، ئۇ ھەرگىز سىــزنـــى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دېدى سوپى كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

— هە، بۇ ئىشنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ كەلدى. بىز ئۇنى بىر مەزگىل تۇتۇپ تۇرمىساق، ئەختەم ئاقسۆڭەكلەر بىزدىن نارازى بولاتتى. مانا ئەمدى ۋاقتى كەلدى، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىرتەرەپ قىلىپ بېرەي. بىر ياز ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي، يامغۇرنى يامغۇر دېمەي، مېنى يوقلاپ تۇردىڭىز، ئەمدى شاگىرتىڭىزنى ئەچىقىۋېلىڭ. مانا، ئېلىڭ، سەۋىردىنگە دەپ سۇلتاننى قويۇۋېتىش توغرىسىدا خەت يازدۇرىۋالدىم. يېنىڭىزغا چىــڭ سېلىــــڭ، چۈشۈپ قالمىسۇن، — دېدى خەلچەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سوپى ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ تەسىرلەنگەن هالدا ئىككى قوللاپ خەلچەمنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدى، ئارقا ـ ئارقىدىن خانىمغا رەهمەت ئېيتتى.

— خاڭدا ئەسقەربۇقا دېگەن بىر ئادەم بار، ئۇ ئاشۇ خاڭنىڭ خوجايىنى، قولىڭىزدىكى خەتنى ئاشۇ ئادەمگە بەرسىڭىز، ئۇ

سۇلتاننى قويۇۋېتىمدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالاملىق نەرسە ئېلىۋېلىڭ،— دېدى خەلچەم.

سوپى بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى خەتنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، خەلچەم بىلەن خوشلىشىپ دۇكىنىغا ماڭدى.

ئەتىسى سوپى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان جىنايەتچىلەر كۆمۈركانىغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ باشلىقى ئەسقەر بۇقا دېگەن كىشى بىلەن كۆرۈشتى.

ئەسقەر ئەللىك ياشتىن ئاشقان بولۇپ، بەكمۇ كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن، قويۇق قاشلىرى ئادەمنى بەكمۇ جەلپ قىلاتتى. روشەن كۆزلىرى مەن ھەممە ئىشنى بىلىمەن، دېگەن تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ بەستلىك ئادەمنىڭ قورسىقى قوشكېزەك تۇغۇش ئېھتىمالى بار خوتۇننىڭ قورسىقىدەك چوڭ، چىرايلىق ھەم يېقىملىق ئىدى. ئۇ سوپى ئۇستامنىڭ تەڭلەپ تۇرغان خېتىنى ئېلىپ ئوقۇدى.

— ھە، سۇلتاننىڭ ئىشى ئىكەن ـ دە، بۇ خەتنى سەۋىردىن ئۆزى يېزىپ بېرىپتۇ. ئادەتتە ئۇ بۇنداق خەت يازمايدىغان، ھەر ھالدا تەلىيى بار نەرسە ئىكەن جۇمۇ سۇلتان دېگەن! — دېدى ئەسقەر سوپى ئۇستامغا ئالىيىپ قاراپ.

سوپى ئۇنىڭ ئالىيىشلىرىنى چۈشەندى. ئۇ دەرۋازىغا يۆلەپ قويغان تاغارنى ئېلىپ كېلىپ، ئەسقەرگە قاراپ كۈلدى:

— خوتەندە بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى، يېقىندا ئات ئالغىلى چىقىپتىكەن، ماڭا بىر پارچە گىلەممۇ ئالغاچ چىقىپتىكەن. بەك چىرايلىق گىلەم ئىكەن. شۇ گىلەمنى ئۆزلىرىگە ئالغاچ چىققانتىم. ئۆيلىرىگە سېلىپ قويارلا. تونۇشۇپ قالدۇق، ئىزدىشىپ تۇرايلى،— دېدى سوپى ھىجىيىپ.

— رەھمەت، ماۋۇ ئىشىڭ ياخشى بوپتۇ، خوتۇن خۇشال

بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە! خوش، سۇلتانىنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئۇنى سەۋىردىنىنىڭ ئادەملىرى ئوغرى، دەپ ئەكېلىپتىكەن، قارىسام ئوغرىدەك ئەمەس. نېمە ئىش قىلاتتىڭ، دېسەم سامسىپەزلىك قىلاتتىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىزنىڭ ساقچىلارغا تاماق ئېتىدىغان ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويغانىدىم. بىزگە پات ـ پات سامسا يېقىپ بېرىپ تۇردى، باشقا ۋاقىتلاردا ئاشخانىغا قاراشتى. ھەرھالدا پېشانىسى ئوچۇقكەن بۇ بالىنىڭ، ئەگەر خاقىنىڭ تېگىگە چۈشۈپ ئىشلىگەن بولسا، بەك جاپا تارتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ بۇ خاقدا ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدۇ، بۇ يىل جەمئىي ئون سەككىز ئادەمنى كۆمۈر بېسىۋالدى، ئون بەشى ئۆلدى، ئۈچىنىڭ پۇتىنى كېسىۋەتتۇق. مۇشۇنداق گەپ، بوپتۇ، ئەكەتسەڭ ئەكەت، تېخى تونۇگۇن چۈشتە تازا ئوخشىتىپ بىزگە سامسا يېقىپ بېرىۋىدى ئۇ، — دېدى ئەسقەر قولىدىكى خەتنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

— رەھمەت باشلىق، رەھمەت!

— سەن ئۇنىڭ نېمىسى بولىسەن؟ — دېدى ئەسقەر.

— مەن ئۇنىڭ ئۈستىسى بولىمەن، ئەختەم ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدى. ئۇ چوڭ بولۇپ، خەقلەرنىڭ بىرتال يىڭنىسىنى ئالغان بالا ئەمەس، خۇداغا مىڭ شۈكرى، شۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. شۈكرى قىلىش كېرەك. مۇشۇ كۈندە كىمنىڭ پۇلى بولسا، كىمنىڭ كۈچى بولسا، شۇنىڭ گېپى راست بولىدۇ، شۇنىڭ قىلغىنى قىلغان بولۇپ قالىدۇ. ئامال بار مۇشۇنداق جېدەلگە ئارىلىشىپ قالمىغۇلۇق. ھەرھالدا تونۇشۇپ قالدۇق ئۈستام، شەھەرگە كىرسەم ئىزدەيمەن، ئىش بولسا مېنى ئىزدە، مەن ئۆمرۈمدە ئىككى خىل ئادەمگە ئامراق، بىرى ھارۋىكەش، يەنە بىرى ئاشپەز. مەن

ئۇچۇن بۇ ئىككى خىل ئادەم بەك مۇھىم. ھارۋىكەش مېنى پىيادە قويمايدۇ، ئاشپەز ئاچ قويمايدۇ. چۇش بولاي دەپ قالدى، چۇشتە ئاشخانىغا ئاش قىلىڭلار، دەپ قويغانىدىم، مەن سۇلتاننى چاقىرتاي، ئۇ مۇنچىغا چۇشۇپ كەلسۇن، بىز بىللە تاماق يەيلى، ئاندىن يولغا چىقىڭلار. مەن ئەزەلدىن جىنايەتچىلەر بىلەن بىر داستىخاندا بولمايمەن. سىنىڭ گېپىڭگە قارىغاندا، ئۇ گۇناھسىز بالا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، سىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىڭ بار ئىكەن،— دېدى ئەسقەر.

— رەھمەت ئەسقەر باشلىق، مۇشۇنچىلىك ئادەم ئەتكەنلىرىگە رەھمەت. مەن ئۇزلىرىنى خۇدايىم بۇيرۇسا ئايرىم يوقلايمەن تېخى، شۇ ۋاقىتتا بىللە ئولتۇرىمىز. مەن سۇلتاننى ئېلىپ يولغا چىقاي. ياخشى كۆڭۈللىرىگە مىڭ رەھمەت،— دېدى سوپى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

ئەمەلىيەتتە ئەسقەرنىڭ سوپى بىلەن بىللە تاماق يېگۈسى يوق ئىدى، ئۇ سوپى ئېلىپ كەلگەن گىلەمنىڭ يۈزىنى قىلىپ سەمەرقەند تەكلىپى قىلىپ قويغانىدى، شۇڭا سوپى ئۇستامنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا خۇش ياقتى.

— مەيلى ئەمىسە، كېيىن كۆرۈشەرمىز. سۇلتان كۆككۆۋرۈكتە سامىسخانىمىز بار، دەيدىغان، شەھەرگە كىرسەم ئىزدەيمەن.

شۇ ئارىدا ئەسقەرنىڭ خىزمەتچىسى سۇلتاننى چاقىرىپ كەلدى. سۇلتان ئۇستىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلىۋەتتى... ئۇستىسىمۇ سۇلتاننى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

ئۇلار ئەسقەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇزۇن ماڭماي كۆمۈرچى ھارۋىكەشلەر تاماق يەيدىغان بىر ئاشخانا بار يەرگە باردى ۋە ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. سوپى سۇلتاننىڭ باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلىۋەتتى...

— سېنى ۋاقتىدا يوقلاپ چىقالمىدىم ئۇكام. ساقچى

ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى كەلتۈرىمەن، دەپ ھەر كۈنى شۇلارنىڭ ئۆيىگە چاپتىم، مانا بۈگۈن ۋاقتى ـ سائىتى توشۇپتىكەن، بۇ قۇرقۇنچلۇق خاڭدىن قۇتۇلدۇق. ھە، ئەھۋالىڭ قانداق، ئۇلار سېنى ئۇرمىغاندۇ؟! — دېدى سوپى سۇلتانىنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ.

— ئۇرمىدى. سىزگە رەھمەت ئۇستام، ئەگەر ماڭا ھۈنەر ئۆگەتمىگەن بولسىڭىز، مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش خاڭنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كۆمۈر قازغان بولاتتىم. خاڭ ئاستى بەك خەتەرلىك بولىدىكەن، پات ـ پات ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدىكەن. . . خۇداغا شۈكرى!

— بۇ ئىشلارغا نېمە دەيمىز ئۇكام ئەمدى، ئۇلار سېنى تۇتۇپ كەتكەندە بىز بىر ئۇزۇك سوقتۇرماقچى بولغان ئەمەسمىدۇق، ئەتىسىلا بىرنەچچە داڭلىق زەرگەرلەر بىلەن كۆرۈشتۈم، بىراق ئۇلار سوقالمىدى، ئۇزۈكنىڭ گۈلىنى كەلتۈرەلمەيمىز، دېدى. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن ساقچىلار كېلىپ سېنى خاڭغا سۈرگۈن قىلغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ غېمىڭ بىلەن بولۇپ كەتتىم . . .

— ئۇزۈكنى ئۇلارغا بېرىۋەتمىگەنسىز؟ — دېدى سۇلتان ئۇستىسىغا قاراپ.

— ياق، بېرەمدىغان ئۇكا، خاتىرجەم بولغىن، ئۇزۈك مەندە. ھەي ئۇكا، ئاجايىپ جاھان ئىكەنغۇ بۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئاپاڭ بۇ ئۇزۈكنى ساڭا قالدۇرمىغان بولسىمۇ بوپتىكەن، دەيمەن، ئاپاڭ ئۇياقتا مۇشۇ ئۇزۈكنى دەپ كۆرگەن كۈنۈڭنى ئاڭلايدىغان بولسا، تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىدۇ ـ دە! ئۆتكەندە ئەخمەت قارى سۇلتانىنىڭ ئاپىسىنىڭ بار يېرىنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىمەن، دەۋاتاتتى، شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. خۇدايىم بۇيرۇسا ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالامسەن تېخى. بۇ گەپلەرنى قويايلى. ئەمدى، تاماق يەيلى، ھېلىقى ئەسقەر بۇقا دېگەن ئادەم ھەر ھالدا ئوچۇق نەرسە ئىكەن.

— شۇنداق ئۇستام، ئۇ قورسىقىغا ئامراق ئادەم ئىكەن. بەزىدە كېچىدە مېنى چاقىرتىپ سامسا يەيمەن، دەپ تۇرىۋالىدۇ، يېقىپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قالدى. ئادەم تۇرىدىغان يەر ئەمەسكەن ئۇستام بۇ خاڭ دېگەن. ئەختەم ئاقسۆڭەك ئەسلى مېنىڭ ئاكام، ئۇ ماڭا ئەسكىلىك قىلدى، مەن بۇ ئىشنى بۇنداق بولدى قىلمايمەن. ئۇ ئاش يېگەن قازاندا مېنىڭمۇ ھەققىم بار، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن!

— ئۇنداق دېمە ئۇكا، يامان بولىدۇ. خۇدالىق ئالەم بۇ، ھەر ئادەم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ئەمدى ئۇلار بىلەن ئېتىشمايلى، ئۆزىمىزنىڭ ئوقىتىنى قىلايلى، — دېدى سوپى.

ئاشخانىدا مانتىدىن باشقا تاماق يوق ئىدى، ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ مانتا يېيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ سۇلتاننىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتسە كېرەك، ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ مانتا يەۋاتاتتى. سوپى ئۇنىڭ كېسىك قولىقىغا نەزەر سالدى ۋە ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى...

## 5

مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ دادىسى قۇربان ئاقسۆڭەك ئۆز زامانىسىدا مۇشۇ شەھەردىكى بىردىنبىر يۈزلۈك ئادەم ئىدى، شەھەردە ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. قۇربان ئاقسۆڭەكنىڭ دادىسى سۇلايمان ماروژنى بازاردا ماروژنى سېتىپ جان باقىدىغان ھۈنەرۋەن ئىدى. بىر يىلى ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى تەڭ قۇراملىق بىر تۈركۈم بالىلار ئالتايغا بېرىپ ئالتۇن قازماقچى بولدى. قۇربانمۇ شۇ بالىلارغا قوشۇلۇپ،

ئالتايغا ئالتۇن قازغىلى باردى.
قۇربان كىچىكىدىن باشلاپ ئاغزىدە گېپى بار، تۆت ئادەمنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قوشالايدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن ئالتۇن قېزىش جەريانىدا يەنىلا ئۇلارغا باش بولۇپ ئىشلىدى. چۈنكى، ئۇ شۇ يەردىكى پېشقەدەم ئالتۇن قازىدىغان ئۇستىلارنى ئۇستا تۇتۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئالتۇن قېزىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدى، نەتىجىدە بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ چوڭ بىر دەسمى بولۇپ قالدى. ئۇلار ئالتايغا بارغان ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى ھاردۇقى چىققۇدەك ئالتۇن قېزىپ تۇردى. ئەلۋەتتە ئالتۇننى ئەڭ كۆپ قازغان ئادەم قۇربان ئىدى، شۇنداقلا ئۇ ئاشۇ باللار ئىچىدىكى ئالتۇننى چىڭ ساقلىيالىغان ھەم ئالتايدا ئەڭ ئۇزۇن تۇرغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بەزى ئاغىنىلىرى ئازراق ئالتۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، زېرىكىپ، جاپادىن قورقۇپ يۇرتىغا كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتاي شەھىرىدە ئۆيلىنىپ ماكانلىشىپ قالغانلارمۇ بولدى. قۇربان ئالتايدا ئون بىر يىل تۇردى، ئون بىر يىل ئىچىدە ئۆزىنى بەكمۇ ياخشى چېنىقتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كەتمەيتتى، باشقىلارغا ئوخشاش ھە دېسە شەھەرگە قاتىراپ، ئېگىز - پەس قىز - چوكانلارنىڭ كەينىدە يۈرمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ باللار ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى ياقتۇرمايدىغانلارمۇ بار ئىدى، «ئوغۇل بالا دېگەن نېمە ئۈچۈن پۇل تاپىدۇ؟ خەجلەيمەن، ئوينايمەن، دەپ پۇل تاپىدۇ، ئۆلۈپ تۇگەيدىغان جاھان بۇ!» دېيىشەتتى. ئون بىر يىل ئىچىدە قۇرباننىڭ دادىسى سۇلايمان ئالتايغا ماڭغان ئالتۇنچىلاردىن ئىككى قېتىم خەت ئەۋەتكەن بولدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم دادىسىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ يولغا چىقماقچى بولغاندا، بىر تاغدىن ناھايىتى جىق ئالتۇن چىقىپ قېلىپ،

تۇرۇپ قالدى؛ دادىسىدىن ئىككىنچى قېتىم خەت تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇ بېلىنى چىڭ باغلاپ، «خوش ئەمسە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئالتاي» دەپ بۇ ئەزىز، باي ماكان بىلەن خوشلىشىپ، يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ زاماندا قۇربان ئانا يۇرتىغا مەيدىسىنى كېرىپ قايتىپ كەلگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئون بىر يىلدىن بېرى ئۇ توغرىلىق بۇ كىچىككىنە شەھەردە نۇرغۇنلىغان گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. گەپ - سۆزلەر ئاساسەن ئۇنىڭ كاتتا باي بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئون بىر يىل ئىچىدە خېلى كۆپ ئالتۇن تاپقانىدى. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بەكمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن دادىسى سۇلايماننى بازارغا چىقارماي قويدى، كىشىلەرمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ دادىسىنى سۇلايمان مارۇژنى دەپ ئاتىمايدىغان بولدى. قۇرباننىڭ قولىدىكى پۇل بىر كېچىدىلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەمنى ئالتۇندەك يېقىملىق قىلىپ پارقىرىتىۋەتتى. قۇربان شەھەرنىڭ مەركىزىي ئورنىدىن جايلىق يەر سېتىۋېلىپ، كاتتا ئۆي سېلىپ كۆچۈپ باردى. ئارقىدىنلا دادىسى سۇلايمان ئۇنى ئۆيلەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى. ئۇ خادىك قىلدى، ئۆيىگە خىزمەتچى ياللىدى، چۈنكى ئۇ شەھەردىكى كاتتا بايلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغاندا، ياخشى خادىك بىلەن خىزمەتچى بولمىسا بولمايتتى.

يۇرت مۆتىۋەرلىرى قۇرباننى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. سەۋەبى، ئۇ دادىسى بىلەن ئانىسىغا، ئىنىلىرىگە، ھەدە - سىڭىللىرىگە بەكمۇ ياخشى قارايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قورۇ - جاي ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم

شارائىتتا ئىگە قىلىغانىدى. يەنە بىر سەۋەب، قۇربان باشقا بايلارغا ئوخشاش كىچىك خوتۇن ئالمىدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئاۋات بازارلىرىدا قىشنى ياساپ، قولىقىغا گۈل قىستۇرۇپ يۈرىدىغان سەتەڭ قىز - چوكانلارنىڭ كەينىدە يۈرمەيتتى. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتە، جەمەتى ئىچىدە، مەھەللىدە، چوڭ - كىچىكلەر ئىچىدە يۈز تېپىپ كەتتى. قىسقىسى، قۇربان بىرەر موللىنىڭ قولىدا ئوقۇمىغان بولسىمۇ، تاپقان پۇلىنى ئۆز يولىدا ئىشلەتتى ۋە بىر پۇلىنى ئىككى قىلىپ تۇرالىدى.

بىر كۈنى مەسچىتنىڭ ئىمامى ياسىن قارى ئۇنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن پاراڭغا چۈشتى.

— سىز ئالتايدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۆيگە چاقىرالمىدىم قۇربان ئۇكام، سەت بولدى. قېنى، تاماققا بېقىڭ، — دېدى ياسىن قارى كەمتەرلىك بىلەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە قارىكا، ئەسلىدە مەن سىلىنى يوقلاپ كەلسەم بولاتتى، مەن سىلىنى يوقلاپ كېلەلمەي سەت ئىش قىلدىم، — دېدى قۇربان ھۆرمەت بىلەن.

ياسىن قارى قۇرباننى مەقسەتلىك ئۆيىگە چاقىرغانىدى. ئۇ گەپنى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېقىنلاشتۇردى.

— ھەرھالدا ياخشى ئۇكام، جامائەتمۇ سىزنىڭ كېيىنكىزنى قىلىشىۋاتىدۇ. ئەمدى بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتىدىغان گەپ ئۇكام، — دېدى ياسىن قارى.

— رۇسىيىگە چىقىپ ئوقەت قىلايمىكىن، دەيمەن، بىر تۇرۇپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، مال يۆتكەيمىكىن، دەيمەن. ئۆزلىرى دېگەندەك بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىسام بولمايدۇ، — دېدى قۇربان.

— ھە، مۇنداق دەڭ ئۇكام، ئەمىسە، مەن سىزگە بىر مەسلىھەت بېرەي، ئويلىشىپ بېقىڭ، بىز چوڭلارنىڭ مۇشۇنداق ئىشلاردا مەسلىھەت بەرگۈمىز كېلىپ قالىدىكەن، بۇنى توغرا

چۈشىنىڭ. ئەمدى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن قارىغاندا، مۇشۇ شەھەردە ئوقەت قىلغىنىڭىز ياخشى، ئالتايدا ئۇن نەچچە يىل تۇرۇپ كەلدىڭىز، ئەمدى يەنە سىرتقا چىقىپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويامسىزكىن دەيمەنغۇ، مۇشۇ شەھەردىمۇ ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. مەن سىزگە مۇنداق بىر قانچە مەسلىھەت بېرەي: سىز شەھەردە بىر نەچچە يەردە دۇكان ئېچىڭ، ياخشى يەردىن يەر ئېلىپ، چوڭ - چوڭ تۇرلۇك ماللار دۇكىنى سېلىڭ؛ دۇكاننى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى ئاچسىمۇ بولىدۇ، باشقىلارنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. بەزىلەر دۇكاننى كۆزگە ئىلمايدۇ. تۇڭگانلارنىڭ «شو مەي مەي، خو مەي مەي» دېگەن بىر گېپى بار، بۇ «ئۇششاق ئوقەت ياخشى ئوقەت» دېگەن گەپ ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، ئۇششاق تىجارەت دېگەننىڭ پايدىسى ئاز بولغان بىلەن، كۆندە سودا - سېتىق بولۇپ تۇرىدۇ - دە، «تاما - تاما كۆل تولا» دېگەن شۇ! ھەممە ئىش دەسلەپتە كىچىكتىن باشلىنىدۇ، ئىشنىڭ ئېپىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا شەھەرنىڭ چوڭ - چوڭ سودىسىنى ئۆزىڭىزگە قارىتالايسىز، شۇنىڭ بىلەن سىز شەھەردە ئاساسىڭىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيسىز. ھازىر رۇسىيىنىڭ ماللىرى ئەرزان، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مېلى سىزگە قىممەت توختاپ كېتىدۇ. چۈنكى، بېجى ئېغىر، رۇسىيىنىڭ ماللىرىدىن ھۆكۈمەت باج ئالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ماللىرى ئەرزان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، جامائەت ئۇياقنىڭ ماللىرىغا ئۆگىنىپ كەتكەن. دېمەك، سىز شەھەردە سودا ئىشلىرىنى ئاساس قىلىڭ. ئىككىنچىدىن، سىز دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىڭ، بىنام تېرىڭ، ئەڭ مۇھىمى، يېزىدىن يەر سېتىۋېلىڭ، بوز يەر ئېچىڭ، مۇشۇنداق قىلىپ يەنە بىر كۆچىڭىزنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارىتىڭ. بۇ ئىشقا ياخشى كۆڭۈل بۆلسىڭىز، پۈتۈن ئائىلىنىڭ قورساق ئىشى ھەل

بولىدۇ، ئۆيدىكى ئات ـ ئۇلاقلارنىڭ يەم ـ خەشىكىمۇ ھەل بولىدۇ. مانا بۇ ئىش سىزنىڭ ئاساسىڭىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ بارىدۇ. ئۈچىنچىدىن، سىز تاغدا چارۋا قىلىڭ، چارۋا قىلغاندا ئات بىلەن كالىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، قويمۇ قىلىش كېرەك. رۇسىيىلىكلەر ھازىر ئات بىلەن كالىنى بەك كۆپ ئېلىۋاتىدۇ، چوڭ مالنىڭ پايدىسى چوڭ بولىدۇ، دېگەن گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇياقنىڭ ئادەملىرى ئاساسەن كالا گۆشىگە ئامراق، سىز مۇشۇ جەھەتلەردە بازارنى ئىگىلىسىڭىز ئىشىڭىز ئوڭغا تارتىدۇ. سىز ئالدى بىلەن مەن دېگەن مۇشۇ ئۈچ ئىشنى قىلىڭ، شەھەردە دۇكان ئېچىپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىڭىزنى يولغا قويۇڭ؛ يېزىدا يەر ئېلىپ، يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىڭ؛ تاغدا مال ـ چارۋا باقتۇرۇپ، شەھەردىكى ئىشىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، قولىڭىزدىكى بىر پۇلنى ئىككى قىلالايسىز، سودىڭىزمۇ، دېھقانچىلىقىڭىزمۇ، چارۋىچىلىقىڭىزمۇ داۋاملىق راۋاج تاپىدۇ، دەسمايىڭىز كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، قولىڭىزدىكى بايلىقنى ئەۋلادلارغا قالدۇرالايسىز. مانا بۇ سىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى يول.

ياسىن قارىنىڭ مەسلىھەتى قۇربانغا بەكمۇ خوش ياقتى. ئۇ دىققەت بىلەن ياسىن قارىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز قارىكا، بۇ ناۋاتتەك مەسلىھەت بولدى. مەن خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا سىز دېگەندەك يول تۇتىمەن. بۇ بەك ياخشى مەسلىھەت بولدى، ياخشى ئەقىل كۆرسەتكىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت! — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

— ئەرزىمەيدۇ ئۇكام. پۇل تاپماق تەس، ئۇنى تۇتۇپ تۇرماق تېخىمۇ تەس. شۇڭا سىز بۇ ئىشتا كۆپرەك باش قاتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز ئاۋۋال مەن دېگەن شۇ ئىشلارنى

قىلىڭ، بۇ ئىشلارنى يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇنداق بىرقانچە ئىش ئۈستىدە ئويلاشسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز جامائەت ئىشلىرى، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە چىقىرىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز يۈز - ئابرۇيىڭىز ئۈچۈنلا ئەمەس، سودا - تىجارەت ئىشلىرىڭىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولىدۇ،— دېدى ياسىن قارى،— سىزگە خۇدا بەردى، شۇ خۇدانىڭ مۆمىنلىرى ئۈچۈن ئاز - تولا خەير - ساخاۋەت قولىڭىزنى سۇنۇپ قويۇڭ، سىز ئالدى بىلەن بىر مەكتەپ سېلىڭ. مەن كۆپ يەرلەرگە باردىم، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى ئىشلار ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىۋاتىمەن. بىز ئىلىم - پەن ئۆگەنمىسەك بولمايدىكەن. ھازىر شەھەردە بىرنەچچە بايلار بىرلىشىپ ئۈچ پەننى مەكتەپ سېلىپ بولدى، ئەمدى سىز ئۆز ئالدىڭىزغا بىر مەكتەپ سېلىپ، بالىلارنى پەننى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بۇ ئىشىڭىز جامائەتكە بەك ياقىدۇ ھەم يۈز - ئابرۇيغا ئىگە بولالايسىز. بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر قىلىمەن، دېسىڭىز، يېتىم بالىلارغا ئۆزىڭىز ئىگە بولۇپ، ئاشۇ مەكتەپكە ئەكىرىپ ئوقۇتسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇمۇ بىر چوڭ ساۋابلىق ئىش. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، پۇلنى تاپتىڭىز، ئەمدى ساۋابمۇ تېپىش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنى قولىڭىزدىكى پۇلىڭىزنى كۆپەيتىش ئاساسىدا قىلىش كېرەك.

— رەھمەت قارىكا، بۇ سۆزلىرىڭىز ماڭا بەك ياقتى، سىز بەك توغرا سۆزلىدىڭىز. ئادەم پۇل تېپىشتىن بەكرەك پۇل خەجلەشنى بىلىشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر مەن سىز دېگەندەك قىلسام، بىر نېنىم ئىككى بولىدىكەن، مەن چوقۇم سىز كۆرسەتكەندەك يول تۇتىمەن،— دېدى قۇربان بىردىنلا روھلىنىپ.

— خۇدايىم بەرسۇن ئۇكام، ئارىمىزدىن سىزدەك چوڭ بايلار كۆپرەك چىقسا، جامائەتنىڭمۇ ئىشلىرى يورۇشۇپ تۇرىدۇ. يېقىندا مەن مەسچىت ئىچىدە بەزى كىچىك بايلارغا قارىتىپ مەقسەتلىك هالدا سۆزلەۋاتىمەن، ئۇلارمۇ ئاز - تولىدىن پۇل چىقىرىشىپ، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش دېگەندەك جامائەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، — دېدى ياسىن قارى.

ياسىن قارىنىڭ بۇ مەسلىهەتى قۇربانغا بەكمۇ خۇش ياقتى. ئۇ هاياتىدا يېڭى بىر يولنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياسىن قارى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.

قۇربان ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ياسىن قارىنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئىش كۆردى. ئۇ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى جېنى بار يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، شەهەردە دۇكان سېلىش ئىشلىرىنى يولغا سالدى، ئۈچ چوڭ مەركىزىي كوچىغا ئۈچ چوڭ دۇكان سېلىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى باشلىۋالدى. ئارقىدىن بىنام تېرىش، يېزىدا ئۆلكە يەر تېرىش ئىشلىرىغىمۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ يۈز مودىن كۆپرەك يەرگە بۇغداي، قوناق تېرىدى، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ بەك ئوڭۇشلۇق بولدى. ئارقىدىن ئۇ چارۋا - مال قىلىش ئۈچۈن يول ماڭدى، بىر يىل ئىچىدىلا چارۋىچىلىقنىمۇ يولغا قويۇۋالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ياسىن قارىدىن مەسلىهەت ئېلىپ تۇردى. قۇربان شۇ يىلى يازدا ئوغلى مالىكنى ئېلىپ، شەهەردىكى بىر قانچە بايلار بىلەن تاغقا چىقىپ دەم ئالدى، چۈنكى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مالىك تاغقا بەك ئامراق ئىدى.

قۇربان ئىككىنچى يىلى ياسىن قارىنىڭ مەسلىهەتى بويىچە مەهەللىگە كاتتا بىر پەننىي مەكتەپ سېلىپ بەردى هەم مەهەللىدىكى ئون نەچچە يېتىم بالىنى يىغىپ، مەكتەپتە

قوندۇرۇپ ئوقۇتتى. ھە دېگەندە مەكتەپكە ئىككى يۈزگە يېقىن بالا كىرىپ ئوقۇدى. قۇربان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ياردەم بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى شەھەردە خېلى سۆز-چۆچەك قىلىشلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ شۇقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇ يىلىدىن باشلاپ، جامائەت قۇرباننى «قۇربان ئاقسۆڭەك» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

يىللار ئۆتتى. قۇربان ئاقسۆڭەكنىڭ مال-دۇنياسى، پۇلى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇ كۈندىن-كۈنگە يۈز تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مەھەللىدىكى نامراتلارغا ياردەم بېرىپ تۇردى.

يىللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. قۇربان يەتمىش ياشقا كىرگەن يىلى ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. نەچچە يىل ئىلگىرىلا قۇربان قىلىۋاتقان ھەممە ئىشنى چوڭ ئوغلى مالىككە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. مالىك بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاغدىكى چارۋا-ماللىرىنى، يېزىدىكى تېرىلغۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، شەھەردىكى دۇكانلارنىڭ ھېساب-كىتابىنى قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپ يۈردى. قۇربان ئاقسۆڭەك بۇ ئوغلىدىن خاتىرجەم ئىدى، چۈنكى مالىك پۈتۈن كۈچى بىلەن ئائىلىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. قۇربان سەكسەن ياشقا كىرگەندە، كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇ يالغۇز مالىكنىلا قېشىغا چاقىرتىپ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ ئۆتتى:

— مەن ئەمدى ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن بالام،— دەپ گېپىنى باشلىدى بۇ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ جان بېقىپ كەلگەن

بوۋاي بوش ئاۋازدا،— ئەمسە ئۆي ساڭا قالدى. ئۆيگە ياخشى قارا، باللارغا ياخشى قارا، ئىقتىسادنى ياخشى باشقۇر. پۇل تاپماق ئاسان ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق پۇل تېپىش يولىدا باش قاتۇر. تاغدىكى ماللارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتمىسۇن، بۇ ئىشقا بەك دىققەت قىل، ئۆلكە يەر بىلەن بىنام يەرلەرنى ياخشى باشقۇر، ئۇ يەرلەرنى ھەرگىزمۇ قولۇڭدىن چىقارما، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق. دۇكانلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆل، دۇكانغا مال سېلىش ئىشلىرىغا ئۆزۈڭ ئارىلاش، ئۆزۈڭ قول سېلىپ ئىشلىمىسەڭ بىر پۇلۇڭ ئىككى بولمايدۇ. ئادەم ئىشلەتكەندە پاك، سادىق ئادەملەرنى يېنىڭغا تارت، بۇنداق ئادەملەر قىلغاننى بىلىدۇ ھەم سېنىڭ قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولالايدۇ. ھازىر پۇلنىڭ كۈچى تۆۋەنلەپ كەتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى ئادەم كۆپىيىدۇ، ئادەم كۆپەيگەندىكىن بىر پۇلغا ئالغىلى بولىدىغان نەرسىنى ئىككى پۇلغا بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت، بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن. مېنىڭ ساڭا تاپىلايدىغىنىم بالام، سەن ھەر يىلى قولۇڭغا چۈشكەن پۇلغا ئالتۇن ئېلىپ ساقلا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساڭا يەنە تاپىلايدىغىنىم، تاغدىكى چارۋا - ماللار بىلەن تېرىۋاتقان يەرلەرنى قولۇڭدىن چىقارما، ئۇلار ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، ئالتۇن تۈگەيدۇ، لېكىن چارۋا - ماللار بىلەن يەردىن كىرىدىغان بايلىق تۈگىمەيدۇ، شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىز «يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق» دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارغا ئاسانلىقچە سىرىڭنى بەرمە، ئوغۇل بالا دېگەن سىر ساقلاشنى بىلىشى كېرەك. ئۆزۈڭگە چىڭ بولۇپلا قالماي، باشقىلارنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىمۇ ئاغزىڭنى چىڭ تۇت، ئاغزىڭدىن كەتمە، خەقلەرنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا چېتىلىدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالما. بەزى گەپلەرنى ئالتۇن بەرسىمۇ ئاڭلىما، بەزى گەپلەرنى ئالتۇن بېرىپ تۇرۇپ ئاڭلا. سەن جاھاننىڭ

مۇشۇنداق سىرىنى بىلەلىسەڭ، ئىش ـ ئوقىتىڭنى تەڭشەپ تۇرالىساڭ، ئىشلىرىڭ يۇرۇشۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئىلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا دىققەت قىــل، يامان، رەزىل ئادەملەر بىـــلەن ئارىلىشـــپ قالما. قانداق ئادەمگە بېرىش كېرەك، قانداق ئادەمدىن ئېلىش كېرەك؟ دېگەن ئىشلاردا كۆپ باش قاتۇر. بېرىشنى بىلمىسەڭ ئالالمايسەن، بېرىشتىكــى مەقسەت ئېلىش. قىســقىسى، تەجــرىبىلىك بولغىن، چىقىشقاق بولغىن. شۇنداق قىلالــساڭ بىر پۇلۇڭ ئىككى بولىدۇ، يۈز مېلىڭ مىڭ بولىدۇ. . .

قۇربان توختىماي سۆزلەپ ھېرىپ كەتتـــى، ئۇ ئاستا كۆزلىرىنى يۇمدى.

— دادا، دادا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى مالىك ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ۋارقىراپ.

— قورقما بالام، مەن تېخى ساڭا دەيدىغان گېپىمنى دەپ بولالمىدىم،— دېدى قۇربان كۆزىنى ئېچــپ. — مەن ئەر ئۆمرۈمدە تاپقان پۇلۇمنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن سېتىۋالغان. ئەينى زاماندا مەن ئالتايدا ئالتۇن قازغاندا تاپقان ئالتۇنلىرىمنى قوشقاندا ھەممىسى 74 چوكا ئالتۇن بوپتىكەن، بۇ ئالتۇنلارنى مەن ھېچ كىمگە كۆرسەتمىدىم، ئازراق سېتىپ پۇل قىلىپ ئىشلارنى.يولغا سېلىۋالغان بولدۇم. كېيىن تاپقان پۇللىرىمنى داۋاملىق ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ، ئالتۇنلىرىمنى يۈز چوكىغا يەتكۈزدۈم. شۇنچە بايلىق توپلاش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدىم بالام. بۇ ئالتۇنلارنى مەن ساڭا قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر تۆمۈر ساندۇققا سېلىپ، ھازىر مەن يېتىۋاتقان مۇشۇ كارىۋاتنىــڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويغانىدىم، بۇنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ، ساڭىمۇ بۇ ئىشنى بۈگۈن دەۋاتىمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا، مۇشۇ ئالتۇننى ئېلىپ ئىشلەت. ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنما، مال ـ دۇنيا دېگەن

ئادەمگە دۈشمەن نەرسە، شۇڭا ھەرقانداق ئادەمدىن، ھەتتا قوينىڭدا ياتىدىغان ئادىمىڭدىنمۇ سىر ساقلىشىڭ كېرەك. كارۋاتنىڭ تېگىنى بىر مېتىر كولىساڭ ساندۇق چىقىدۇ، ئالتۇننىڭ ھەممىسى ئاشۇ ساندۇقتا، خۇدايىم بۇيرۇسا ھەممە ئىشىڭ راۋان بولۇپ كېتىدۇ بالام...

قۇربان ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئاران بەش كۈن ياشىيالىدى. جۈمە كۈنى ئاش ۋاقتى ئىدى، قۇربان ئاقسۆڭەكنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشى مالىك ئاقسۆڭەككە قالدى. مالىك دادىسىنىڭ يىل نەزىرىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

## 6

مالىك ئاقسۆڭەك دادىسىنىڭ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى بىرياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاراتتى. ياز يېتىپ كەلگەنىدى. بۇرۇنقى زاماننىڭ مۇقاملىرىغا سادىق ياز ھەممە ئادەمگە خۇش ياقىدىغان ئىسسىق ھارارەتنى زېمىننىڭ ھەر بىر بۇلۇڭلىرىغا مەردلىك بىلەن چاچتى. يازنىڭ مۇھەببىتى بىلەن يول تاپقان كىشىلەر ياغ چاپىنىسا، يازنىڭ يامغۇرلىرى ئاستىدا قالغان كىشىلەر چىشىنى چىشلەپ بىر پارچە نان ئۈچۈن قايغۇراتتى. دېمەك، يازنىڭ تاتلىق شاماللىرى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ھاياجانغا سالغانغا ئوخشاش، مالىك ئاقسۆڭەكنىمۇ ھاياجانغا سالغانىدى، ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش ھەر يىلى يازدا خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ

تاغقا چىقىپ، ماللىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇشقاچ دەم ئېلىپ كېلەتتى، ئۇ ھەتتا تاغنىڭ ھاۋاسىغا، يېشىللىقىغا، تىنچلىقىغا خۇمار ئىدى. تاغدىكى پاكىز كۆك ئاسمان ھەر دائىم ئۇنى ھاياجانغا سالاتتى. شۇ يىلى ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تاغقا باللىرى بىلەن بىللە چىقمىدى، باللىرىنى خىزمەتچىلىرى بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى ئۆيدە قالدى. چۈنكى، بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ خىيالى رەھمەتلىك دادىسى قۇربان ئاقسۆڭەك ئۇنىڭغا ئېيتقان ئاشۇ تۆمۈر ساندۇقتىكى ئالتۇندا بولۇپ كەلدى. يەر ئاستىدىكى ئاشۇ ئالتۇن ھەر دائىم ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلايتتى، ئۇنىڭ چۈشىنى بۇزاتتى. ئۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا دادىسى ياتقان كارىۋاتنى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئاستىنى كولاشقا كىرىشتى، خۇددى رەھمەتلىك قۇربان ئاقسۆڭەك ئېيتقاندەك، ئۇ كارىۋات ئاستىنى بىر مېتىرچە قازغاندىن كېيىن، بىر تۆمۈر ساندۇق چىقتى، تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، دادىسى رەھمەتلىك ئېيتقان چوكا ئالتۇنلارنى كۆردى. پارقىراپ تۇرغان چوكا ئالتۇنلارنى بىر ــ بىرلەپ ساندى، چوكا ئالتۇن توپتوغرا يۈز دانە ئىدى. مالىك بەكمۇ ھاياجانلاندى ۋە يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، تەرلەپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپلا چۆچۈپ كەتتى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ قورۇنىڭ ئىچىگە قارىدى. قورۇدا ھېچكىم يوق ئىدى، ئۇ ئەتىگەندىلا قورۇغا قارايدىغان خىزمەتچىسىنى دۇكانغا مال ئەكېلىشكە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەنىدى. مالىك خاتىرجەم بولدى. ئۇ ئالتۇننى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، قازغان يېرىنى تۈزلىدى، ئارقىدىن ئالتۇننى بىخەتەر دەپ قارىغان بىر ئورۇنغا جايلاشتۇردى.

يىللار ئۆتتۈۋەردى، مالىكنىڭ تىجارەت ۋە ئىگىلىك ئىشلىرى يىلدىن يىلغا تەرەققىي قىلىۋەردى، ئۇ دادىسى ئېيتقاندەك، قولىغا چۈشكەن پۇلنى ۋاقتىدا ئالتۇنغا

ئالماشتۇرۇپ تۇردى.

بىر يىلى يازدا ئۇ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن تاغقا چىقىپ ئويناپ كەلدى، لېكىن بۇ قېتىمقى ئويۇن ـ تاماشا ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئېغىر روھىي ئازابقا پاتۇرۇپ قويدى. مالىك كۆز يۇمۇش ئالدىدا تاغدىكى مەلىكەمدىن بولغان بالىسى سۇلتان ئۇنىڭغا تەڭلىگەن، ئاشۇ قېتىم ئۆزى مەلىكەمگە بەرگەن ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ھوشىدىن كەتتى. نەتىجىدە ئۇ گاچىلىشىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي ئازاب ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى...

شۇ يىلى ئۇلار تاغقا چىقىپ دەم ئالغاندا، تاغنىڭ ئۇ قېتىمدا دەم ئېلىۋاتقان قاسىمباي دېگەن سودىگەر بىر كۈنى كەچتە ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلغان، مالىك مەلىكەمنى تۇنجى قېتىم شۇ كۈندىكى مېھماندارچىلىقتا كۆرگەنىدى. بۇ ساددا، بەكمۇ ئوماق قىز قاسىمباينىڭ ئايالىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. قاسىمباي ئەسلىدە كەمبەغەل ئىدى، قاسىمباينىڭ چېچى يوق دېگۈدەك شالاڭ ئىدى، ئاغىنىلىرى ئۇنى تاز دەپ چاقچاق قىلاتتى، كېيىنچە بۇ سۆز ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ قالغانىدى ۋە كىشىلەر ئۇنى قاسىم تاز دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى. قاسىمباي ھەر كۈنى بىسمىللا دەپ ئورنىدىن تۇرۇپلا تۇغماس خوتۇنىنىڭ قولىدا دان يەيدىغان ئۆردەكتەك توختىماي ۋالاقشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى. «ئادەم بالىسى گەپكە ئۇنداقمۇ ئۇستا بولماس» دەيتتى ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ. قاسىم ئەسلىدە بازاردا تاڭگا ساتاتتى، ئۇ تاڭگا ياساشقا بەكمۇ ئۇستا ئىدى، بىر چاقلىق غالتەك ھارۋىسىغا ئاپئاق تاڭگانى چىرايلىق تىزىپ، بازارمۇ بازار يۈرۈپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇنىڭ مەست ئادەمگە ئوخشاش لىڭشىپ ماڭىدىغان غالتەك ھارۋىسىنىڭ مايسىراپ كەتكەن چاقى سەت چىرقىراپ ئايلىناتتى. بۇنداق ۋاقىتتا بازاردىكىلەر «قاسىم تاز،

هارۋاڭنىڭ چاقىنى مايلاپ قويساڭ بولمامدۇ» دېسە، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا ئاداش سىلىمۇ ئۆگەي خوتۇندەك گەپ قىلىسىلە ئىكەن. كانايغا يوق، غالتەككە نەدە ياغ؟» دەپ چاقچاق قىلاتتى. قاسىم يىگىرمە بەش يېشىدا مۇسابايىنىڭ كالپۇكى پۇچۇق بولغاچقا لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان 40 ياشلىق قىزى زەمىرەنى ئالدى. قاسىم مۇسابايىنىڭ پۇلىغا قىزىقىپ بۇ قېرى قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، قېيناتىسى بەرگەن پۇلنى دەسمى قىلىپ، ئوقەت قىلىپ بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۆزىنى خېلى ئوبدان چىڭدىۋالدى ۋە ئۇمۇ بايلار قاتارىدا يىلدا بالىلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ، دەم ئېلىپ يۈردى.

شۇ كۈنى تاماق يەپ ئولتۇرۇپ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ كۆزى ئوتتۇرلۇقتا مېڭىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان مەلىكەمگە چۈشتى. كەچلىك ئولتۇرۇش بەكمۇ قىزىپ كەتكەنىدى، مالىك پۇرسەت كۈتۈپ، مەلىكەمنى ئورمانغا ئەكىرىپ، ئۇنى ئالداپ ــ سىلاپ مەقسىتىگە يەتتى. شۇ كۈنى ئۇ بېشىغا پۇل سالمىغانىدى، ئالدىراشلىقتا سۇلتاننىڭ قولىدىكى ئاشۇ ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بىرىۋەتكەنىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن مالىك پات ــ پات قاسىمبايىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىدى، مالىك قاسىمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ياغاچ ئۆيىگە چاقىرىپ تۇردى. ھەر يىلى تاغدا بىر ئاي تۇرىدىغان مالىك شۇ يىلى تاغدا ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدى. نادان، ساددا، ئەر ــ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىشنىڭ ئاخىرى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان مەلىكەم مالىكنىڭ ئۈزۈكىگە، پۇلىغا ئالدىنىپ، ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۇنىڭ ئاستىدا دەپسەندە بولۇپ يۈردى. ياز تۈگەپ، كۈز كەلگەندە، مەلىكەم شەھەردە داۋاملىق قاسىمبايىنىڭ ئايالى زەمىرەنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ يۈردى. قىش كىرگەندە،

مەلىكەمنىڭ قورسىقى كۈندىن - كۈنگە يوغىناشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆكسى چوڭىيىپ - ئېسىلىپ، ئاغزى شۇ قەدەر چىرايلىق ئېچىلىپ قالىدىغان بولدى. بىر كۈنى زەمىرە ئۇنى ئۆزىنىڭ خانىسىغا چاقىردى.

— ھەي قىز، نېمە گەپ بۇ، قورسىقىڭىز يوغىناپ كېتىۋاتىدىغۇ! ؟ — دېدى زەمىرە غەزەپ بىلەن.

مەلىكەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىترەپ، چىرايلىق يۈزلىرى قان بىلەن بويالغاندەك بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بۇنداق بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ قورقتى، تىترەشكە باشلىدى، ئاندىن يىغلاپ كەتتى.

زەمىرە مەلىكەمنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. سەۋەبى بۇ ياۋاش قىز تۆشۈك ئىشلىرىنى بەكمۇ پاكىز، ئىدىتلىق قىلاتتى؛ زەمىرەنىڭ كىيىملىرىنى ۋاقتىدا يۇيۇپ تازىلاپ، دەزمال سىلىپ، ئۇنىڭ كىيىم ئىشكاپىغا سىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ تۇراتتى. مەلىكەم ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن، ئىشقا پىشقان ئىدى. ئۇ كىر يۇغاندا ئىچكى كىيىملەر بىلەن تاشقى كىيىملەرنى ئايرىم - ئايرىم يۇياتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئەتە - ئاخشاملىرى زەمىرەنىڭ بېشىنى بېقىپ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. شۇڭا ئۇ بۇ قىزغا بەك ئامراق ئىدى. مانا ئەمدى مەلىكەمنىڭ قورسىقىنىڭ يوغىناپ قېلىشى ئۇنى بەكمۇ غەزەپلەندۈردى.

— گەپ قىلىڭ، كىم ئۇ؟ — دېدى زەمىرە ۋارقىراپ.

مەلىكەم ئۈن سېلىپ يىغلاپ يەرگە قاراپ تۇرىۋالدى.

— قانداق قىزسىز، نېمىشكە جاۋاب بەرمەيسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى زەمىرە ئۆزىنى تۇتىۋالالماي.

— مالىككام . . .

— نېمە، مالىك ئاقسۆڭەكما؟

— ھەئە. . .

زەمىرە غەزەپلەندى. ئۇ ئىچىدە مالىكنى مىڭنى تىللىدى:

— پەس نەرسىكەن ـ دە، ئۇ هارامزادە. خىزمەتچى قىزغىمۇ چىقىلامدۇ؟ بۇ جاهاندا نېمە تولا، قىز تولا، نى بايلارنىڭ سۇرەتتەك قىزلىرى بار. ئاقسۆڭەك بولغاندىكىن ئۆزىنىڭ خىلى بىلەن هەپىلەشسە بولمامدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

مەلىكەمنى يولغا سالغاندىن كېيىن، زەمىرە ئويلىنىپ قالدى.

زەمىرە دەسلەپتە مەلىكەمنى مالىككە توقاللىققا بەرمەكچى بولدى، چۈنكى بۇ ئىشقا ئۇنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئىت بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك ـ دە، نېمىدېگەن هارامزادىلىك بۇ؟ «ياق، بۇ ئىشنى باستۇرۇۋەتسەم، مەن ئۇچۇنمۇ سەت بولىدىغان ئوخشايدۇ، توختا» دېدى زەمىرە دەسلەپكى نىيىتىدىن يېنىپ. ئاخىرقى هېسابتا ئۇ باشقىلارغا مەلىكەم ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ قويۇپ، ئۇنى سەهراغا يولغا سېلىپ، شۇ يەردە بوشاندۇرغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ سەتچىلىكنى باستۇرىۋەتتى. لېكىن، زەمىرە بىر كۈنى ئۆلۈك كەلتۈرۈپ، دەيدىغان گېپىنى مالىككە دەۋالدى:

— هاڭگا ئىشەك ئەزەلدىن تەخىيىگە ئىگە بولمايدۇ، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان بىر دىدەككە ئىگە بولمىسام بولمايدۇ، مالىك. مەلىكەم بوشۇنۇپ بولدى، بالا سىزنىڭ بالىڭىز ئىكەن. ئۇ قىز هازىر سەهرادا، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بالىنىڭ خىراجىتىنى بەرمىسىڭىز بولمايدۇ! — دېدى زەمىرە ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىرە قىلماي.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مالىكنىڭ يۈزى قىزاردى. ئۇ مەلىكەمنىڭ بويىدا قالار، دەپ ئويلىمىغانىدى، ئۇ زەمىرەنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەلىكەمگە خېلى جىق پۇل بېرىپ قۇتۇلغان بولدى.

مەلىكەم ئوغۇل تۇغقانىدى، ئۇنىڭغا سۇلتان دەپ ئات قويىدى. بۇ غازاڭدەك ئاجىز قىز ھە دېگەندە تۇرمۇشنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىق قامچىسىنى يېدى. دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ قەدەر رەھىمسىز ئىدى، زەمىرە ئۇنىڭ بىردىنبىر نىجاتچىسى بولدى، زەمىرەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۇ بوشۇنۇپ قىرىق كۈن بولغاندا، سۇلتاننى سەھرادىكى تۇغقانلىرىغا بېرىۋېتىپ، زەمىرەنىڭ قېشىغا يېنىپ كىردى. ئۇ مالىك بەرگەن پۇلغا بىر سىيىر سېتىۋېلىپ، ئۇنى تۇغقانلىرىغا بەردى. سۇلتان سىيىرنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چوڭ بولدى. سۇلتان بەش ياشقا كىرگەندە، قاسىم ئائىلىسى بويىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا كۆچىدىغان بولدى. مەلىكەم زەمىرە بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى.

## 7

مەلىكەم سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن يىلى، سەھرادىكى تۇغقانلار سۇلتاننى مەلىكەمنىڭ ئانىسىغا ئەكېلىپ بەردى. بىرىنچىدىن، تۇغقانلارغا بۇ بالا ئېغىر كەلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار بۇ سەتچىلىكنى ئاشكارىلىمىسا بولمايتتى. سەھرادىكى تۇغقانلار دەسلەپتە زەمىرەنىڭ بېسىمى بىلەن، يەنە مەلىكەم بەرگەن پۇلنىڭ كۈچى بىلەن سۇلتاننى بېقىۋېلىشقا ماقۇل بولغانىدى، ئەمدى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇلتان ئۇلارغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالغانىدى. سۇلتان ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە، بوۋىسى بىلەن مومىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭ ئۆيدە ئادەم قالمىغانىدى. سۇلتان ئىگە ـ چاقىسىز بولۇپ

قالدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئاچ قالمىدى، تالادا قالمىدى، لېكىن ئۇ ئوتتۇرلۇقتا خارلىنىپ قالدى. توغقانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا بولغان قاراش ئوخشاش بولمىدى، مەلىكەمنىڭ توغقانلىرى سۇلتاننى بېقىۋېلىشنى خالايتتى، لېكىن ئەر توغقانلىرى، بېقىۋالايلى دېسە، ئاياللىرى، ئايال توغقانلىرى بېقىۋالايلى دېسە، ئەرلىرى ئۇنىمايتتى، ئۇلار ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ، سۇلتاننى يېقىن كەلتۈرمىدى. بۇ يەردىكى ئەجەللىك مەسىلە — ئۇلار سۇلتاننى يوتقاننىڭ تېشىدىن بولغان، دەپ كەمستەتتى.

— كىم بىلىدۇ، بىزغۇ بېقىپ چوڭ قىلالارمىز، ئەتە - ئۆگۈن بالا چوڭ بولۇپ ئەسقاتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ دادىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ، تەييارغا ھەييار بولامدۇ تېخى! — دېيتتى سۇلتاننىڭ بەزى توغقانلىرى.

مەلىكەمنىڭ ئوسمان ئىسىملىك بىرلا ئاكىسى بار ئىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلەتتى، چۈنكى ئوسمان ئۆز ۋاقتىدا شەھەرگە كىرىپ، زەمىرەدىن سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەن - ئۇققانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەلىكەم قاسىمباي بىلەن سوۋېتكە چىقىپ كېتىش ئالدىدا، ئۆز ۋاقتىدا مالىك تاغدا ئۇنىڭغا بەرگەن ئۈزۈكنى ئاكىسى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. سۇلتان ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئوسمان ئۈزۈكنى سۇلتانغا تاپشۇرۇپ بەردى.

— بۇ ئۈزۈكنى يېنىڭدا چىڭ ساقلا ئوغلۇم، ۋاقتى كەلگەندە مەن ساڭا ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئەمدى سەن بىز بىلەن بىللە بولالمايدىغاندەك قىلىسەن، مەيلى قەيەردە بول، يەيدىغان رىزقىڭنى خۇدايىم بېرىدۇ. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن، بوۋاڭ بىلەن موماڭ توگەپ كەتتى، ئەسلىدە سېنى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلاي دېگەنىدىم، كېيىن ئويلىشىپ باقسام بولمايدىغاندەك. چۈنكى، سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى ئويلىمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مەن سېنى

شەھەرگە ئەكىرىپ بېرەي، شەھەردە بىر تونۇشۇم بار، ئۇ ئۆزى ئۇستا سامسىپەز، ئىسمى سوپى، كىشىلەر ئۇنى سوپى قۇلاق دەپ ئاتىشىدۇ، ئۆزى خېلى مەرد نەرسە. سەن شۇ كىشىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ھۈنەر ئۆگىنىپ قال، ئوغۇل بالىغا ھۈنەر ئەسقاتىدۇ. قالغان گەپ ـ سۆزلەرنى سوپى قۇلاقتىن ئېيتىپ قويىمەن. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇستاڭنىڭ ئاغزىغا قارا. ئۇ ئاكام ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ،— دېدى ئوسمان.

سۇلتاندا يا ياق، يا ماقۇل دەيدىغان ھوقۇق يوق ئىدى. ئوسمان ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزىگە كۆتۈرگۈزۈپ، شەھەرگە ئەكىرىپ قويىدى. ئوسمان بۇرۇنلا سوپى ئۇستام بىلەن پۈتۈشۈپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ سۇلتاننى كۆرۈپلا گەپ قىلماي ئېلىپ قالدى.

سوپى ئوسمان ئېيتقاندەك سۇلتاننىڭ بېشىنى سىلىدى، ئۇنىڭغا ھۈنەر ئۆگەتتى، سۇلتانمۇ ئۇستىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. چۈنكى، ئۇستىسىنىڭ مىجەزى ياخشى ئىدى. سوپىنىڭ ئاتا كەسپى سامسىپەزلىك ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ھوشۇر سامسىپەز دېگەن ئادەم بولۇپ، ئەينى يىللاردا بايلارنىڭ ئۆيىدە سەبىيارە سامسىپەزلىك قىلىپ جان باقاتتى. ئۇ ئوغلى سوپىنى ئۇستا سامسىپەز قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى. لېكىن، كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، سوپى ئۆزىنىڭ تونۇرى، سامسىسى بىلەن بولماي، بازاردىكى قۇلاق كەستىلەر بىلەن بىرلىشىپ، قىمار ئوينايدىغان بولۇۋالدى. دادىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا قولمۇ تەگكۈزدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان يامان يولىدىن يانمىدى. بىر يىلى ھەممە نەرسىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئاخىر سول قۇلىقىنى تىككەنىدى، نەتىجىدە ئۇ قۇلىقىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى، سوپىنىڭ قۇلىقىنى ئۇتىۋالغان قىمارۋاز ئۇنىڭ «ياق، ئالدىراپ كەتمە، ئۈچ كۈن ئىچىدە پۇل تېپىپ بېرىمەن» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۇنىڭ سول قۇلىقىنى

كېسىۋالدى. دېمەك، قىمار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى بىر قولىقىدىن ئايرىدى. بۇ ئىش سوپى ئۈچۈن بەكمۇ ئېغىر كەلدى. قولىقىنى ساقايتىمەن، دەپ ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقماي ياتقان كۈنلىرى، دادىسى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ھوشۇر سامسىپەزنىڭ يۇرت ئىچىدە خېلى يۈز - ئابرۇيى بار ئىدى، بالىسىنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقى ئۇنىڭ غورۇرىغا تەگكەنىدى. ئۇ ئۇزۇنغا بارماي ئالەمدىن ئۆتتى. بىر ئۆينى بېقىش ۋەزىپىسى سوپىنىڭ زىممىسىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ قىمار ئويناشتىن قول ئۈزدى، مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بازاردا سامسا يېقىپ سېتىپ، جان بېقىشقا كىرىشىپ كەتتى...

## 8

يىللار شۇنداق ئۆتىۋەردى. بۇ ئارىدا بەزى ئادەملەر ئۆلۈپ تۈگىدى، يەنە نۇرغۇنلىغان بوۋاقلار بۇ مۇھەببەتلىك دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ جاھان مۇسىبەت ئىگىسى ئۈچۈن ھەسرەت ۋە يىغا دۇنياسى بولسا، بوۋاقلار ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن كۈلكە دۇنياسى ئىدى، بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن نورمال ئىش ئىدى.

ئەمدى بىز دەسلەپكى گېپىمىزگە كەلسەك، سوپى سۇلتاننى خانىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈستىدە توختالدى.

— ئەمدى بۇ ئىشنى قوي ئۇكام، مەن سەندىن بەك ئەنسىرەپ كەتتىم. ئەمدى ئەختەم ئاقسۆڭەك بىلەن ئېتىشما،

ئۇلار دېگەن كىم، بىز دېگەن كىم؟ ئەختەم ئاقسۆڭەك قۇرۇق ئۆستەڭگە سۇ باشلاپ كېلەلەيدۇ، بىز شۇ ئۆستەڭ ئىچىگە تۆكۈلۈپ قالغان يوپۇرماق ياكى غازاڭ، سۇ ھەردائىم بىزنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىلەيلى. قولۇڭدا گۆلدەڭ ھۆنەر بار، خۇدايىم بۇيرۇسا جېنىڭنى گۆلدەڭ بېقىپ كېتىسەن، — دېدى سوپى.

سۇلتان گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇ ئەختەمنىڭ ئەسكىلىكىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ دەردكە تولۇپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇستىسىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— ئەختەم ئاقسۆڭەك مېنىڭ ئاكام تۇرۇقلۇق ماڭا شۇنداق ئەسكىلىك قىلدى، ئۇ ھەقىقەتەن مۇناپىق ئادەم ئىكەن! خۇدالىق ئالەم بۇ، ماڭا قىلدىم، دېگىنى بىلەن ئۆزىگە قىلىدۇ! — دېدى سۇلتان ئۇستىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇ ئاداش ئاغزىدا خۇدا دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە خۇدا يولىدا ماڭمايدۇ. ئەمدى بىز ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلى، ئۇ دۇنياغا بارغاندا خۇدايىم ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن بۇ ھېسابنى ئۇنىڭدىن مۇشۇ دۇنيادا ئالىمەن. مەنمۇ خۇدانىڭ بەندىسى، ئۇ مېنى ئىنىم ئەمەس، دەپ تاشلىۋەتكىنى بىلەن، خۇدايىم مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ.

سوپى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ سۇلتاننى نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن نەسىھەت قىلدى:

— ئۇنداق دېمە ئۇكام، يامان بولىدۇ. يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، سەن ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت. خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى كۈزدە سېنى ئۆيلەپ قويىمەن. ساڭا بىر دۇكاننىڭ ئورنىنى قىلىپ قويدۇم. ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ، ئەر بولۇپ يېتىلدىڭ. ئادەم دېگەن ئاداۋەت ساقلىسا بولمايدۇ،

يامان بولىدۇ! — دېدى سوپى تەلەپپۇزىنى سەل قاتتىق قىلىپ.

— ماقۇل ئۇستام، — دېدى سۇلتان بوش سۆزلەپ.

سۇلتان ئاغزىدا ماقۇل دېگىنى بىلەن، ئۇ ئۆزىنى دەي ـ دەيگە سېلىپ تۇرغان خىيالدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇ خاڭدىكى كۆنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، «ئەگەر ئۇستام ماڭا مۇشۇ ھۈنەرنى ئۆگەتمىگەن بولسا، مەنمۇ ئاشۇ بىچارە مەھبۇسلارغا ئوخشاش خاڭ ئاستىغا چۈشۈپ كۆمۈر قازغان، بەلكىم ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ بىچارىلەر قاتارىدا مەنمۇ كۆمۈر ئاستىدا قالغان بولاتتىم ھە قاچان» دەپ ئويلىدى سۇلتان كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

سوپى قۇلاقنىڭ سامىسخانىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يول مېڭىپ سۇلتاننى خاڭدىن چىقىرىۋالغاندىن بېرى، خېلى يۈز ـ ئابرۇيلۇق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سۇلتاننى خاڭدىن قانداق ئېلىپ چىققانلىقىنى ئاڭلىغانلار سوپىغا قايىل بولۇپ قالدى.

— ئەگەر سەن سۇلتانغا ئاتىدارچىلىق قىلمىغان بولساڭ سوپى قۇلاق، ئۇ بالا بىر ئۆمۈر خاڭدىن كېلەلمەيتتى، مەن بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن، — دېدى بىر كۈنى سامسا يېگىلى كەلگەن ئەخمەت قارى.

سوپى كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. دۇكاندا ئۇن نەچچە خېرىدار بار ئىدى. دېرىزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ سامسا يەۋاتقان بىر خېرىدار قولىدىكى سامىسىنى قويۇپ قويۇپ، گەپكە ئارىلاشتى:

— ۋاھ، يېڭى گەپقۇ بۇ ئەخمەت قارى، ئاڭلىسام، سەن ھېلىقى كۈنلەردە ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئەلچىلىكىنى قىلىپ يۈرۈپسەنكەن، مانا ئەمدى بىردەمدىلا سوپى قۇلاق تەرەپ بولىۋالدىڭا! قارا سېنى، شۇنداقمۇ ئىككى يۈزلىمىچى بولامسەن؟ سوپى قۇلاق يېقىندىن بېرى ساڭا سامسىنى بىكارغا

بىرنۋاتامدۇ يا؟!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ قادىر لەگلەكقۇ سەن، گېپىڭ خېلى چوڭغۇ سېنىڭ، قورسىقىڭ تويۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ مۇشۇ كۆڭلەردە؟ شامال يەپ، قۇرۇق كېكىرىپ يۈرگەن كۆڭلىرىڭنى ئۇنۇتۇپ قالدىڭمۇ؟! مېنىڭ گېپىمگە ئارىلاشما، بەك زېرىكىپ كەتكەن بولساڭ بازارغا چىقىپ، ئادەم توپلاشقان يەردە تۇرۇپ باقساڭ تۆت ـ بەش تەڭگىگە ئىگە بولۇپ قالىسەن! — دېدى ئەخەت قارى غەزەپ بىلەن.

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال ئەخەت قارى، ۋارقىرايسەنغۇ، باي بولساڭ ئۆزۈڭگە. سەن شەھەردىكى بارلىق جامائەتنىڭ نېنىنى تېپىپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ گېپىمگە ئارىلاشما، دەيسىنا، سامسىخانا ماۋۇ، بىر ـ بىرسىنىڭ گېپىگە ئارىلىشىدىغان يەر بۇ، ئەگەر ئۆگەي خوتۇنۇڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغان بولسام گېپىڭگە ئارىلاشمىغان بولاتتىم، — دېدى قادىر لەگلەك بوش كەلمەي.

ئەخەت قارى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قارىدى، قادىر لەگلەك ھېچ ئىش بولمىغاندەك بايا بىر چىشلەپ قويغان سامسىسىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

— ھە نوچى، خوتۇن كىشىدەك قولۇڭدىكى سامسىنى يالاپ ئولتۇرىسەنغۇ، قورقماي چوڭ ـ چوڭ ئېلىۋەر، پۇلىنى مەن تۆلىۋېتىمەن! — دېدى ئەخەت قارى دەيدىغان گېپىنى تاپالماي.

— رەھمەت، مەن كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلىمەيمەن، ماڭا سامسا ئېلىپ بېرىدىغان پۇلۇڭغا ھەدەڭگە كۆڭلەك ئېلىپ بېرەرسەن. مېنىڭ سەندەك بايغا ھۆرمىتىم يوق، باي دېگەن بايدەك گەپ قىلىدۇ، بايدەك ئىش قىلىدۇ. مەن سوپى قۇلاقتەك قىمارۋازغا ئامراق، بىزدەك ئىشلەمچى، سوپى قۇلاقتەك ۋىجدان ئىگىسى بولمىسا، سەن خەقكە نەدە پۇل؟

— پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن گۇينىڭ بالىسى!

ئەخەت قارى ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى بىر سىركايىنى ئېلىپ، قادىر لەگلەككە ئاتتى. سىركاي ئۇنىڭ بۇرنىغا تېگىپ قانىتىۋەتتى.

— ئەخەت قارى، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دېدى سوپى ئۇستام قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ. ئۇ قادىر لەگلەكنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇرىسىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

سامسىخانىدا تاماق يەۋاتقان مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەخەت قارىنى ئەيىبلىدى. قادىر لۆڭگە بىلەن بۇرنىنى سۈرتكەچ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە تويۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ، ئەخەت قارىغا باش ئاتتى، ئەخەت قارى ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭمۇ بۇرنى قاناپ كەتتى.

— خوش ئەمىسە ئەخەت قارى، تەڭدە تەڭ بولدۇق!

قادىر ئەخەت قارىغا قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى-يۇ، سامسىخانىدىن چىقىپ كەتتى. سوپى ئالدىراپ بېرىپ ئەخەت قارىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇرنىنى ئېرىتقاچ، كۆزۈرۈكتىن ئۆتۈپ بولغان قادىرغا ۋارقىرىدى:

— خەپ توختاپتۇر قادىرلەگلەك، سېنى سولىتىۋەتمەيدىغان بولسام...

سوپى ئۇستام ئەخەت قارىنى ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىققا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بەردى.

— ئەسكى بىلەن تەڭ بولمىغۇلۇق ئىدى ئەخەت قارى، نېمە قىلىسەن ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ؟ — دېدى سوپى ئەخەت قارى يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن.

— سوپى قۇلاق، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ سامساڭنى يەيمىز، دەپ تاياق يەيدىغان ئوخشايمىز. سەن قاراپ تۇر، مەن بۇگۈنلا ئۇ قوڭچىنى سولىتىۋېتىمەن، سەۋرىدىن بىر

ئېغىزلا گەپ قىلىپ قويسا، ئۇ چوشقا ئۆزىنى جىنايەتچىلەر كۆمۈر خالتىدا كۆرىدۇ.

سوپى قۇلاق بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ ئەخەت قارىنى يولغا سالدى.

سۇلتان تونۇر بېشىدىكى ئىشتىن بىكار بولۇپ، سامسىخانىغا كىرىپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئورۇندۇقلارنى يۆلەپ، چېقىلغان سىركايلارنىڭ سۇنۇقلىرىنى يىغدى.

— قانداق جاھان بولۇپ كەتتى ئۇكام بۇ؟ باي دېگەن ھامان نامراتلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىكەن. بىر ھېسابتىمۇ ياخشى بولدى، ئەمدى ئەخەت قارى بۇيەرگە كەلمەيدۇ، بىزمۇ جېدەلدىن قۇتۇلدىغان بولدۇق،— دېدى سوپى.

— قىيما تۇگىدى ئۇستام، ئازراق گۆش توغرايمۇ يا؟ — دېدى سۇلتان ئۇستىسىغا قاراپ.

— بۇگۈن بولدى قىلايلى. بىزنىڭ بۇ سامسىخانىدا ئەزەلدىن بۇنداق جېدەل بولۇپ باقمىغان، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەم ئالايلى. باللارغا ئېيت، دۇكاننى يىغسۇن! — دېدى سوپى ئۇستام.

شاگىرت باللار دۇكاننى يىغىشتۇردى. ئۇزۇن يىلدىن بېرى سۇلتان سامسىخانىنىڭ ئىچىدە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە سەرراپقا چۈشمەكچى بولۇپ، سومكىسىنى ئېلىپ، سامسىخانىغا قۇلۇپ سېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرغان ئۇستىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ قېشىغا باردى.

— كەل،— دېدى ئۇستىسى ئۇنى كۆرۈپ.

سۇلتان ئۇستىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. سوپى ئۇستام يوغان سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئىشنى ئويلاۋاتاتتى، ئۇ ئۆستەڭدىكى پارقىراپ ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ، قېشىدا ئولتۇرغان سۇلتاننىڭ قولىنى

تۈنتى.
— ئۈستەڭدىكى سۇغا قارا ئۇكام، ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ سۇغا ئوخشايدۇ. سۇ بەك تاتلىق نەرسە، ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ شۇنداق تاتلىق، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئادەم ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، سۇ ئېقىپ تۈگىمەيدۇ...
— شۇنداق ئۇستام، بىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز، بىراق بىزنىڭ يىلتىزىمىز قۇرىمايدۇ. جاھاندا ھەممە نەرسىنىڭ يىلتىزى بار،— دېدى سۇلتان.
سوپى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا سۇلتانغا قارىدى. سۇلتاننىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانىدى.
— توغرا ئېيتىسەن سۇلتان، ئادەمنىڭ يىلتىزى قۇرىمايدۇ، سەن بۇ گەپنى بەك ياخشى دېدىڭ! سەن بۇ سۆزنى كىمدىن ئاڭلىغان؟
— مەن خاڭدىكى ۋاقتىمدا ئاشخاندا تۆردى پوداق دېگەن بىر ئادەم بىلەن بىللە ئىشلىگەن، ئۇ بازىمەنچىلىك قىلاتتى، گۆڭگۆرمەنگە بەك ئۇستا ئىدى. خاڭ ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئاشۇ بىچارىلەر تۆردى پوداقنىڭ بىر قاچا گۆڭگۆرمىنىنى يېسە، بىر كۈن قورسىقى ئاچمايتتى. ئۇ ئەسلىدە مەدرىستە ئوقۇغان ئادەم ئىكەن، كېيىن شەھەردە بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆزى ئوقۇتىۋاتقان كەپسىز بىر بالىغا ۋارقىراپ قويۇپتۇ، ئۇ بىر باينىڭ بالىسى ئىكەن. ئەتىسى باي ئىنىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتىپتۇ، باينىڭ ئىنىسى تۆردىنى تىللاپتۇ، تۆردىمۇ ئۇنىڭغا تىل ياندۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىر - بىرسى بىلەن مۇشتلىشىپ قاپتۇ. تۆردى دېگەن بەستلىك، قورسىقى يوغان ئادەم ئىدى، باينىڭ ئىنىسى تاياق يەپتۇ. ئەتىسى باي ساقچىلارنى باشلاپ كېلىپ، تۆردى پوداقنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۇنى تۈرمىدە خېلى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنى ئاشۇ خاڭغا سۈرگۈن قىلغانىكەن.

ئۇ بەك جىق ئىش بىلىدىغان ئادەم، خاتىنى باشقۇرىدىغان ئەسقەر بۇقا دېگەن ساقچىنىڭ بىر ياخشى تەرىپى، ئۇ خاتىغا پالانغان ھەربىر ئادەمدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ھۇنىرىڭ بارمۇ، قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ، دەپ سوراپ تۇرىدىكەن. ئۇ تۇردى پوداقنىڭ بازىمەن تاشلىيالايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. تۇردى دېگەن ئادەم ماڭا جىق گەپ قىلىپ بەرگەن. ئۇ ئادەم بەك كۆپ ئىشلارنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئاڭلىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جىنايەتچىلەر كۆمۈركانىنى جىڭساجۇدىكى سەۋىردىن دەسمايە سېلىپ ئاچقانىكەن، ئۇ ئۆلكىلىك جىڭساجۇنىڭ باشلىقى بىلەن شېرىكمىش. دەسمايە دېگىنى جىڭساجۇ قىمارۋازلاردىن، باشقا ئادەملەردىن ھەرخىل باھانە ـ سەۋەب بىلەن تارتىۋالغان پۇللار ئىكەن. بۇ خاتىدىن كىرگەن كىرىم ئاساسەن سەۋىردىن بىلەن ئەسقەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشىدىكەن. خاتىدا ئەسقەر قول ئاستىدىكى ساقچىلارنى ئاز ـ تولا رازى قىلىدىكەن؛ سەۋىردىنمۇ جىڭساجۇدىكى ساقچىلارنى ئاز ـ تولا رازى قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى باي بولىدىكەن. مەن ئاشۇ ئادەمدىن خېلى جىق ئىش ئۆگەنگەنىدىم ئۇستام.— دېدى سۇلتان.

— ھەي، دەردى يوق كىم بار، دەيسەن ئۇكام مۇشۇ كۇندە. مەن بايام بىر ئىشنى ئويلاۋاتاتتىم، سەنمۇ چوڭىيىپ قالدىڭ، سېنى ئۆيلەپ قويسام، دېگەن يەرگە كېلىۋاتىمەن. قانداق بولامدۇ؟ — دېدى سوپى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ.

سۇلتان ئۇستىسىنىڭ ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆيلەپ قويماقچى بولغىنىنى چۈشەندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستىسىغا قارىدى:

— مەيلى! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىز بار، ئۇنىڭ ھەجەر ئىسىملىك بىر قىزى بار، ئۆزى چىرايلىق قىز. بىر كۈنى يەڭگەڭ

سىلەرنى كۆرۈشتۈرۈپ قويسۇن، ئەگەر ئىككىڭلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ قالسا، كېلەر ئاي ئىچىدە تويۇڭنى قىلىشۇپتەيلى. سەنمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بول، ماكان تۇتۇپ، بالا تاپ، ئۆز ئالدىڭغا بىر موردىن ئىس چىقىرىپ ياشا،— دېدى ئۇستىسى سوپى.

— مەيلى! — دېدى سۇلتان يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ.

سوپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سۇلتان ھەجەر قىز بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قىز سوپى ئېيتقاندەك چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى، قىز سۇلتاننىڭ تەكلىپىگە يا ياق، يا ماقۇلمۇ دېمەي، بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ چىرايلىق، تاتلىق كۈلۈشلىرىدىن سۇلتان ئۇنىڭ رازى بولغانلىقىنى چۈشەندى. سوپى تۇغقانلىرىنى يول ماڭدۇرۇپ يۈرۈپ، بىر ئاي تەييارلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويدى.

تويدىن كېيىن، سوپى سۇلتانغا ئۆزى ئوقۇشۇپ يۈرگەن يەردىن بىر سامسىخانا ئېچىپ بەردى. ئۇ سۇلتاننىڭ سامسىخانىسىدا بىر ئاي بىللە ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئوقىتىنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، قايتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ سامسىخانىسىنى ماڭدۇردى.

## 9

ئەختەمنىڭ ئەسلى غەرىزى سۇلتاننى خاڭدا ئىشلىتىپ قېرىتىۋېتىش ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سۇلتاننى بىر مەزگىل خاڭدا ئىشلىتىپ،

ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندەك بولدى. ئۇ سۇلتاننىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە ئىگە بولالمىغىنى بىلەن، ساقچى باشلىقى سەۋىردىننى ئايلاندۇرۇپ، سۇلتاننى تاياققا تۇتۇپ بېرىپ، خاڭغا پالاندى قىلىپ، جامائەت ئالدىدا بىر ياز غادىيىۋالغان بولدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى چۈشەنمەيتتى:

— دادىسى مالىك ئاقسۆڭەك بىلەن سىپلــــشتۇرغاندا، ئەختەم ئاقسۆڭەك ھەرھالدا ئادىل، كۆڭلــى يۇمشاق بـالا بولغانىدى، بىراق ئۇ مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە سۇلتانغا ئەسكىلىك قىلدى. مېنىڭچە، ئۇ ئەلۋەتتە مالىك ئاقسۆڭەكتىن بولغان بالا، بولمىسا ئۇ غوجامنىڭ ئۈزۈكى قانداقلارچە سۇلتاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ — دېدى مەھەللىدىكى مەسچىتنىڭ مەزىنى.

— گەپ مانا شۇ يەردە،— دېدى چۈشتىن بېرى مەزىن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىمام،— مەن ئىلگىرى بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلــىغان، مالـــىك ئاقسۆڭەك خوتۇنپەرەسراق ئادەم ئىكەن. مەيلىغۇ ئەمدى، كەتكەن ئىش كەتتى، كىم ئازمىغان جاھان بۇ؟ لېكىن ئۇ سىز دېگەندەك سۇلتانغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويدى. ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ھەرھالدا جامائەت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيى بار، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بىچارىنى ئازدۇرىۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ ئاشۇ يۈز - ئابرۇيى. ئەسلىدە ئۇ جامائەت ئالدىدا سەتلىشىپ قالماي، دەپ سۇلتاننى كۆزىدىن يوقاتماقچى بولغان، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئويـــى شۇنداق. ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ يوتقاننىڭ تېشىـــدىن بولغان ئىنىسى بار ئىكەن، دېسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىدۇ - دە! مەنمۇ ئەختەم ئاقسۆڭەككە ئازراق گەپ قىلاي، ئەمدى بۇ ئىشنى بولدى قىلسۇن.

— يېقىندىن بېرى ئەختەم ئاقسۆڭەك ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، مەسچىتكىمۇ كىرمىدى، مەھەللـــىدىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، تاغقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ پەيدا بولسۇن،

ئۆيگە كىرىپ چىقارمىز،— دېدى مەزىن.

— قېنى، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار،— دېدى ئىمام.

يېرىم ئايدىن كېيىن ئەختەم مەھەللىدە پەيدا بولدى، بىر كۈنى كەچتە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بىلەن مەزىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى.

ئەختەمنىڭ ئايالى ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا داستىخان سالدى. چاي ناھايىتى مېزىلىك دەملەنگەنىدى. ئىمام ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن گەپ قىلىپ، بىردەم ئەختەمنى گەپكە سالدى، ئاندىن ئەختەمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش ئۈچۈن گېپىنى باشلىدى:

— . . . ئۇكام، ھەرھالدا ئىش - ئوقىتىڭىز ياخشى كېتىۋېتىپتۇ، خۇدايىم بەرسۇن. بىز سىزگە بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلغىلى كىرگەن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، نوغاي مەھەللىسىدىكى كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ كەتكىلى بىر يىل بولدى، بىر يىلدىن بېرى ئۇ قاناتتىكى جامائەت شەھەرگە كىرەلمەيۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، شەھەر باشلىقى ياسايمىز، دەپ ۋەدە قىلغانىكەن، لېكىن ھازىرغىچە ياسىمىدى. ئۇ ئاداش تەتەيلەرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، بۇ ئىشنى ئۇنتۇلۇپ كەتتى بولغاي. . . ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ كۆۋرۈككە ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئەمدى بىزنىڭ كاللىمىزغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ كۆۋرۈكنى ياساشقا ئۆزىڭىز بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز، شۇنداق قىلسىڭىز ساۋاب بولىدۇ، بۇنى سىز ياخشى بىلىسىز. ئەينى يىللاردا بوۋىلىرىڭىزمۇ جامائەت ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىش قىلغانىكەن. مۇشۇ ئىشنى ئويلىشىپ باققان بولسىڭىز!

ئەختەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەپ قىلماي تۇرىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىسى بىردىنلا جىددىي ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە ئىمامنىڭ گېپىنى ئۆزىنىڭ تارازىسىغا سېلىپ تارتىپ

باقتى، ئاندىن ئۇ ئىمامغا جاۋاب بېرىپ:

— بولىدۇ، ساۋاب بولىدىغان ئىش ئىكەن، ئۇ كۆۋرۈكنى مەن ياسىتاي. بىراق، سىزگە قىلىدىغان بىر ئىلتىماسىم بار، بۇ ئىشتىن سىلەرنىڭمۇ خەۋىرىڭلار بار، ھېلىقى سوپى قۇلاقنىڭ شاگىرتى سۇلتان قۇلاق يېقىنقى يىللاردىن بېرى مېنى بەك ئاۋارە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىن دادام رەھمەتلىكنىڭ بىر ئۈزۈكىنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتىپ، كۆرگەنلا يەردە مەن مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى بولىمەن، دەپ يۈرۈپتۇ. ئۇ گۇيىنىڭ بۇ قىلىقى ماڭا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئىش راست شۇ پوچۇق دېگەندەك بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئىگە بولماي قالامدىم؟ بۇ ئىشقا جىڭساجۇمۇ ئارىلاشتى، بىراق ئۇ ئۆلگۈر دادامنىڭ ئاشۇ ئۈزۈكىنى بەرمەيۋاتىدۇ. سىلەرگە ئىلتىماس قىلىدىغىنىم، ئۇ ھارامزادە ھەرھالدا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايدۇ، ماڭا ياردەملىشىپ، دادامنىڭ ئاشۇ ئۈزۈكىنى ئېلىپ بەرسەڭلار، — دېدى.

ئىمام بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا خورلۇق ھېس قىلدى، خۇددى ئەختەم جامائەت ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەندەك تۈيۇلۇپ كەتتى.

— ئۈزۈكلارنىڭ ئىچكى ئىشىغا بىز ئارىلاشمايلى ئەختەم ئۇكام، ئۇ سىلەرنىڭ شەخسى ئىشىڭلار ئىكەن، ئۈزۈكلار چىرايلىق چىقىشىڭلار. ئەسلىدە مەن سىزنىڭ مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئاز - تولا گەپ قىلاي، دەپ يۈرەتتىم، بۈگۈن گەپ تېشىلىپ قالدى. مېنىڭ مەسلىھەتىم مۇنداق، سىز ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ ئۇكام. سىز ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بۇنداق ئاپقاچتى گەپلەرنىڭ كەينىدە يۈرسىڭىز بولمايدۇ. سىزگە ئۈزۈك كەممۇ؟ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئۈزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرمەمسىز، — دېدى ئىمام.

— خوش، شۇنداق، ئىمام ناھايىتى چىرايلىق گەپ قىلدى،— دېدى مەزىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— ئەھۋالغا قارىغاندا، سىلەرگە مېنىڭ بۇ گېپىم خوشياقمىدى، مەيلى ئەمىسە، بايا ئويلىشىپ باقتىم، ھېلىقى كۆۋرۈكنى ئۇستىدە تۇرۇپ ياساشقا ۋاقتىم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كۆۋرۈكتە مەنلا ماڭمايمەن، جامائەتنىڭ ئىشى بولغاندىن كېيىن جامائەتتىن يىغىش قىلىپ پۈتتۈرۈڭلار،— دېدى ئەختەم.

بۇ گەپ ئىمام بىلەن مەزىنگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى، ئۇلار ئەختەمنىڭ ئۆيىگە نېمشقا كىرگەندۇق، دەپ پۇشايمان قىلدى. ئىمام ئەختەمنىڭ ئۆيىدىن قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي قالدى، ئىمامنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان مەزىن ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ يەنە بىر يەرگە بارانتۇق، دەپ گەپنى ئۈزدى. ئىمام داستىخانغا دۇئا قىلدى، ئۇلار خوشلىشىپ، ئەختەمنىڭ ئۆيىدىن چىقتى.

ئىمام بىلەن مەزىن يولدا كېتىۋېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى.

— مەن ئەختەم ئاقسۆڭەكنى خېلى ئوبدان بالا بولدى، دەيتتىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇمۇ خام نان يەيدىغاندەك قىلىدۇ،— دېدى ئىمام.

— شۇنداق ئىمام، توقچىلىقمۇ ياخشى ئىش ئەمەس، مايىنى بەك كۆپ يەپ كەتسە ئادەمگە زىيان قىلىدۇ! — دېدى مەزىن،— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ بوۋىسىنى دورىيالمايدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، قوربان ئاقسۆڭەك خەلقچىل ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ سالغان مەكتىپىدە ھازىرمۇ بالىلار ئوقۇۋاتىدۇ. مەن ئىلگىرى مالىك ئاقسۆڭەك دادىسىنى دورىيالمىدى، بالىسى ئەختەم ئاقسۆڭەكتە ئۈمىد بار، دەپ

قارايتتىم. بۈگۈنكى ئىشتىن قارىغاندا، ئەختەممۇ بوۋىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى ئىمام.

— پۇل يامان نەرسە، پۇل ئەزەلدىن شەيتان بىلەن بىر تۇغقان، شۇڭا ئۇ ھەممە زاماندا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئۇسسۇلغا سالالايدۇ،— دېدى مەزىن.

## 10

سۇلتاننىڭ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ كەتتى. بۇ شەھەردە ئۇنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئۇنىڭ سامسىخانىسى كۈندە دېگۈدەك باس ـ باس بولۇپ تۇراتتى. سۇلتان ئۆزىمۇ تويدىن كېيىن روھلىنىپ كەتكەن، ھەجەر قىزنىڭ ئوتتەك بەدىنى ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە زەئىپلەشكەن يۈرىكىنى قايتىدىن ياشارتىشقا باشلىغانىدى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ بىر بالىلىق بولدى. ئۇ ئەتە ـ ئاخشاملىرى بالىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەكىلىتىشكە ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىدا، دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئەينى يىللاردا، مالىك بازار كۈنلىرى ئۇلارنىڭ سامسىخانىسىغا كىرىپ سامسا يەيتتى، سوپى مالىك ئاقسۆڭەكنى بەك ھۆرمەتلەيتتى، ئۇ ھەر دائىم سامسىخانىغا كىرگەندە، ئالدىغا ئايرىم داستىخان سېلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ چاي دەملەپ، ئايرىم سامسا يېقىپ، ئۇنى ياخشى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قوياتتى. شۇنداق چاغلاردا سۇلتان چەتتە تۇرۇپ دادىسىغا مۇھەببىتى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ تەرلەپ ئولتۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ سامسا يېيىشىگە ھەۋەس قىلاتتى.

ئۇ شۇ كۈنلەرنى ئويلىسىلا سامسخانىسدا سامسا يەپ ئولتۇرغان دادىسىغا — مالىككە ھەقىقىي ئەھۋالنى، يەنى ئۆزى ئۈنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، دادا، دەپ ئېسىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلاتتى، بىراق ئەمدى بۇ پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ئىدى. ھەممە ئىش ئاشۇ يېقىملىق ئۆستەڭنىڭ سۈيىدەك ئېقىپ تۈگىگەنىدى. ئاسمان يەنە شۇ ئاسمان، قۇياش يەنە شۇ قۇياش ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پاجىئە دادىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى ئېيتالمىغانلىقى ئىدى. ئۇ پۈتۈن جېنى، پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن، بىر كۈن بولسىمۇ دادىسىنى قوچاقلاپ يېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭدىكى بۇنداق ھېسسىيات ھەممە تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ۋاقىت ئۇنىڭغا بۇنداق پۇرسەت بەرمىدى. مانا بۇ ھال سۇلتاننىڭ بارلىق قايغۇ - ھەسرىتىنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ تۇرمۇش ئۇنى ھەمىشە قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويمىدى، ھەر كۈنى يېڭى بىر ئوي - پىكىر بىلەن ئۆرلەيدىغان قۇياش سۇلتانغا بېرىدىغان نېسىۋىسى بىلەن ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېشىغا چىلىشىپ كەتكەن چىرايلىق كۆزلىرى ئالدىدا يورۇق بىر دۇنيا پەيدا بولدى، بۇ دۇنيادا ئۇ ئىلگىرى ئارزۇ قىلغان ھەمدە ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېقىشقا باشلىدى. بۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك ئايالى ھەجەر قىز ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەرگەن بالىسى ئىدى. قۇياش ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر ۋۇگزاللىرىدا سەپەر قىلىۋاتقان ئەرلىك ھېسسىياتىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا قالماستىن، ئۇنى ئۆز باغرىغىمۇ باستى. . . لېكىن، بۇنداق زور بەختمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى بېسىپ كېتەلمىدى، ئاخىرقى

ھېسابتا بۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتتىن ئادەمنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدىغان تىكەن گۈلى ئۈنۈپ چىقتى. سۇلتان دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە ئۈمىدىنى ئاكىسى ئەختەمگە باغلىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھېساب ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ كۆڭلىدىكى ھېسابقا توغرا كەلمىدى، ئاخىرقى ھېسابتا ئەختەم ئۇنى تۈرمىگە سولىتىۋەتتى، ئۇ خاڭدا بىر ياز پالىنىپ ئىشلىدى.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى، سۇلتان ئەختەمدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇنىڭ بېشىغا يامان بىر پىكىر كېلىۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى پىلانلاشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ سامسىخانىدىكى ماي ئالىدىغان بىر چوڭ قاپاقتا بازاردىن لىققىدە كىرسىن ئېلىپ، سامسىخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىپ قويدى. ئۇ پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. شەنبە كۈنى كەچتە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا بازاردىكى سودىگەرلەر، سېتىقچىلار دۇكان ۋە يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. بوران يېرىم كېچىگىچە توختىماي چىقىۋەردى. سۇلتان كىرسىن قاچىلانغان قاپاقنى ئۇن خالتىسىغا سېلىپ ۋە خالتىنى يۈدۈپ، ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئەختەمنىڭ قورۇسىنىڭ كەينى تېمىغا بارغاندا، ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئەسلى ئىت قاتتىق بوران پەيدا قىلغان تاراق - تۇرۇق، غاراس - غۇرۇس قىلغان ئاۋازلاردىن چۆچۈپ قاۋاۋاتاتتى. ئۇ كۈندۈزى كۆرۈۋالغان جايغا بېرىپ، چاققانلىق بىلەن تامدىن ئارتىلىپ قورۇنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئىت يەنىلا قاۋاۋاتاتتى. سۇلتان ئالدى بىلەن ئېغىلنىڭ ئىچىگە كىرىپ، قاپاقتىكى كىرسىننى ئېغىل ئىچىگە چاچتى، ئاندىن چايخانىنىڭ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە چېچىپ بولۇپ، يېنىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ، ئوت قويىۋەتتى. ئۇ ئىتتىك ئېغىلغا كىرىپ، ئۇ يەرگىمۇ ئوت

قويۇۋېتىپ تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى. . .

ئوت بىردەم ئىچىدىلا ھەممە يەرگە يامراپ كەتتى. ئىت غالجىرلىق بىلەن قاۋاشقا باشلىدى، ئۆيدە ئىسسىق ئورۇندا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئەختەم ئورنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇ دېرىزە سىرتىدا «ئوت كەتتى» دەپ ۋارقىرىغان خىزمەتچىسى تەلئەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى. ئەختەم كىيىمىنى كىيىپ، خوتۇن - باللىرىنى ئويغىتىپ قورۇغا ئېلىپ چىقتى. بوران توختىماي چىقىۋاتاتتى. تەلئەت خوجايىنىنىڭ خوتۇن - باللىرىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئوت شامالنىڭ كۈچى بىلەن بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كۆيۈۋاتاتتى، ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت قوشنا - قولۇملارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيدىكى مال - مۈلۈكلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىۋالالىدى، لېكىن ئون نەچچە ئېغىز ئۆي، ئېغىل، ئېغىلدىكى ئات، كالىلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى.

ئەتىسى، ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر شەھەرگە پۇر كەتتى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەختەم ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، سەۋرىدىن بىلەن كۆرۈشتى.

— ھە، ئەختەم، بۇياققا كېلىپ قاپسەنغۇ، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى سەۋرىدىن ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ، ئەسلى ئۇ شۇ كۈنى بولغان ۋەقەدىن تولۇق خەۋەر تاپقانىدى.

— ئاڭلىغانسەن باشلىق، ئۆيۈمگە ئوت كەتتى! — دېدى ئەختەم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ.

— نېمە، ئوت كەتتى؟ نېمىلەرنى دەيسەنوي، ئوچاقتىكى ئوتتىن كېتىپتۇمۇ يا؟ — دېدى سەۋرىدىن ئەختەمگە كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپ.

— ياق، مېنىڭچە، ئوت ئوچاقتىكى ئوتتىن تۇتاشقان ئەمەس، مەن بىلەن زىددىيەتلىشىدىغان بىر هاراملىق ئوت قويۇۋەتتىمىكى دەيمەن،— دېدى ئەختەم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ.
— گۇمانىڭ بارمۇ؟
— بار، سۇلتان قۇلاق دېگەن هارامدىن بولغان ئوت قويۇۋەتتىمىكىن دەيمەن،— دېدى ئەختەم سەۋىردىنگە ئالىيىپ تۇرۇپ.
— بىرەر ئىسپات ياكى گۇۋاهچىلىقتىن ئۆتكۈدەك بىرەر ئادىمىڭ بارمۇ؟ — دېدى سەۋىردىن ئالدىرىماي سۆزلەپ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، يېرىم كېچىدە بوران چىقىۋاتسا، كىم كۆرۈدۇ ئۇ گۇيىنىڭ قىلغان ئىشىنى. مەن ئۇزۇپ ئېيتالايمەن، ئۆيۈمگە ئاشۇ گۇي ئوت قويۇۋەتتى. سەن ماڭا باشقىچە گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟ تۇتۇپ سولىمامسەن ئۇ هارىمىنى! — دېدى ئەختەم تېرىكىپ.
— مەن سېنىڭ گېپىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن ئەختەم، بىراق هازىر قانداق جاهان، بىلەمسەن؟ بىزنىڭ گۆكۈرەپ يۈرۈپ، كاللىمىزغا كەلگىنىنى قىلىدىغان يىللىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭلىغانسەن يېقىندا ئىنقىلاب باشلانغانلىقىنى، ئىنقىلابچىلار پات ئارىدا غۇلجىنى ئىشغال قىلارمىش، دېگەن گەپلەرمۇ بار. هازىر هەممە ئادەم ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كەتتى، ئەمدى مېنىڭمۇ بېشىمغا پىت چۈشتى، خاڭدىكى ئەسقەر جىنايەتچىلەرنىڭ هەممىسىنى قويۇۋېتىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ سەۋېتكە قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ هازىر قانداق قىلىشىمنى بىلمەي يۈرىمەن، مۇشۇ كۈنلەردە يەنە مېنى ئادەم تۇت، دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى سەۋىردىن.
— مەنمۇ نىلقىدىكى قوزغىلاڭ توغرىسىدا ئاڭلىدىم. بوپتۇ ئەمىسە، سىنى ئاۋارە قىلماي، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بېرىپ

بىرتەرەپ قىلاي.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ مېنىڭچە، سەن بۇ ئىشنى بولدى قىل. بىرى، سەندە ئىسپات يوق، بۇ ئىشنى چوقۇم ئاشۇ سۇلتان قۇلاق قىلدى، دەپ قەسەم قىلالمايسەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ زىيان سەن ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇ ئىش بىرەر تال تۇكۇڭنى يۇلۇۋەتكەنچىلىكلا، سەن ئۇچۇن بىر سەدىقىدەكلا ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ئۆيلەر بوۋاڭدىن قالغان، كونىراپ كەتكەن ئۆيلەر ئىدى. مۇشۇ باھانىدا ئۆيلىرىڭنى يېڭىلىۋالىدىغان بولدۇڭ. ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا جېدەل - ماجىرا قىلىشنى ئەمەس، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىشنى ئويلا. ئىنقىلاب بولسا ئالدى بىلەن سەندەك، مەندەك ئادەملەرنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، تىنچىشتۇرغۇدەك نەرسىلىرىڭ بولسا، تىنچىشتۇر، ئۆزۈڭگە چىڭ بول. ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىز ئاياغلىشىدۇ، بىز مۆرەۋۋەرىدىغان ئىش بولمايدۇ ئەمدى، ئۆمۈرىمىزنىڭ ئاخىرىدا بىزگە ئەسقاتىدىغان نەرسە قولىمىزدىكى دۇنيا، شۇڭا ئۆزىمىزگە چىڭ بولايلى! — دېدى سەۋرىدىن.

ئەختەم سەۋرىدىننىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا غەزىپىنى باسالمىدى.

— گېپىڭنىڭ جېنى بار سەۋرىدىن، بىراق سۇلتان دېگەن ھەزىلەكنى بىر نېمە قىلىۋەتمىسەم، كۆڭلۈم بىر كۈنمۇ ئارام تاپمايدۇ. ھازىر ئويلىسام، ئاشۇ يىلى بىر پوق يەپتىكەنمەن، سەن ئۇنى خاڭغا سۈرگۈن قىلغاندا بىرەر تەتۈر ئۇستىخان ھاڭۋاقتىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى جايلاتقۇزۇۋەتكەن بولسام بوپتىكەن، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق!

— نىيىتىڭنى يامان قىلما، يامان بولىدۇ، — دېدى سەۋرىدىن، — بىزنىڭ جامائەتكە قىلغان ئەسكىلىكىمىز ئاز ئەمەس. خوش، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، مەن ئۇ

تەرەپكە[1]چىقىپ كېتەيمىكىن دەيمەن، خوتۇننىڭ پىكرىمۇ شۇ. مەن بۇ شەھەردىن كەتمىسەم بولمايدۇ، ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسام، كاللامدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟

— مەن نەگە باراتتىم، ئاتا - بوۋام تاپقان دۇنيانىڭ ھەممىسى تاغدا تۇرسا، مەن ئاشۇ دۇنيالارنى تاشلاپ نەگە بارالايمەن؟

— راست دەيسەن، ۋاقىتنى چىڭ تۇت، ئۆزۈڭگە چىڭ بولغىن. مەن بىلىمەن، داداڭدىن ئاز دۇنيا قالمىغان ساڭا، بىرلا گەپ، قولۇڭدىكىنى چىڭ تۇت. بەلكىم مەن خوش دېمەي بىر كېچىدىلا ئۇ تەرەپكە چىقىپ كېتىشىممۇ مۇمكىن، ئەگەر كۆرۈشەلمەي قالساق مۇشۇ خوشلاشقىنىمىز بولۇپ قالسۇن، مەندىن رازى بولغىن!

ئەختەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى.

— راست دەيسەن، ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ،— دېدى ئۇ.

— راست، توغرا دېدىڭ، شۇنداق جاھان بۇ،— دېدى سەۋرىدىن بوش ئاۋازدا.

ئەختەم سەۋرىدىن بىلەن خوشلىشىپ، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە تىقىلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇ كۆپ ئويلىدى، بوۋىسىنى، دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان گەپ سەۋرىدىننىڭ ئىلقىدىكى ئىنقىلابچىلار پات ئارىدا غۇلجىغا كىرىدىكەن، دېگەن گېپى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تاغدىكى قويلىرى، بىپايان مۈلىۈكى بىنەملىرى، ئۆلكە يەرلىرى،

[1] بۇ يەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى دېمەكچى.

باغلىرى، شەھەرنىڭ كۆزىدىن يەر ئېلىپ سالغان دۇكانلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا سۇلتان كىرىۋالدى، ئىچىدە سۇلتاننى مىڭنى تىللىدى.

ئەتىسى ئەختەم قولچوماقلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، بازارغا بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى بىر ئاشخانىغا باشلىدى، پاقلاننىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلدى ھەم ئۇلارغا ھاراقمۇ ئىچكۈزدى. ئۇ بۇ قولچوماقلىرىنى سۇلتاننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتمەكچى بولدى.

— كەچتە سىلەر سۇلتان قۇلاقنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار، ئۇ گۆينى راسا ئۇرۇڭلار، لېكىن ئۆلۈپ قالمىسۇن. پۇتىنى سۇندۇرىۋېتىڭلار، ئاندىن ئۇ گۆينىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىڭلار. مەن ئۇ ھاراملىقنى بۇ شەھەردە ياشىغىلى قويمايمەن! — دېدى ئەختەم قولچوماقلىرىغا.

شۇ كۈنى قاراڭغۇدا ئەختەمنىڭ بىرنەچچە تەلۋىلىرى سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سۇلتاننى ئۇرۇپ، پۇتىنى سۇندۇرىۋېتىپ، ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى.

ھەجەر قىز ۋارقىراپ - چىرقىراپ يۈرۈپ، سۇلتان بىلەن بالىسىنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئۇ قوشنىسىنى ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

شۇ ئارىدا قوشنىلار چېلەكتە سۇ چېچىپ يۈرۈپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. سوپى ئۇستاممۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ سۇلتان بىلەن ھەجەرقىزنى، بالىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى، سامسىخانىدا يېتىۋاتقان شاگىرتلىرىنى ئويغىتىپ، دەريا بويىدىكى ساتتار تېڭىقچىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ساتتار تېڭىقچى كېلىپ سۇلتاننىڭ سۇنغان سول پۇتىنى تېڭىپ قويدى.

— سەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭ بولاتتى سۇلتان ئۇكام، بىز قانداق ئادەم؟ بىز دېگەن كۈنلىكىمىزنى كۈندە

تېپىپ يەيدىغان بىچارە تورساق، نېمشقا ئۇلار بىلەن ئېيتىشىمىز، سەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن! ؟ — دېدى سوپى خاپا بولۇپ ۋارقىراپ.

سۇلتان گەپ ـ سۆز قىلماي ياتتى .

— ئاغرىق بولساڭمۇ دەيدىغان گېپىمنى دەۋېرىمەن، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى سوپى.

— ئاڭلىدىم،— دېدى سۇلتان كۆزىنى ئېچىپ.

سۇلتان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، سوپى سۇلتاننىڭ شاگىرتلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭ سامىسخانىسىنى ماڭغۇزۇپ تۇردى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، سۇلتان ھاسا تاياق بىلەن يەرگە چۈشەلەيدىغان بولدى

## 11

يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غۇلجىدا داغدۇغىلىق پارتلىدى. يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئازاد بولدى، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلدى، خەلق يېڭى زاماندا، يېڭىچە تۇرمۇشتا تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

سۇلتاننىڭ پۇتى سەللىمازا ساقىيىپ بولغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى سامىسخانىسىدا بەكمۇ ئالدىراش ئىشلەپ يۈرەتتى، ھېلىقى ۋەقەدە، يەنى ئەختەم ئاقسۆڭەك سۇلتاننى ئۇرغۇزۇپ، ئۆيىگە ئوت قويدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، سوپى قۇلاقنىڭ ئەختەمگە بولغان قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئىلگىرى ئامال بار

ئىشنى يېپىش تەرىپىدە ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ سۇلتان بىلەن سىردىشىپ، بەزى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇردى، ئۇ ئەختەم ئۆز ئىنىسىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن نەپرەتلىنەتتى.

— ھازىر شەھىرىمىزدە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت دىالگا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ دەۋاسىنى سوراۋاتقان ئوخشايدۇ. ھېلىقى قۇتلۇق قارىغۇنى بىلىسەنغۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى ھېلىقى سوپۇنچىلىق قىلىدىغان ئالماس دېگەن ئاداش ئۇرۇپ قارىغۇ قىلىۋەتكەن. ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا قۇتلۇقتىن خېلى كۆپ تۆلەم ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەسلى مەن سېنىڭ ئەرز قىلىشىڭنى توغرا تاپمايتتىم، بىراق ھازىر مەنمۇ ئۆزگىرىپ قالدىم. ئەختەم ئاقسۆڭەك ساڭا بىر نەچچە قېتىم زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەنمۇ نىيىتىڭدىن يانماي ئۇنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويىۋەتتىڭ، قاراپ تۇرۇپ تۇغىگەن ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋالدىڭ، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى سەن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىل، دېمىسىمۇ سېنىڭ ئەختەم ئاقسۆڭەكتە ھەققىڭ بار، ئۇ مالىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى بولسا سەنمۇ بالىسى. مالىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسى ئۇلارغىلا قېلىپ، ساڭا بىرىلمىسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلسا بۇ ئادىل بولمايدۇ. ئىلگىرى مەن دائىم ساڭا مال - دۇنيا تالاشما، دەيتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئۆيلىگىنى بار ئىدى. ئەمدى تالاشمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ساڭا ئەسكىلىك قىلغاندىكىن سەنمۇ بوش كەلمە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئەھۋال سەن ئۈچۈن پايدىلىق، ھۆكۈمەت ساڭا ئوخشاش خارلانغانلارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، ئەرز قىل! — دېدى سوپى سۇلتانغا مەدەت بېرىپ.

بۇ سۆزلەر سۇلتانغا بەكمۇ خۇش ياقتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئۆزىنىڭ مالىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى

ئىكەنلىكىنى ئەختەم ئاقسۆڭەكلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئۇستىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى، سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سۇلتان بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى. كەچتە ئۇ ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— ئەرزىمنى قوبۇل قىلدى، دەمسىنا؟ ياخشى ئۇكام، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، ئەمدى ئەختەم ئاقسۆڭەكنى سەتلەشتۈرىمىز. ئەمدى ئۇ كاللىسىغا كەلگىنىنى قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشىمۇ تۈگىدى ئەمدى! — دېدى سوپى.

— ئەرزنى پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا خەت يازىدىغان ئابدۇۋەلى خەتچى يېزىپ بەردى، يېزىپ بولۇپ ماڭا ئوقۇپ بەردى. خېلى قاملاشتۇرۇپ، دېگەن گەپلىرىمنىڭ بىرىنى قويماي يېزىپتۇ، — دېدى سۇلتان.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. سۇلتان يېرىم كېچە بولغاندا ئۇستىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى سۇلتاننى سوتقا چاقىرتتى، ئۇلار ئەختەمدىن ئىگىلىگەن ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئىشنى سورىدى. ئاخىر سوتچى ئۇنى ئەتە دادىڭىزدىن قالغان ئاشۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ كېلىڭ، دەپ يولغا سالدى.

سۇلتان سوتتىن چىقىپ سامسىخانىغا بارماي، ئۆيىگە بېرىپ ساندۇقتىن ئۈزۈكنى ئالدى. ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنچە چىرايلىق پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى رەھمەتلىك دادىسىنى كۆرگەندەك بولدى، شۇنداقلا ئاشۇ يىللاردا دادىسىنىڭ سامسىخانىدا سامسا يەپ ئولتۇرۇپ، ئۇستىسى بىلەن پاراڭلاشقان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ ئاجىز مەنىۋى دۇنياسى تىترەشكە باشلىدى، ئۇ ئۆزىنى

تۇتۇۋالالماي يىغلاۋەتتى.

ئەتىسى سەھەردە سۇلتان سوت مەھكىمىسىگە باردى. ئۇنىڭ ئەرزىگە مەسئۇل بولغان سوتچى تېخى كەلمىگەنىدى، بىر سائەتتىن كېيىن سوتچى يېتىپ كەلدى. سوتچى سۇلتاننىڭ قولىدىن ئۇزۇكنى ئالدى، ئۇزۇككە ئىنچىكىلەپ قارىدى ۋە ئۇنى ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭ، دەپ يولغا سالدى.

ئەتىسى سۇلتان سەھەردە بازارغا چىقىپ، ئاز - تولا سودىلىق قىلىپ، سامسىخانىسىغا باردى. شاگىرتلىرى سامسىنىڭ جىلتلىرىنى ئېچىپ، قىيما قىلىۋاتاتتى، ئۇ شاگىرتى سەلەيىنى قېشىغا چاقىردى.

— چوڭ قازاننى يۇيۇپ تەييار قىل ئۇكام. گۆش بىلەن سەۋزە ئەكەلدىم، گۈرۈچ بىزدە بار، چۆشكە ئۇلگۇرتۇپ ئاش ئېتەيلى، جامائەتكە بىر نەزىر بېرىۋېتەي. سەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي تەييارلىق قىل، تونۇرمۇ توختاپ قالمىسۇن، خېرىدارلار يېنىپ كەتسە بولمايدۇ،— دېدى.

— ماقۇل ئۇستام، خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئىشلەپ پۈتتۈرىمەن،— دېدى سەلەي.

ئاش چۈشكە تەييار بولدى، مەھەللىدىكى جامائەت سامسىخانىغا يىغىلدى، سوپى ئۇستام دۇكان ئەتراپىدىكى سودىگەرلەرنىمۇ باشلاپ كەلدى. تاماقتىن كېيىن جامائەت سۇلتانغا دۇئا قىلدى.

ئۈچ كۈن سۇلتان ئۈچۈن ئۈچ يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، سۇلتان سەھەردە سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەرزىگە مەسئۇل بولغان سوتچى بىلەن كۆرۈشتى. كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان سوتچى مۇنداق دەپ ھۆكۈم چىقاردى:

— خوش ئۇكام، ئەمدى گېپىمگە ياخشى قۇلاق سېلىڭ، مانا، بۇ ئۇزۇكنى قولىڭىزغا بېرەي. بىز سىزنىڭ ئەرزىڭىزنى

ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئىشلىدۇق، ئەختەمنىمۇ بىرنەچچە قېتىم چاقىرتىپ ئەكېلىپ سوراق قىلدۇق، لېكىن بىز سىزنىڭ ھەقىقەتەن مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭىز توغرىسىدا ھېچقانداق ئىسپاتقا ئىگە بولالمىدۇق. يا سىزنىڭ قولىڭىزدا بىرەر پارچىمۇ خەت يوق ئىكەن، ئۆزۈڭ دېگەن جانسىز نەرسە، ئۇ ئىسپات بولالمىغىنى بىلەن گۇۋاھچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق. ئۆزىڭىز بىلىسىز، گۇۋاھچىلىقتىن ئۆتىدىغان ئادەم چىققان ھالەتتىمۇ سىزنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭىز توغرىسىدا كىشىنى ھەقىقىي قايىل قىلغۇدەك نەرسىگە يەنىلا ئىگە بولالمايمىز. شۇڭا سىز بۇ ئىشتىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ. قىسقىسى، بىزگە ئىسپات كېرەك، ئۇنىڭغا قوشۇپ گۇۋاھچى كېرەك. لېكىن، سىزنىڭ قولىڭىزدا بۇنداق نەرسىلەر يوق!

— ئۆزۈكتە دادامنىڭ ئېتى بارغۇ؟ . . .

— بۇ ئۆزۈك دادىڭىز مالىكنىڭمۇ، ياكى باشقا مالىكنىڭمۇ، بۇنى كىم ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟

— ئەگەر بۇ ئۆزۈك دادام مالىكنىڭ ئۆزۈكى بولمىغان بولسا، قانداقلارچە مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ — دېدى سۇلتان ھاياجانلىنىپ.

— بۇ گېپىڭىز سوتتا ئاقمايدۇ، ئەگەر دادىڭىز مالىك ئاقسۆڭەك ھايات بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىش ئاسان ھەل بولاتتى. بولىدۇ ئەمىسە، سۆز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن!

سۇلتان سوت مەھكىمىسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ سامسىخانىسىغا باردى، ئۇستىسىغا سالام بېرىپ، سامسىخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇستىسىنىڭ بىر شاگىرتى ئۇنىڭغا چاي قۇيدى، شۇ ئارىدا ئۇستىسى بىر لىگەندە لىق سامسا كۆتۈرۈپ كەلدى.

— قېنى، چۈش بولاي، دەپ قالدى، سامسا يە. بۇ

سامسىلارنى باللارغا ئاتاپ ياققانىدىم، ياخشى كېلىپ قالدىڭ. ھە، قېنى، سىلەرمۇ داستىخانغا كېلىڭلار باللار، تاماق يەۋېلىڭلار، ھازىرلا ئادەم بېسىپ كېتىدۇ، — دېدى سوپى دۇكاندا ئىشلەۋاتقان شاگىرتلىرىنى چاقىرىپ، — ھە، چىرايىڭ سەتلىشىپ كېتىپتىغۇ، سوت مەھكىمىسىگە باردىڭمۇ، سوتچى بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامسەن!؟

— كۆرۈشتۈم، ئەرزىمدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى، — دېدى سۇلتان.

— نېمە. سوتچىلار نېمە دەيدۇ؟ — دېدى سوپى قولىدىكى سامسىنى قويۇپ قويۇپ.

— ئىسپاتىڭ يوق ئىكەن، داداڭ ئۆز ۋاقتىدا ۋەسىيەت قالدۇرماپتىكەن، دەيدۇ.

— نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ بۇ خەق، شۇمۇ گەپمۇ. ئۇزۇك ئەڭ ياخشى ئىسپات ئەمەسمۇ؟ توۋا، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، پۈتۈن ئادەم بىلىدىغان ئىشقۇ بۇ! ھەي، مېنىڭچە بۇ ئىشنى يەنە ئاشۇ ئەختەم ئاقسۆڭەك بۇزدى، ئۇ سوتچىنىڭ گېلىگە ئۆرىۋەتتىمىكىن دەيمەن.

سۇلتان گەپ قىلمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى سوپى ئۇستام.

— ئەمدى نېمە ئامالىم بار دەيسىز ئۇستام، — دېدى سۇلتان.

— ئاپاڭنىڭ قولىدا بىرەر پارچە يازما ئىسپات خەت بارمىكىن يا؟! ھازىر بىز سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن دوست بولدۇق، كېيىنچە ئاپاڭ كېلىپ قالسا بىر گەپ بولار بولمىسا، — دېدى سوپى.

— ئاپام مېنى ئىزدەمدىكىن تاڭ، ئەگەر ھۆكۈمەت ماڭا رۇخسەت قىلسا ئۆزۈم چىقىپ ئاپامنى ئىزدەيتتىم.

— ھازىرچە سەن ئۇياققا بارىمەن، دەپ ئاۋارە بولما.

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دەپتىكەن، بىر ئامال بولۇپ قالار،— دېدى سوپى.

شۇ ئىشتىن كېيىن سۇلتان چۇشكۈنلىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەرز قىلىشتىكى مەقسىتى مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشلا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى دادىسى توغرىسىدىكى ئوي ـ خىياللىرى پۈتۈنلەي مەنمۇى ئارزۇسىنى ئاساس قىلاتتى. سۇلتاننىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى سەزگەن سوپى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇنى يەنە ئاشۇ تاتلىق كەسپىگە باغلاپ قويدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى، سۇلتان سامسىخانىسىنى ئاشخانىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۇستا ئاشپەزلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. تاماقنىڭ، قورۇمىسىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى، سودىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ كەتتى. شۇنداق كۈنلەردە، يەنى بەزى يەكشەنبە كۈنلىرى ئەختەم ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالاتتى ۋە سۇلتانغا ئالىيىپ قاراپ قوياتتى. بىراق، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئەختەمنىڭ قانىتى سۇنۇشقا باشلىدى.

## 12

ئارىدىن بىر ـ ئىككى يىل ئۆتۈپ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەختەم ھە دېگەندە بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزىگە قانداق تەسىرى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ساتقىلى بولىدىغان نەرسىلىرىنى سېتىپ، قولىدىكى پۇللارغا قوشۇپ ئالتۇن

سېتىۋالدى ۋە ئۇلارنى ئىشەنچلىك بىر يەرگە جىمىقتۇردى. ئۇ ھەدەپ بايلىقنى جىمىقتۇرۇۋاتقاندا، شەھەر بويىچە ئومۇم بىلەن خۇسۇسىلارنىڭ مۇلۇكىنى بىرلەشتۇرۇپ شىركەت قۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. ئەختەم ئىچىگە تىنىپ قالدى، ئۇ بۇ ھەرىكەتتە ھۆكۈمەت ئالدىدا ماقۇل، دەپ قول باغلاپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى، ئۇ تاغدىكى ماللىرى، شەھەردىكى دۇكانلىرى بىلەن شىركەتكە قاتناشتى، يېزىدىكى يەرلىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. دېمەك، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى ۋە يىللىق كىرىمى بىردىنلا ئازلاپ كەتتى. ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئۇنىڭ شىركەتكە قاتقان پايدىسى ئۈچۈن بەش پىرسەنت ئەتراپىدا ئۆسۈم - پايدا بېرىپ تۇردى. بۇنچىلىك پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن خىمىرغا سەپكەن قوغۇنچىلىكلا نەرسە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۇشۇقچە گەپ - سۆز قىلماي يۈرۈۋەردى. چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقى توم — ئاساسى بەكمۇ چىڭ ئىدى. بىراق، ھازىرقى شارائىتتا ئىلگىرىكىدەك خادىككە چۈشۈپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ زامانىنىڭ رەپتارىغا بېقىپ ياۋاش بولۇۋېلىپ، ئات - خادىكلىرىنى سېتىۋەتتى، خىزمەتچىلىرىنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى.

شۇ يىللاردىكى ئۆزگىرىشلەر ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئىلگىرى ئىشتىنىغا پاتماي غادىيىپ يۈرۈدىغان ئادەملەر ئەمدى يەرگە قاراپ، يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭىدىغان، بازارغا كىرسىمۇ بۇلۇڭلاردا سودا قىلىدىغان بولغان، ئىلگىرىكى كۈنلىكىنى كۈندە تېپىپ يەيدىغان ئادەملەر يېڭى پۇرسەتكە ئىگە بولغانىدى. قىسقىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەختەمنىڭ روھىي ھالىتىنى كۈندىن - كۈنگە بوشاشتۇرىۋەتكەنىدى، ئاخىر ئۇ بازاردا، دوقمۇشلاردا ھاراق ئىچىپ، ئۆزىنى خوش قىلىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى.

بىر كۈنى ئۇ بازاردا هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى. ئۇنى بازاردا ھەممە ئادەم تونۇيتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇشتى.

— توۋا، بۇ ئەختەم ئاقسۆڭەك ئەمەسمۇ؟ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى بۇ؟!...

— ھەممە ئادەم بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ، دەردى ئىچىدە بۇ ئاقسۆڭەكنىڭ ...

— بۇ ئاداش سۇلتان قولاقتا ئەسكىلىك قىلغان، شۇنىڭ جاجىسىنى ئەمدى تارتىدۇ...

— ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويساق بوپتىكەن...

ئەختەمنى كۆرگەن ئادەملەر ئۇنىڭ توغرىسىدا ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشاتتى، ھېچكىم ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياي، دەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتى. ئەختەمنىڭ كىيىملىرى پاسكىنا ئىدى. كەيىپچىلىكتە دوپپىسىنى نەلەردىدۇر چۈشۈرۈپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ پات - پات چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان بېشى پارقىراپ تۇراتتى.

— ھە، مانا، مانا، مۇشۇنداق جاھان بۇ، مەن دېمىدىممۇ، ئەمدى ماڭا ئىشەك تاپقىلى بولمايدۇ. قانداق - ھە، ئىشەنمەسلەر؟ مانا مەن مۇشۇ شەھەردە ياشاۋاتقىلى مىڭ يىل بولدى، مىڭ يىلدىن بېرى مەن ئۇرغۇنلىغان تۈگمەننىڭ ئىچىدە تاغار كۆتۈرۈپ يۈردۈم، قېنى ئەمدى ئاشۇ تۈگمەننىڭ تاشلىرى؟ ھە كۆردۈڭلارمۇ، تۈگمەنگە ئۈگۈت توشۇيدىغان ھاڭگا ئىشەكنىڭ نەسلى قۇرىدى ئەمدى. مىڭ يىلدىن بېرى بىرمۇ ھاڭگا ئىشەك ھاڭراپ باقمىدى، ئاشۇ ھاڭگا ئىشەكلەر نەگە كەتتى؟ سىلەر بىلمەيسىلەر، مەنمۇ بىلمەيمەن، تۈگمەننىڭ تاشلىرى ئەمدى ئاغزىنى ئىچىپ ياتىدۇ. بۇنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، ھاڭگا ئىشەكلەر ئاپقاچقان ئۈگۈتلەر قوڭى تۆشۈك قازاندا قايناپ تۈگىدى. ھە تاپتىم، قازاننىڭ قوڭى تېشىلىپ

كەتتى. قويلار ئايروپىلاندەك ئۇچۇۋاتىدۇ، سىلەر، يەنە مەن، بىز ھەممىمىز ئادەم ئەمەس، ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئادەم، مەنلا ئادەم، سىلەر ھەممىڭلار سوپى قۇلاقنىڭ سامسىلىرى، سۇلتان قۇلاقنىڭ بەكمۇ ئوخشىغان سامسىلىرى!

بىر كۈنى ئەختەم مەستچىلىكتە جۆيلىگەندەك سۆزلەپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىۋالدى.

— ھەي جامائەت، ھەي مۇسۇلمانلار، مەستنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ قاراپ تۇرساڭلار سەت ئەمەسمۇ؟ بىرەر خادىك كىرا قىلىپ، ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويساڭلار بولمامدۇ بۇ بەندىنى — بۇ بىچارىنى! — دېدى ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئەختەمنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ساتىراچ يارى ئادەملەر توپىغا كىرىپ.

— ۋاھ، مۇنۇنىڭ گېپىنى قارا، قەۋەتلىغۇ سەن، ئۇ گۇيۇڭنى كىم ھاراق ئىچسۇن، دەپتۇ، نەرى مۇسۇلمان ئۇنىڭ؟ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇ مۇسۇلماننىڭ قىلىقىنى قىلىۋاتامدا؟ بىچارە دەيسەنغۇ تېخى ئۇنى، نەرى بىچارە ئۇ گۇيىنىڭ؟ مۇشۇ شەھەرنى سېتىۋالغۇچىلىك دۇنيا بار ئۇ گۇيدا، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئالتۇن بىلەن ھەپىلىشىپ ياشىغان. سەن دىلى يۇمشاق نەرسە ئىكەنسەن ـ ھە! بىزگە ئۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويساڭلار بولمامدۇ، دېگۈچە ئۆزۈڭ ئاپىرىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى توپ ئىچىدىن بىرەيلەن.

— راست گەپ . . .

— بۇ ئاداشقا چاچ ياساتقاندا تۆت ـ بەش تەڭگىنى جىقراق بېرىپ قويغان يېرى بار ـ دە، بۇ گۇيىنىڭ! . . . — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— بۇرادەرلەر، بۇنداق گەپ قىلمايلى، كىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشمەيدۇ؟ . . . بوپتۇ بولمىسا، مەن ئۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قوياي، — دېدى يارى ئەختەمنىڭ چاپانلىرىنى

قىقىشتۇرۇپ.
ياری بىر خادىك تېپىپ كېلىپ، ئەختەمنى خادىككە سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەتتى.
ئەختەمنىڭ كۆنى شۇنداق ئۆتۈشۈەردى. ئۇ ئۆزىنى هاراقتا تاپشۇرىۋەتكەن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى — ئايالى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى.
ئەختەم بىر ئوغۇللۇق بولغاندىن كېيىن جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۆت قىزى بار ئىدى، ئايالى ئىككىنچى قىزىنى تۇغقان چاغدىلا ئۇ ئوغۇل تۇغمىدىڭ، دەپ ئايالى بىلەن جېدەل قىلىشقا باشلىغان، بىر مەزگىل قارىماي يۈرگەنىدى. ئايالى ئارقا-ئارقىدىن قورساق كۆتۈرۈپ، يەنە ئىككى بالا يۈزى كۆردى، ئەپسۇسكى ئۇ بالىلارمۇ قىز ئىدى. نەتىجىدە ئەختەم تېخىمۇ تېرىككەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ياز كۈنلىرى ئاساسەن سىرتتا بولاتتى، ئۆي، بالىلىرى بىلەن ئانچە كارى بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇ ئىچى پۇشۇپ، قايغۇرۇپ، هاراق ئىچىپ چۈشكۈنلىشىپ يۈرگەندە، ئايالى بوشىنىپ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپ، ئۇنى قايغۇ-هەسرەتتىن قۇتۇلدۇردى.
— هە مانا، ماۋۇ ئىشىڭ بولىدۇ خوتۇن، ئەمدى مېنىڭ خوتۇنۇمغا ئوخشاۋاتىسەن. بالا دېگەننى بىر قىز، بىر ئوغۇل، بىر ئوغۇل، بىر قىز قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تۇغامسەن؟ ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا، كەينى-كەينىدىن تۆت ئوغۇل تۇغساڭ، نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن-دە، خوتۇن! — دېدى ئەختەم بىر كۈنى ئوغلىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ.
— نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، ئوغۇل تۇغىمەن، دېسەم ئوغۇل تۇغىدىغان، قىز تۇغىمەن، دېسەم قىز تۇغىدىغان گەپمىكەن، خۇدايىم بەرگىنىنى تۇغمامدىمەن؟ — دېدى مەريەم كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.
— نېمە بولسا بولسۇن، ئاۋۋال نىيەت قىلىش كېرەك

خوتۇن، خۇدايىمدىن تىلىسەڭ، تىلىكىڭگە مۇشۇنداق يەتكۈزمەي قويمايدۇ. ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ ساقامنى ياخشى بېقىپ، نوچى يىگىتلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن، — دېدى ئەختەم ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ئېتىنى نېمە قويىمىز؟ — دېدى مەريەم.

— ئېتىنى دەمسەن؟ بۇ ئاپپاق ساقامنىڭ ئېتىنىمۇ ئويلىشىپ بولدۇم، ئېتىنى ئالىم قويايلى، چوڭ بولغاندا مەن ئۇنى ئوقۇتۇپ، ھەقىقىي ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرىمەن! — دېدى ئەختەم.

— ئالىم دېدىڭىزما؟ بۇ ئىسىم بولىدىكەن، ئالىم قويايلى ئەمىسە، — دېدى مەريەممۇ خۇشال بولۇپ.

يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەختەم ئاقسۆڭەك قازان ئېسىپ، مەسچىتنىڭ ئىمام - مەزىنلىرىنى چاقىرىپ ئوغلىغا ئىسىم قويدى.

— بۇ ساقامنىڭ ئىسمىنى ئالىم دەپ قويىمىزمۇ؟ ھە، ياخشى، چوڭ بولغاندا ئالىم بولسۇن دەپسىز - دە؟ — دېدى ئىمام بالىنى قولىغا ئېلىپ.

بوۋاق قوللىرىنى ئويىنىتىپ كۈلۈپ كەتتى. ئىمام ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى.

## 13

يىللار ئېگىز - پەس يوللارنى بېسىپ، ئېرىسىنى تاراقشىتىۋەردى. ھۆكۈمەت ئەختەم ئاقسۆڭەكلەرگە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شىركىتىگە پاي قوشقان پېيى ئۈچۈن بېرىدىغان يىللىق پايدىنى توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا سىرتتىن كىرىدىغان كىرىم پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

— ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز چاتاق بولدى مەريەم، تالادىن كىرىدىغان كىرىم پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. مېنىڭچە، ئۆيدىكى ئالتۇنغا تەگمەيلى، پۇل خەجلەيدىغان ۋاقىت كېلىدۇ تېخى. مەن ئەتە - ئاخشاملىرى بازارغا چىقىپ، ئاز - تولا سېتىقچىلىق قىلاي، بىنەمدىكى ھېلىقى يەرلەرنى خۇدايىم بۇيرۇغاچقا ھازىرغىچە تېرىپ كېلىۋاتىمىز، كېلەر يىلى تېرىيالامدۇق، يوق؟ بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت بىنەم تېرىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، ئۇيەرنىمۇ كوممۇنىغا ئۆتكۈزىۋېتىدۇ، سېنىڭچە، ئۇ بىنەمنى قانداق قىلىساق بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى ئەختەم. بۇ ئۇنىڭ ئايالىغا بىرىنچى قېتىم مەسلىھەت سېلىشى ئىدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، سىز ئەمەس، خۇدايىم بۇيرۇسا باللىرىمىزمۇ سېتىقچىلىق قىلمايدۇ، بىزدىكى مال - دۇنيا باللىرىمىزنىڭ باللىرىمۇ يېتىپ يېسە يېتىدۇ، بەلكى يېتىپ ئاشىدۇ. ئۆزىڭىزنى سەتلەشتۇرمەڭ، سىز كىم؟ سىزنىڭ دادىڭىز، بوۋىلىرىڭىز بۇ شەھەردە قويىاشتەك پارقىراپ ئۆتكەن ئادەملەر تۇرسا، ئەمدى سىز سېتىقچىلىق قىلسىڭىز، خەقلەر بىزنى نېمە دەيدۇ؟ ھېلىمۇ مۇشۇ كۈندە نۇرغۇنلىغان گادايلار بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى كۆرۈۋاتىدۇ. ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ ئەختەم! — دېدى مەريەم ھاياجانلىنىپ.

— مەن ئويلىغاننى ئەلۋەتتە مەنمۇ ئويلايمەن. لېكىن، ئوغۇل بالا ئۈچۈن پۇل تېپىش سەت ئىش ئەمەس.

— بىراق، خەقلەر سىز ئويلىغاندەك ئويلىمايدۇ ئەختەم، بازارغا چىقىدىغان ئىشنى قويۇڭ، سەت تۇرىدۇ!

ئەختەم ئايالىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بازارغا چىقمىدى، ئۇ كۈندە ئۆيدىن تالاغا چىقماي گۆھەردەك ئوغلى ئالىم بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇنى قورۇدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، زېرىكتۈرمەي ئوينىتاتتى. يىللار ئۆتۈپ، ئالىم يەتتە ياشقا كىردى، ئۇنى

مەكتەپكە بېرىش ـ بەرمەسلىك توغرىسىدا، ئەختەم بىلەن ئايالىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي قالدى.

— ئالىم بەك ئەقىللىق بالا بولدى، ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ مەكتىپىگە ئەمەس، مەدرىسكە بېرەيلى، ئىمامنىڭ قولىدا ئوقۇسۇن، — دېدى مەريەم.

مەريەم يېقىندىن بېرى شۇنداق ئوي ـ خىيالدا ئىدى. بەزى كۈنلىرى داستىخاندا چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئەختەمگە كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىپ، «ئالىمنى خۇدايىم بۇيرۇسا، مەدرىسكە بېرىمەن» دەيتتى. ئەختەم كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمايتتى. مانا بۈگۈن مەريەم ئۆزىنىڭ قورسىقىدىكىنى ئېرىگە ئوچۇق ئېيتتى.

— ئىمامنىڭ قولىدىمۇ ئوقۇسۇن، لېكىن پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇمىسا بولمايدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن بۇ ساقامنى سەۋىتكە چىقىرىپ ئوقۇتىمەن، ئۇنى تەربىيىلەپ ھەقىقىي ئالىم قىلىمەن! شۇڭا ئۇنى پەننىي مەكتەپكە بەرگىنىمىز تۈزۈك، — دېدى ئەختەم.

— مۇشۇ كۈنگىچە مېنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىمنىمۇ راست قىلىپ باقمىدىڭىز سىز! — دېدى مەريەم رەنجىگەندەك قىلىپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن خوتۇن، ئۆينىڭ بۇنداق چوڭ ئىشلىرىدا مېنىڭ ئاغزىمغا قارىشىڭ كېرەك. زامانغا قاراپ ئىش كۆرمىسەڭ بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ كۈنى تەس.

— سىز دېگەندەك بولسۇن ئەمىسە، مەكتەپكە بېرەيلى، لېكىن ئەتە ـ ئاخشاملىرى بىرەر موللامنىڭ قولىدا ئوقۇسۇن، «قۇرئان كېرىم» دىن ساۋاتىنى چىقارسۇن. ھازىر جاھان ئاجايىپ بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ، بالىنى تۇغقان ئادەم ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ئىگە بولالمايدىكەنغۇ تاڭ! — دېدى مەريەم كوتۇلداپ.

— گەپنى ئاز قىل خوتۇن، سەن بۇنداق ئىشلاردا مېنىڭ ئاغزىمغا قارىشىڭ كېرەك. ئالىمنى مەكتەپكە بېرەيلى، ئەتە - ئاخشاملىرى سەن دېگەندەك قارىيلىقتا ئوقۇسۇن. لېكىن، زېھنىنى پەننىي مەكتەپتىكى ئوقۇشقا قاراتسۇن، ئۇنداق قىلمىسا كېيىن، مۇكەممەل، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادەم بولالماي قالىدۇ،— دېدى ئەختەم.

يىللار ئۆتتۈەردى. ئالىم مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، قۇرئان ساۋاتىمۇ چىقىپ بولدى. بۇ ئەھۋال ئەختەمنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. شۇنىڭدىمۇ ئۇ بەزىدە تۇرۇپلا خۇيلىنىپ قالاتتى. چۈنكى، ئايالى ئالىمدىن كېيىن، يەنە ئىككى بالا تۇغدى، ئەمما ئىككىسىلا قىز ئىدى. ئالىم تۇغۇلۇپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئەختەم يەنە ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى يالغۇز بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن قايغۇراتتى، خۇيلىناتتى. ئۇ شۇنداق خۇيلىنىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر كۈنى، ئىنىسى سالاھىدىن ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

سالاھىدىن ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىنىسى ئىدى، ئىلگىرى ئۇ بازاردا دۇكان ئاچاتتى. كىشىلەر ئۇنىمۇ سالاھىدىن ئاقسۆڭەك دەپ ئاتايتتى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە دۇكانلىرى ھۆكۈمەتكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بازاردا سېتىقچىلىق قىلىپ يۈردى. بەزى يىللىرى ھۆكۈمەت بازارنى بەك چىڭ باشقۇرۇپ كەتكەندە، ئۇ يوشۇرۇن سېتىقچىلىق قىلىپ جان بېقىپ يۈردى. قىسقىسى، ئۇ ئاكىسى كۆرمىگەن كۈننى كۆردى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھال - كۈنى ئەمدى يوق ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ ئايالى گۆھەرخان بەكمۇ نارازى ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەختەمنىڭ ئايالى مەريەمنىڭ تۇرمۇشىنى بىلەتتى، مەريەم ھېچنېمىدىن خىجالەت بولمايتتى، ھال - كۈنى

يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى.

— نېمىدېگەن تەشىەلمىگەن جاھان بۇ، ئەختەمكامىمۇ نومۇس قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ھۆكۈرەپ، قېنىغا پاتماي يۇرىدىغان يىللىرى ئۆتۈپ كەتتى ئەمدى، ھازىر ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم، ئۇ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى بولسا سىزمۇ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى. قانداق ئىش بۇ، نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، نېمە ئۇچۇن ئىنى - سىڭىللىرىگە مىراس بۆلۈپ بەرمەيدۇ بۇ ئادەم؟ مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىم، «سىز ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئەگەر سىز دېيەلمىسىڭىز مەن دەيمەن، ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ بوزەك قىلىغان بارمۇ؟ ئۇ دادىڭىزدىن قالغان دۇنيانى يەپ - ئىچىپ خاتىرجەم يۇرىدۇ، بىز مۇشۇنداق خارلىنىپ يۇرىمىزمۇ؟» دەپ ئاز قاقشىدىممۇ مەن؟ مەريەم يەكشەنبە كۈنى خاسىيەتنىڭ بالىسىنىڭ تويىدا ماڭا بىرمۇنچى سېسىق گەپ قىلىۋاتىدۇ، تولغىنىپ تەتۈر قاراپ كېتىپتۇ تېخى ماڭا. سىز بېرىپ دېمىسىڭىز، مەن ئۆزۈم دەيمەن، ئۇ بىزنى سۇلتان قۇلاقلاردەك كۆرۈۋاتىدۇ. سىز گەپ قىلالمىسىڭىز ئۆزۈم تېتىيمەن ئۇ موزاي بېشىغا، بىزنىڭ رىزىقىمىزنى ئاشنىسىغا خەجلەپ بېرىۋاتىدۇ ئۇ هارامزادە! — دېدى گۆھەرخان ئۆزىنى بېسىۋالالماي.

— ئۇنداق دەپ كەتمە خوتۇن، ئاكام بېرىمەن دەۋاتىدىغۇ، — دېدى سالاھىدىن ئايالىغا ھاي بېرىپ.

— شۇ، بېرىمەن، دېيىشىنىغۇ، دېدى، لېكىن قاچان بېرىدىكەن؟ قاچان بېرىسەن ئاكا، ئۆلگەندە بېرەمسەن يا ئاكا دېمەمسىز؟ ئۇ بېرىمەن دەپ يۇرۇپ قېرىتىۋېتىدۇ سىزنى! — دېدى گۆھەرخان ئۆزىنى بېسىۋالالماي.

ئەختەم ئاقسۆڭەكلەر توققۇز بالا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى مىراس بۆلۈشۈشكە بەكمۇ قىزىقىپ كەلگەنىدى. ئەختەم ھەر قېتىم

ئۇلارنى ناھايىتى چىرايلىق يولغا سالاتتى. «بىرىمەن، ئالدىرىماڭلار، ئۆزۈمنىڭ توغرىلىغان بىر ۋاقتى بار، ۋاقتى - سائىتى كەلسۇن» دەيتتى ئۇ. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى تا ھازىرغىچە كەلمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئىنىلىرى بىلەن سىڭىللىرى ئولتۇرالماي قالدى. كېلىنلەرنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ مىراس جېدىلىنى قىلغان ئادەم گۆھەرخان ئىدى. گۆھەرخان يۈز - خاتىرە قىلماي سالاھىدىننى قىستايتتى، بارمامسىز، دېمەمسىز، ئالمامسىز، ئەكەلمەمسىز، دەپ سالاھىدىننى خىجالەت قىلاتتى، بەزىدە ئۇلار بۇ خۇسۇستا ۋارقىرىشىپمۇ قالاتتى. گۆھەرخان ئەختەمنىڭ قولىدىكى دۇنيانىڭ تولۇق سانىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. ئۇ ھەر دائىم تۇغقانلار يىغىلغان يەردە «ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئاز ئالتۇن ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ رىزقىنى يېسە بولمايدۇ، ئاشنىسىنى بىزنىڭ رىزقىمىز بىلەن كۆكلىتەمدىكەن؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. بۇ سۆزلەر ئەلۋەتتە ئەتىسىلا مەريەمنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى ۋە مەريەم ئاخشىمى ئۇخلاش ئۇچۇن ياتقاندا بۇ سۆزلەرنى ئەختەمگە يەتكۈزەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئەختەم ئاخىر ئەمدى مىراس توغرىسىدا ئېنىق بىرنېمە دېمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كەلدى.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەختەمنىڭ ئىنىسى سالاھىدىن ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. بۇ قېتىم ئەختەم ئىنىسىغا گەپنى ئوچۇق ئېيتتى:

— ياخشى كەپسەن ئۇكام، مەن سىنى ئىزدەي، دەپ تۇراتتىم. ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ مىراس ئىشلىرى توغرىسىدا ساڭا ئېنىق بىر نېمە دېمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى سەن بەكمۇ مىراس جېدىلىنى قىلىپ كەلدىڭ، سېنى گۆھەرخان ئولتۇرغۇزمايۋاتىدۇ، بۇ يېرىنى مەن بىلىمەن.

ئەته سەھەردە ماڭا يولۇق، مەن ساڭا بېرىدىغاننى بېرىمەن، دەيدىغاننىمۇ دەيمەن. ساڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي ئۇكام، ئۆزۈڭنىڭ كاللىسى بىلەن ياشا، ماقۇلمۇ؟ بۇ شەھەردە مېنىڭ تونۇمايدىغان ئادىمىم يوق، ھەممە ئەركەكنىڭ ئەھۋالىنى بىلىمەن. مۇشۇ كۈنگىچە ساڭا ئوخشاش خوتۇننىڭ ئىشارىتى بىلەن ياشايدىغان ئادەمنى كۆرمىگەنمەن، سەن بىر ئەر، يەنە كېلىپ، قۇربان ئاقسۆڭەك، مالىك ئاقسۆڭەك دەپ ئاتالغان ئەزىمەتلەرنىڭ يىلتىزى، سەن بۇ تارىخىمىزنى ئۇنتۇپ قالما. جاھاندا ھەممە نەرسىدىن كەچكىلى بولىدۇ، لېكىن قانداشلىقتىن كەچكىلى بولمايدۇ. . .

سالاھىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن سولىشىپ قايتىپ چىقتى. ئەختەمنىڭ گېپى نوچى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيىتى نوچى ئەمەس ئىدى. يىللار، ئۇنىڭ تاتلىق تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئۇنىڭ بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتكەن يۈز - ئابرۇيى ئۇنى شۇنداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، ئۇ گەپنى چىرايلىق قىلغىنى بىلەن، ئىشنى چىرايلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئەتىسى سەھەردە سالاھىدىن ئاكىسى ئەختەمنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەختەمنىڭ تۈنۈگۈنكى ھالىتىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ چىرايىنى ئاچمىدى، ھە دېگەندىلا قوپاللىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— خوش، ئەمدى مېنىڭ گېپىمگە ياخشى قۇلاق سال ئۇكام، — دېدى ئەختەم ئىنىسىگە ئالىيىپ قاراپ، — نەچچە يىلدىن بېرى سىلەر ماڭا كۆپ تەلەپ قويۇپ كەلدىڭلار، مىراس ئالىمىز، دەپ مېڭەمنى يەپ بولدۇڭلار، بۇنىڭ ئىچىدە بەكرەك ۋارقىراپ جېدەل قىلىپ كېلىۋاتقىنى سېنىڭ ئايالىڭ گۆھەرخان. سەن ئايالىڭنىڭ گۆلەڭگۈچىدە ئۇسسۇل ئويناپ كەلدىڭ، بۇمۇ مەيلى، بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. ئەمدى مەن ساڭا

نېمە دەيمەن، ئۆزۈڭ گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلامدىم ياكى قىسقا گەپنىڭ ئۆزۈننى قىلايمۇ؟ مەن ساڭا ئاز گەپ قىلاي، قىسقا گەپ قىلاي، ھېكايىلەردىكى «ئىچىل سۇپۇرۇم، يېپىل سۇپۇرۇم» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ يۈرمەي. سىلەر ھەممىڭلار مەندىن دادامدىن قالغان مىراسنى ئالمىز، دەيسىلەر ھەم جېدەل قىلىپمۇ كېلىۋاتىسىلەر. لېكىن، دادام ماڭا سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرگۈدەك بىرنەرسە قالدۇرۇپ قويغان ئەمەس. توغرا، ئۆيدە ئاز ـ تولا دۇنيا بارلىقى بار. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۆيلەيدىغاننى ئۆيلىدۇق، تالالىق قىلىدىغاننى تالالىق قىلدۇق، ئۆي ئېلىپ بېرىشكە توغرا كەلگەنلەرگە ئۆي ئېلىپ بەردۇق، سىڭىللەر ئۈچۈن ئۆي سەرەمجانلىرىنى تەييارلاپ بەردۇق، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن پۈتە؟ ياق دەپباقە قېنى، بۇ ئىشلار يەردىكى غازاڭ بىلەن پۈتەمدۇ يا؟ سەن تۇغقانلارغا مۇشۇ ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، مىراس جېدىلىنى قىلىسىنا؟ مەندە ئەمدى نېمە قالدى؟ ئالىدىغاننى ھۆكۈمەت ئېلىپ بولدىغۇ، ئۆيىنىمۇ ئاختۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتىغۇ! تاغدىكى مال، سەھرادىكى يەر، شەھەردىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە كەتتىغۇ! مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە مەندىن مىراس تالىشىۋاتىسىنا؟ سېنىڭمۇ بېشىڭغا كەلدىغۇ بۇ ئىشلار، ھەممە ئىشتىن خەۋىرىڭ بار، شۇنداق تۇرۇپ، يەنە مەندىن مىراس تەلەپ قىلىۋاتىسەن. ئويلاپ باقە، مەندە زادى نېمە قالدى؟ مۇشۇ قورۇدىن باشقا، مۇشۇ ئۆيدىن باشقا، مەندىن باشقا، ئېغىلدىكى ئاشۇ ئەمچىكى كۈندىن ـ كۈنگە كىچىكلەپ كېتىۋاتقان سىيىردىن باشقا، مەندە زادى نېمە قالدى؟

سالاھىدىن ئاقسۆڭەك گەپ قىلماي ئاكىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. تۈنۈگۈن ئۇ ئاكىسىدىن رەنجىگەن، ئاكىسىنىڭ بەزى گەپلىرىنى كۆتۈرەلمىگەنىدى. بۈگۈن ئەختەم

يەنە ئاغزىنى قويۇۋەتتى، ئۇ شۇ كۆنگچە ئاكىسىغا يېنىپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ ئادىتىنى بۇزۇپ، ئاكىسىغا گەپ ياندۇردى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ كاللىسى بىلەن ئىش قىلىۋاتىمەن ئاكا، ئايالىمنىڭ گېپىگە كىرىپ جېدەل قىلىۋاتقىنىم يوق. سىزگە ئوخشاش مەنمۇ دادام مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى، سىز كۆرگەن ياخشى كۈننى مېنىڭمۇ كۆرگۈم كېلىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە سىز خاتىرجەم ياشاۋاتىسىز، چۈنكى سىزدە دۇنيا بار، مەن بولسام كۈنلىكىمنى كۈندە تېپىپ يەيدىغان هالەتكە چۈشۈپ قالدىم. دادام تاپقان پۈتۈن دۇنيانى سىزگە قالدۇرغان، مەن سىزدىن مىراس تەلەپ قىلماي، كىمدىن مىراس تەلەپ قىلىمەن! ؟

— ۋاھ، خېلى گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ سەن، سەن دادامنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسىنى ماڭا ئۆتكۈزگىنىنى كۆرگەندەك سۆزلەيسەنغۇ؟ قارا سېنى، مىراس دەۋاسى قىلىدىغان ئادەم نېمە ئۇچۇن دادام هايات ۋاقتىدا قىلمىدىڭ؟! شۇ ۋاقىتدا دەيدىغان گېپىڭنى دەۋالساڭ بولماسمىدى ئاپئاق ساقام! — دېدى ئەختەم تېرىكىپ.

— سىز بالىلارنىڭ چوڭى بولغاندىن كېيىن سىزگە ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ، دەپ ئويلىدۇق - دە!

— سەن مىراسقا شۇنچىلىك ئامراقمۇ؟ سەن مىراس بىلەن كۆكلەمسەن، مىراس ئالمىساڭ ياشىيالامسەن؟ — دېدى ئەختەم بىردىنلا تېرىكىپ.

— مىراس بۆلۈشۈش دېگەن سەت ئىش ئەمەس ئاكا، چۈنكى ئاتا - ئانىمىزنىڭ تاپقىنىدا ھەممىمىزنىڭمۇ ھەققىمىز بار - دە، ۋاقتى كەلگەندە خانمۇ ئالىدۇ مىراس دېگەننى! — دېدى سالاھىدىن.

سالاھىدىننىڭ بۇ گېپى ئەختەمگە ئېغىر كەلدى، نېمە

دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— سەن ماڭا شۇنداق قوپال گەپ قىلغۇدەك چوڭ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ.

— سىز ئاكام تۇرۇقلۇق ماڭا شۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلسىڭىز، بىزگە بېرىدىغان مىراسنى بەرمەيۋاتسىڭىز، ئەمىسە مەن سىزگە شۇنداق گەپ قىلماي قانداق گەپ قىلىمەن؟

— بۇ گېپىڭدىن قارىغاندا، سەن ئەگەر مەندىن ئالىدىغىنىڭنى ئېلىۋالساڭ، ماڭا قارىمايدىغان ئوخشىماسمەن؟!

سالاھىدىن ئاكىسىنىڭ گېپىدىن رەنجىدى، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاكىسىنى سىزلەپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ بىردىنلا ئاكىسىنى سەنلەپ سۆزلەپ كەتتى.

— مەن نېمىشكە ساڭا قارىمايدىكەنمەن؟ ئەمەلىيەتتە سەن بىزگە قارىمايۋاتىسەنغۇ!

ئەختەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتىكلا ئىنىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇ ئىنىسىنىڭ سەنلەپ سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، كىم - كىمگە قارىمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز تېخى! — ئەختەم ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى، ئۇ يېنىدىن تەييارلاپ قويغان پۇلنى ئالدى، — مانا، تالاشقان نەرسەڭ مۇشۇ، بۇ بەش مىڭ سوم پۇلنى ئۆزۈمنىڭ يېنىدىن بېرىۋاتىمەن، دادامدىن سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرگۇدەك نەرسە قالمىغان. ئىشەنسەڭمۇ شۇ، ئىشەنمىسەڭمۇ شۇ. شەرت، سەن بۇ ئىشنى تۇغقانلاردىن سىر قىلىپ ساقلايسەن، ھەتتا ئايالىڭغىمۇ ئېيتمايسەن. مېنىڭ ئەمدى ساڭا، يەنە سەندىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە بېرىدىغان بىر يامىقىممۇ يوق، مۇشۇ گېپىمنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا. ئاكام ئىكەن، دېسەڭ مانا ئۆي، كېلىپ تۇر، ئاكام دېمىسەڭ يەنە ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا خوتۇنىڭغا

تىزلىنىپ بەرسەڭ بىر گەپ بولۇپ قالار...
سالاھىدىن ئاكىسىغا گەپ قىلمىدى، ئۇ ئالدىدىكى پۇلغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل خىيال چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئەسلىدە ئۇ ئاكىسىدىن بەش مىڭ سوم ئەمەس، نەچچە ئون مىڭ سوم ئېلىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆزۈنىغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاخىر «قۇشقاچ بولسىمۇ گۆش» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئالدىدىكى پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى ــ دە، ئورنىدىن تۇردى:
— رەھمەت ئاكا، مەندىن خاپا بولما، مەيلى ياخشى بولاي، يامان بولاي، مەن يەنىلا سىنىڭ ئىنىڭ، سەن يەنىلا ئاكام. بۇ سىنىڭ مېنى ئېتىراپ قىلىش ــ قىلماسلىقىڭغا باقمىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى بىزنى جامائەت ئېتىراپ قىلىدۇ. كۆلۈپ ياشىساق دادامنىڭ روھىمۇ كۆلىدۇ، جېدەللىشىپ قالساق دادامنىڭ روھى قورۇنىدۇ...
سالاھىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئەختەم خېلى ئۇزۇن سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىنىسىنى ئۇزىتىپ چىقمىدى، سالاھىدىنىنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۇنىڭغا خېلى تەسىر قىلغانىدى. ئۇ ئىنىسىنى ئۆزىگە بۇنداق قاتتىق گەپ ــ سۆز قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. مانا ئەمدى ئىنىسىنىڭ گەپ ــ سۆزلىرى ئۇنىڭ روھى دۇنياسىغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى.
مەريەم يەنە بىر ئۆيدە ئىشكىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. سالاھىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىشكىنى ئېچىپ، ئېرى تۇرغان ئۆيگە كىردى. ئۇ ئەختەمنىڭ ئوساللىشىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ كوتۇلداپلا كەتتى:
— سالاھىدىن قۇرۇق سۆلەك كۆرەڭلەپ بىرنېمىلەرنى دەپ كەتسىمۇ گەپ قىلالمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ تومشۇقلىرىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ.

— بىردەم بولسىمۇ كۆزۈمدىن نېرىراق تۇرە سېرىق! — دېدى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئەختەم مەريەمنى سىلكىپ.

مەريەم خاپا بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەختەم ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ئۇ باغقا كىرىپ بىردەم ئايلاندى، ئاندىن ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بازارغا بېرىپ، بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدى، ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچتى.

— مۇشۇ كۈندە ئەڭ ياخشى نەرسە ھاراق ئوخشايدۇ! — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ.

## 14

ئالىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى، بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چاقىرىق قەغىزى كەلدى، ئۇ ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدى.

ئەختەم خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي كەتتى، ئۇ پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى چاقىرتىپ قازان ئېسىپ، ئالىمنى ئۆزىتىش ئۈچۈن داستىخان سالدى.

ھويلىنىڭ ئىچىگە ئادەم توشۇپ كەتكەنىدى، ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى. ئاياللار ئاياللار بىلەن مۇڭدىشاتتى، باللار باللار بىلەن كۈلىشىپ، قوغلىشىپ ئويناتتى، چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ گېپى بىلەن ئىدى. سالاھىدىن ئالىمنى باشلاپ ئادەم يوق بىر ئۆيگە كىردى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ كېلىدىغان

بولدۇڭ بالام، ياخشى ئوقۇغىن، بىزنىڭ جەمەتىمىز ئىچىدە ھەم پەندە، ھەم دىندا يېتىلگەن ئادەم يوق، قارىغاندا، سەن تولۇق بىر ئادەم بولۇپ يېتىلىدىغان بولدۇڭ. سەن بىزنىڭ ئېپتىخارىمىز، ياخشى ئوقۇغىن، بالىلارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغىن. ماۋۇ مىڭ سوم پۇلنى يېنىڭغا سېلىۋال، ئۈرۈمچىگە بارغاندا قىشلىق كىيىم ئالارسەن. دەيدىغىنىم يەنە شۇ گەپ بالام، بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويما، بىزدىن چوقۇم ساڭا ئوخشاش بىر بىلىملىك ئادەم چىقىشى كېرەك. . .

— رەھمەت كىچىك دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى ئوقۇيمەن، — دېدى ئالىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئالىم ھەقىقەتەن ئەقىللىق بالا بولغانىدى. تۇغقانلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا بۈگۈن ئۇلار ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەنىدى.

شۇ ئارىدا ئالىمنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى ئىمام قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئالىم ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى. ئەختەم ئىمام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. چايدىن كېيىن ئىمام ئالىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى:

— ئالىم مەكتەپكە ئۆتۈپ ياخشى قىلدىڭ بالام، جاھاندا بىلىم ئېلىشتىن ئۇلۇغ ئىش يوق. شۇڭا كونىلار: «بىلىمسىز بىرنى يېگەر، بىلىملىك مىڭنى» دېگەن، قانچە بىلىملىك بولساڭ، قىلغان ئىشلىرىڭ شۇنچە نەتىجىلىك بولىدۇ، — دېدى ئىمام.

— رەھمەت مۇئەللىم، مەن چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن! — دېدى ئالىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىمام ئالىم بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

بۈگۈن ئەختەم ئۈچۈن بەكمۇ خۇشاللىق كۈن بولدى. ئۇ مېھمانلارنى ناھايىتى ياخشى مېھمان قىلدى، قاراڭغۇ چۈشكەندە، مېھمانلار ئۇزاپ كېتىشتى.

ئالىم يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقاتتى. ئاياللار ئالىم ئۈچۈن يېڭى يوتقان تىكىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. چۈشكە يېقىن، ئالىمنى بىرەيلەن چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئالىمغا سۇلتان ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئالىمنىڭ ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى سەھەردە گۆش بازىرىدا ئۇستىسى سوپىدىن ئاڭلىغانىدى. ئۇستىسى ئۇنىڭغا ئالىمنى ئۆيگە چاقىرىۋال، ئاز - تولا يوللۇق تۇتۇپ قوي، دېگەنىدى.

چۈشتە ئالىم سۇلتاننىڭ ئۆيىگە باردى. ئالىم دادىسى بىلەن سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. تاماقتىن كېيىن، سۇلتان قورسىقىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، ئالىم ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ سۇلتان بۇنداق گەپ قىلار، دەپ ئويلىمىغانىدى.

— . . . ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئۇكام، سەن ئوقۇغان، ئەقىللىق بالا، مېنىڭ گەپلىرىمنى ياخشى چۈشىنىسەن. مەن ئەسلى خۇدانىڭ بىر مۆمىنى، بىراق بېشىمغا شۇنداق ئىش كېلىپ قالدى، پېشانەمگە يېزىلغىنى شۇ ئوخشايدۇ. شۇنداق، ئەسلى مەنمۇ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى، بىراق ھازىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق، مەن ساڭا بۇ سۆزلەرنى مەقسەتلىك دەۋاتىمەن. سەن دىلىڭ پاك، ياخشى بالا، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى سەن بۇ ئىشلارنىڭ تولۇق سىرىنى چۈشىنىپ قالىسەن. . .

— مەن تېخى كىچىك سۇلتان ئاكا، بۇ ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن، — دېدى ئالىم.

— چۈشىنىپ قالىسەن ئۇكام. مۇشۇ يىللاردا كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمىز، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى خۇدايىم بۇيرۇسا بارغانسېرى يالىڭاچ ئادەمدەك ئاشكارىلىنىپ كېتىدۇ، — دېدى سۇلتان.

ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى سۇلتان خاتىدا ئىشلەپ يۈرگەندە بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىدىن ئاڭلىغانىدى، ئۇ بۇگۈن بۇ سۆزنى ئالىمنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ، ئۆزىنى گەپدان ئادەمدەك قىلىپ كۆرسىتىۋالدى.

— يول بولسۇن ئۇكام ئەمىسە، ياخشى ئوقۇپ كەل. ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدۇ، ئەقىللىق كېلىدۇ، ئوقۇمىغان ئادەم بىر ئۆمۈر تىرىكچىلىك قىلىسىمۇ تاپقىنىنى ئۆزىدىن ئاشمايدۇ. ئوقۇغان ئادەم ئۆزىدىن ئېشىنىپ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرگە نان تېپىپ بېرەلەيدۇ،— دېدى سۇلتان يېنىدىن ئالىمغا ئاتىغان پۇلىنى چىقىرىپ،— بۇ بەش يۈز سوم پۇلنى يېنىڭغا سېلىۋال، ئاز بولسىمۇ ئوقۇش ئىشلىرىڭغا دالدا بولۇپ قالار...

— مەن سەندىن پۇل ئالسام سەت بولىدۇ ئاكا،— دېدى ئالىم.

— مەنمۇ ئوخشاشلا سېنىڭ كىچىك داداڭ بولىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ سىرلار ئاشكارە بولىدۇ تېخى! — دېدى سۇلتان.

ئالىم سۇلتانغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئالىم ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 15

ئالىم ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بېرىپ ئىككىنچى يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى. بۇ كىچىك شەھەرنىڭ ھەممە

يېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار بېلىگە قىزىل بەلگىلەرنى تاقىۋېلىپ، ئىنقىلاب قىلىمىز، دەپ قالايمىقان قىلىپ، ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، پۇقرالار بۇ ئىنقىلابنىڭ زادى قانداق ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

ھۆكۈمەت خېلى بۇرۇنلا يەككىلەرنىڭ ئاشخانىسىنى تاقىتىۋەتكەن، سۇلتاننىڭمۇ ئاشخانىسى تاقالغانىدى. لېكىن، سۇلتان شۇنىڭدىمۇ بوش كەلمەي تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرەتتى، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى بازارنى كۈندۈزىلا باشقۇراتتى، ئوقەتچىلەرنى كۆرسە نەرسىلىرىنى تارتىۋالاتتى. ئەمما، سۇلتان ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پولۇ ئېتىپ، قازاننى زەمبىلگە سېلىپ، ئىشقا ياراپ قالغان بالىسى بىلەن كۆتۈرۈپ، ۋېلايەتلىك يولۇچىلار ئاپتوبۇس بېكىتى، يەنى باش بېكەت، دەپ ئاتالغان قورۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ئىشقا چۈشۈپ بازارغا چىقىپ بولغۇچە، ئۇلار بىر قازان ئاشنى پاك - پاكىز سېتىپ بولۇپ ئۆيىگە كېتەتتى.

سۇلتان چۈشكىچە قىنىپ ئۇخلاپ دەم ئالاتتى، چۈشتىن كېيىن كەچنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتى. ئۇ كېچىلىك بازارغا ئۆلگۈرتۈپ ئوخشىتىپ سامسا يېقىپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ خېرىدارى بەك كۆپ ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ سامسىسىنى يەپ ئۆگىنىپ قالغان خېرىدارلار كىنوخانىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سامسىسىنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ سۇلتان بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كەلدى.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى، قۇياش كۆلۈۋاتقان ياكى يىغلاۋاتقان ئادەملەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇ شۇبەدەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، نۇرىنى تەڭ چېچىشقا تىرىشاتتى. چۈشلىرى

سۇلتان قورۇسىدىكى كىچىككىنە بېغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئالمىنىڭ سايىسىدا پۇتلىرىنى سوزۇپ راھەتلىنىپ يېتىپ، ھۇزۇرلىنىپ دەم ئالاتتى. ئىللىق شامال ئۇنىڭ ئىشچان قوللىرىنى، نۇر يېغىپ تۇرغان يۈز - كۆزلىرىنى، تۇرمۇشقا مۇھەببەت باغلىغان پاك يۈرىكىنى سۆيۈپ - سۆيۈپ ئۆتەتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇغا قانمايدىغان سۇلتان ئاسانلا ئۇخلاپ قالاتتى ۋە ئۇخلىسىلا خورەك تارتاتتى. خورىكى ئۆيدە ئىش قىلىۋاتقان ئايالىغا ئاڭلىناتتى. سۇلتان ھەر كۈنى دېگۈدەك چۈشتە شۇنداق يېتىپ، بىر - ئىككى سائەت ئارام ئالاتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن، ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بەكمۇ چىرايلىق ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. سۈكۈت ئىچىدە پۈتۈن ئالەمگە شەپقەتلىك نۇرلىرىنى چېچىپ تۇرىدىغان قۇياش ھەر دائىم ئۇنى ئۈمىد بىلەن ياشاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىسىمۇ، بەزى كۈنلىرى ئۇ يەنىلا قايغۇرۇپ، سۆۋېتتىكى ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇڭلىنىپ كېتەتتى. ئانا، ئۇ چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان ئانا ئۇنىڭ قەلبىدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس چىراغ ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇ دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، مالىك ئاقسۆڭەك ئۇنىڭ سادىق كۆزى ئالدىدا ئېنىق كۆرۈنەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئۆتكەن كۈنلىرىنى، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە ئۇ قىمىرلىماي يېتىپ ئايالىنى تۇۋلاپ، ھېلىقى ئۈزۈكنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۈزۈنچە قارايتتى. ئۈزۈك قۇياش نۇرىدا شۇ قەدەر يېقىملىق پارقىرايتتى - دە، ئەختەمنىڭ سۆرۈن تەلەتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى كاللىسىغا كىرىۋالاتتى. بەزى كۈنلىرى سۇلتاننىڭ ئاكىسى ئەختەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. ئۇ ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا مەنمۇ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى، مەنمۇ ئەختەم ئاقسۆڭەككە

ئوخشاش مەيدەمنى كېرىپ ياشىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتى. بۇ ئوي - خىيال ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ مەنۋىيىتىگە تەسىر قىلىپ كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە سۇلتاننىڭ كاللىسىدىن تېخىمۇ ئۆتمەيدىغان بىر ئىش شۇ ئىدىكى، ئەختەم ھېچ نەرسىنىڭ خىجالىتىنى تارتماي، يەنىلا ئاشۇ كونا زاماندا ياشىغاندەك ياشاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ قولىدىكى ئالتۇننى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆيىنى گۈلدەك بېقىپ، يەنە بالىسىنى ئۇرۇمچىدە ئوقۇتىۋاتاتتى. شۇنى ئويلىسىلا سۇلتاننىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، قۇيقا چېچى تىك تۇراتتى.

بىر كۈنى قىزىل قوغدىغۇچىلار سۇلتاننىڭ قوشنىسى تۇداخۇننى تۇتۇپ كەتتى. سۇلتان باش بېكەتتە بالىسى بىلەن پولۇنى سېتىپ بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، تالادا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى، سۇلتان دەرۋازىنى ئاچماي بوينىنى سوزۇپ تۇرۇپ تامدىن قاراپ، تالادىكى ئەھۋالنى كۆزەتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار تۇداخۇننىڭ قولىنى ئارقىغا قايرىپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سۇلتان سەل جىددىيلەشتى، چۈنكى تۇداخۇن شۇ كۈنلەردە قىزىل بايراق ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا رەخت بېلىتى ئېلىپ - سېتىپ يۈرەتتى. تالادىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىققاندىن كېيىن، سۇلتان دەرۋازىنى ئېچىپ، كوچىغا چىقىپ قوشنىلاردىن ئەھۋال ئۇقتى. ئەسلىدە تۇداخۇن تۈنۈگۈن بازاردىن گۆش ئالغاندا، گۆشنى ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى بار بىر ۋاراق گېزىتكە يۆگەپ ئېلىپ كەپتۇ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئايالى گۆشنى ئېلىپ، گېزىتنى ھويلىغا تاشلىۋېتىپتۇ، قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى بار گېزىت ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ، بۇ گېزىتنى سەھەردە كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ گېزىتنى ئېلىگىرى سوپى ئۇستام سامسخانا قىلغان ئورۇندا قاتار

چېدىر تىكىپ، كېچە ـ كۈندۈز يېتىپ ـ قوپۇپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان قىزىل قوغدىغۇچىلارغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ ۋە نەدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىل قوغدىغۇچىلار گۆشنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى بار گېزىتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تۇداخۇننى تۇتۇپ كەتكەنىكەن.

بۇ ئىش سۇلتاننى خېلىلا چۆچىتىپ قويدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئىچىپ بولالمىغان چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۇداخۇن توغرىسىدا ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئايالىغا ئېيتىپ بەردى، ئايالىمۇ ھەيران بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى.

— ھە، خوتۇن، ئاڭلىغانسەن، سەنمۇ قاتتىق دىققەت قىل، گېزىتلەرگە ھەرگىز بىرنېمە ئورىغۇچە بولما، ھەتتا گېزىت دېگەن نېمىنى تۇتما. شۇ كۈن، شۇ ئايلاردا تىنچ يۈرەيلى،— دېدى سۇلتان خوتۇنىغا نەسىھەت قىلىپ.

— خۇدايىم ساقلا، مەنغۇ گۆشنى گېزىتكە ئورىمايمەن. يائاللا، تۇداخۇننى شۇ ئىش ئۈچۈن تۇتۇپ كېتىپتۇ ـ دە، مەن تۇداخۇننى رەخت بىلىتى ئېلىپ ـ سېتىپ، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلدىڭ، دەپ تۇتۇپ كەتتىمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن تېخى،— دېدى ھەجەر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ.

— ئەمدى قاچان قويۇۋېتەر ئۇ بىچارىنى؟ — دېدى سۇلتان.

— شۇنى دەڭە، ئايالى تېخى تۇنۇگۈن مىجەزىم يوق، دەپ ماڭا ھالىنى ئېيتىپ كەتكەنتى،— دېدى ھەجەر.

— بىردەم تۇرۇپ، ئۆيىگە كىرىپ ھالىنى سوراپ قوي، قوشنا ئەمەسمۇ ـ ھە، قانداق جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدىكىنتاڭ بۇ جاھان؟

بۈگۈن سۇلتان بىر كۈنلۈك ئىش ـ ئوقىتىنى تۈگىتىپ

بالدۇرلا دەم ئېلىپ يېتىپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئەتە سەھەر تۇرۇپ ئاش ئەتمىسە بولمايتتى. ئەتىسى ئۇ ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ، ئوغلىنى ئويغىتىپ قويۇپ، ھويلىغا چىقىپ ئاشقا تۇتۇش قىلدى، بىسمىللا، دەپ ئوچاققا ئوت ياقتى. بالىسى ئەزىزمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، دادىسىنىڭ قېشىغا كەلدى. سۇلتان ماينـــى ئۆلچەپ قازانغا قۇيدى، قىزىۋاتقان ماينىڭ چارسىلدىغان ئاۋازى قاراڭغۇلۇقتا ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئەزىز سەۋزە بىلەن گۈرۈچنى قازان بېشىغا ئېلىپ كەلدى، سۇلتان پولۇغا گۆش ئىشلەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇس بېكىتى ئالدىدىكى كىشىلەر ئاساسەن سەپەرگە چىققان يولۇچىلار ئىدى ۋە ئۇلار قىممەت تاماقلارنى سېتىۋالالمايتتى. قازاندىكى ماي قىــزىپ تەييار بولدى، سۇلتان بىسمىللا، دەپ قازانغا ئاۋۋال پىيازنى، ئاندىن سەۋزىنى سېلىپ قورۇدى. سۇ قۇيۇپ، ئون - ئون بەش مىنۇتچە قايناتقاندىن كېيىن، گۈرۈچنى سالدى، قازاننىڭ سۈيى قايناپ ئاز قالغاندا ئاشنى دەملىدى. بىر سائەت ئىچىدە بىر قازان ئاشنى تەييار قىلىپ ئۈلگۈردى. ئەزىز دادىسى بىلەن بىللە قازاننى زەمبىلگە سالدى. ئۇلار زەمبىلنـــى كۆتۈرەي، دەپ تۇرۇشىغا، تامدىن ئون نەچچە ئادەم سەكرەپ چۈشتى.

— سۇلتان دېگەن سەنمۇ؟ — دېدى ئـون سـەككىـــز ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق يىگىت.

— ھە مەن، — دېدى سۇلتان. ئەزىز تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەنلەردىن قورقۇپ، دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— قازاندىكى نېمە؟ — دېدى يەنە ھېلىقى ئېگىز بويلۇق يىگىت.

— ئاش.

— نەگە ئاپىرىسەن؟

— بازارغا.

— ھەي قاراڭغۇ بازارچى، يۈرىكىڭ قاپتەك بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟ تەپ تارتماي بازارغا ئاپىرىمەن، دەيسىنا، سەن ئۆزۈڭچە مۇشۇنداق قاراڭغۇدا بازارچىلىق قىلىپ يۈرسەم ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەمسەن؟ ئىنقىلابى ئاممىنىڭ كۆزى روشەن، ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ. ياۋاش بول، سېنى پاش قىلغان ئادەم بار، بىز سېنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭنى بىلىمىز،— ئېگىز بويلۇق يىگىت كېيىن ھەمراھلىرىغا بۇيرۇق قىلدى.— بۇ ھارامزادىنى باغلاڭلا!

ھەجەر قورۇدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقتى، ئەزىز ئانىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. بىرنەچچە يىگىت ھەدەپ ئاغامچا بىلەن سۇلتاننى باغلاۋاتاتتى، ھەجەر ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، نېمە ئۈچۈن ئېرىمنى باغلايسىلەر؟ — دېدى ۋارقىراپ.

— ئېرىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش جىنايىتى بولماي نېمە؟ يەنە ۋارقىرايسەنغۇ! ياۋاش بول، بولمىسا سېنىمۇ باغلايمىز! — دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت ۋارقىراپ.

— قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلدى، دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ھالال ئەمگىكىمىز بىلەن ئاش ئېتىپ ساتساقمۇ قاراڭغۇ بازارچىلىق بولامدىكەن؟ ئەمىسە بىز قانداق جان باقىمىز؟

— ھەي ساراڭ خوتۇن، ۋارقىرىما، ھېلى ئىككىلىڭنى ئاپىرىپ تۈرمىگە سولايمىز. قاراڭغۇ بازارچىلىق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەڭ بىلدۈرۈپ قوياي: كوچىدا بىر نەرسە ساتساڭ، ئۇ نەرسە ئۆزۈڭنىڭ بولسىمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ بازارچىلىق بولىدۇ، ئۇنداق ئىش قىلغانلار كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغانلار بولىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ ھەرقايسىڭ ھۆكۈمەت چەكلەۋاتقان ئىشلارنى قىلىشىۋاتىسەن، ئەتىگىنى

پولو، كەچتە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا سامسا سېتىشىڭنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ بازارچىلىققا كىرىدۇ! ھازىر ھۆكۈمەت ھەر قايسىڭغا ئوخشاش بىكار تەلەپلەرنى يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇۋاتىدۇ، يېزىغا بېرىپ، كەتمەن چېپىپ ئىشلەپ جېنىڭنى بېقىش! قانداق جېنىڭنى باقاتتىڭ، كەتمەن چېپىپ جان باقسەن!

— بىزنىڭ ئاتا بوۋىمىز مۇشۇ شەھەردە ياشاپ كەلگەن، يېزىدا نېمە بار ئىكەن بىزگە؟ مېنىڭ ئېرىم ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ شەھەردە سامسا يېقىپ، ئاشخانا ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، بىز ھېچ يەرگە بارمايمىز، ئۆلسەك مۇشۇ يەردە ئۆلىمىز! — ھەجەر ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ۋارقىراپ كەتتى.

— بۇ خوتۇنىنىڭ ئىدىيىسى چاتاق ئىكەن، خوتۇنىنىمۇ باغلاڭلار! — دېدى ئىگىز بويلۇق يىگىت بۇيرۇق چۇشۇرۇپ.

— بولدى قىل ئۇكام، مەن سىلەر بىلەن ماڭاي، ئۆيدە ئۇششاق باللىرىم بار، ئايالىمغا تەگمەڭلار! — دېدى سۇلتان يېلىنغاندەك قىلىپ.

— ئەمىسە ماۋۇ سۇلتان دېگەن قاراڭغۇ بازارچىنى ئېلىپ مېڭىڭلار، ماۋۇ زەمبىلىنىمۇ كۆتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ بۇ نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىمىز! — دېدى ئىگىز بويلۇق يىگىت.

ئۇلار سۇلتاننى ئالدىغا سېلىپ، كەينىدىن زەمبىلنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. ئىگىز بويلۇق يىگىتنىڭ قېشىدا تۆت يىگىت قالغانىدى. ئۇ ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ ھارامزادىنىڭ تونۇرىنى، ئاش ئېتىدىغان ئوچاقلىرىنىمۇ چېقىۋېتىڭلار. قېنى مەن ئۇنىڭ ئەمدى سامسا يېقىپ، پولۇ ئېتىپ سېتىپ، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقاي!

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان يىگىتلەر سۇلتاننىڭ

قوشنىلارنىڭ پاسىل تېمىغا يانداپ قويۇلغان تونۇرنى قولىغا چىققان نەرسە بىلەن ئۇرۇپ چېقىپ ئۆرۈۋەتتى، پولۇ ئېتىدىغان چوڭ ئوچاقنىمۇ بۇزۇۋەتتى. ھەجەر يىغلىغان پېتى ئەزىزنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئېگىز بويلۇق يىگىت ئادەملىرىنى ئېلىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار قىزىل قوغدىغۇچىلار بولۇپ، ئادەتتە شەھەرلىك بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ياردەملىشەتتى.

ھەجەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىگە باردى. ئۇ يەردە ھەجەرنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ كۆز يېشى بىلەن بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يوغان قورساق، كىنولاردىكـــى جاسۇسلارغا ئوخشاپ كېتىـــــدىغان باشلىقىنى تەسىرلەندۈردىمۇ ياكـى زېرىكتۈردىمۇ، ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇلتاننى قويۇۋەتتى.

سۇلتان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىگىچە ھېچ ئىش قىلمىدى، بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا بەكمۇ تەسىر قىلغانىدى. ئۇ بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىدە ئۈچ كۈن يېتىپ، «مېنى ئەختەم ئاقسۆڭ چېقىپ قويدى» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. «ئەگەر ئۇ چېقىپ قويمىسا، ئۇلار مېنىڭ ئەھۋالىمنى قانداقسىگە شۇنچە ئېنىق بىلىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ھەجەر ئەزىز بىلەن بىرلىكتە پولۇ ئېتىدىغان چوڭ ئوچاقنى قايتىدىن ياساپ چىقتى، تونۇر ئەكەلدۈرۈپ، تونۇرنىمۇ قويۇپ تەييار قىلدى، بىر ھەپتىدىن كېيىن، سۇلتان يەنە ئوقەتنى باشلىۋالدى. ئەگەر ئۇ ئوقەتنى قىلمىسا، بالىلىرىنى باقالمايتتى.

ھەر كۈنى چۈشتە سۇلتان ئادىتى بويىچە كىچىك بېغىغا كىرىپ دەم ئالاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ چەيلىكنى كۆتۈرۈپ باغقا كىرىپ، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئۆتكەن ئۈچ كۈننى ئەسلەپ ئولتۇردى. ئۇ ئاشۇ زىنداندەك قاراڭغۇ ئۆيدە تاياق يېمىگىنىگە

خۇش ئىدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتكەندە قىزىل قوغدىغۇچىلار تۇداخۇننى تۇتۇپ، ئۇرۇپ ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغان كۆرۈنۈشلەر كۆرۈندى ـ دە، بىردىنلا جانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ دەم ئېلىشنى قويۇپ ، ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇ بىردىنلا يېنىكلەپ كەتتى، سۇلتاننىڭ كاللىسىدا بىر پىلان پەيدا بولغانىدى.

سۇلتان ھەممە ئىشنى تاشلاپ بازارغا ماڭدى. قىزىل بايراق ماگىزىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىتابخانىغا كىرىپ، قىزىل تاشلىق «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» دىن بىرنى سېتىۋالدى. ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاپتوبۇستىكى كىشلەرگە ماۋجۇشىنىڭ ئۈزۈندىسىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى تالاي قېتىم كۆرگەن ھەم ئاپتوبۇس ئىچىدە بولۇنغان پاراڭلاردىن بۇنداق كىتابچىنى شىنخۇا كىتابخانىسىدىن سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» نى ئېلىپ، پوچتىخانا ئالدىدىكى خەت يازىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— خەت يېزىپ بېرەمدىم؟ — دەپ سورىدى ياشانغان خەتچى.

— ياق تاغا، ماڭا مۇشۇ ئۈزۈندىنىڭ ئىچىگە ئىسمىمنى يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى سۇلتان ئۈزۈندىنى خەتچىگە سۇنۇپ.

— ئىسىم ـ شەرىپىڭىز نىمىكىن؟ — دېدى خەتچى كۆزەينىكىنى تاقاۋېتىپ.

— ئىسمىم ئەختەم.

خەتچى «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» نىڭ مۇقاۋىدىن كېيىنكى ئاق بېتىگە «ئەختەم» دەپ يېزىپ بەردى.

سۇلتان خەتچىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۆيگە كەتتى. بېرىپلا كەچلىك ئوقىتىشقا تەييارلىق كۆردى. كەچتە ئۇ يەنە

ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سامسا يېقىپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. كىنوخانىدا بۈگۈن يېڭى كىنو قويۇلماقچى ئىدى، شۇڭا ئادەم بەك جىق ئىدى، سۇلتان ئۆزىنىڭ بىرى ئولتۇرۇپ سامسا سېتىۋاتقان ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بولغۇچە چۆپقەتلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇ تەڭلىنىڭ ئۈستىدىكى داستىخاننى ئېچىشىغا ئوخشىغان سامسىنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى ئەتراپنى قاپلىدى، خېرىدارلار كۆپەيدى. ئۇ بىردەمدىلا تەڭلىسىدىكى سامسىسىنى سېتىپ بولدى. چۈشكەن پۇلنى ساناپ يېنىغا سېلىپ، ئورنىدىن تۇردى. تەڭلىنى بالىسىغا كۆتۈرتىپ، ئۇنى ئۆيگە يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزى قاراڭغۇدا بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ ئەختەمنىڭ مەھەللىسىگە باردى. كوچىدا ئادەم يوق دېگۈدەك ئاز ئىدى، سۇلتان ئىچىگە لاي سۇركەپ تەييار قىلغان ھېلىقى «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە» نى يېنىدىن چىقىرىپ، ئەختەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئېرىققا تاشلاپ قويدى - دە، ئەتراپنى بىر كۆزىتىۋېتىپ، ئىتتىك مېڭىپ ئۆيگە كەتتى. ئەتىسى سەھەردە ئۇ بىر قازان پولۇ ئەتتى، ئۆزۈن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۆزى بارماي، ئىككى ئوغلىنى پولۇنى سېتىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۆزى باشقا يول بىلەن بازارغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سامساخانىسىنىڭ ئورنىغا قاتار قىلىپ تىكىلگەن چېدىرلاردا يېتىپ - قوپۇپ ئىنقىلاب قىلىۋاتقان قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ قېشىغا باردى. قاتار كەتكەن چېدىرلاردا «دۇنيا بىزنىڭ» دېگەن خام خىيالدا تېرىسىغا سىغماي قالغان قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەدەپ چوڭ قەغەزلەرگە خەت يېزىپ، ئاللىكىملەرنىڭ ھەجۋى رەسىملىرىنى سىزىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر بالا سۇلتانىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھە، قاراپ تۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئۇ بالا.

— مەن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارغا ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى سۇلتان جىددىي قىياپەتتە.
— باشلىقىمىزنى نېمە قىلاتتىڭ؟
— ئازراق ئىشىم بار ئىدى.
— نېمە ئىش؟ ماڭا دەۋەر.
سۇلتان گەپ قىلماي تۇرىۋالدى. ئۇ ئالدىدىكى بالىنىڭ قوپاللىقىنى ياقتۇرماي قالدى.
— ھە، گەپ قىلمايسىلىغۇ ئاداش؟ — دېدى ئۇ بالا يەنە قوپاللىق قىلىپ.
— باشلىقىڭلار بولمىسا ئەمىسە مەن كېتەي، ئەتە كېلىمەن، — دېدى سۇلتان ئوڭايسىزلانغان بىر قىياپەتتە.
— توختا ئەمىسە! — دېدى بالا ۋە كەينىگە يېنىپ كىرىپ، ئۇزۇنغا قالماي بىر يىگىتنى باشلاپ چىقتى.
— مانا بۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز، ئىسمى ئەركىنتاي، گېپىڭ بولسا ئېيتە ئەمدى.
ئەركىنتاي ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، ئەمما تېخى ئاغزىدا ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بالا ئىدى، قارىغاندا، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى، ئاغىنىلىرى ئۇنى ئەركىن كۆك كۆز، دەپ ئاتايتتى.
— ئولتۇرۇڭ ئاكا، بۇياققا كېلىپ قاپسىزغۇ؟ مېنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — دېدى ئەركىنتاي سۇلتانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.
سۇلتان چېدىرغا كىرىپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى.
— رەھمەت ئەركىنتاي ئۇكام. مەن سىزگە بىر ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغىلى كەلگەنىدىم، ئەتىگەن بازارغا كىرەي، دەپ كېتىۋاتسام، يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ داھىمىز

ماۋجۇشىنىڭ بىر ئۆزۈندە كىتابىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ ئۆزۈندىنى قانداق ئۇنسۇر تاشلىغاندۇ، دەپ قورقۇپ كەتتىم. بۇ ئىشنى ساقچىلارغا خەۋەر قىلاي، دەپ ساقچى ئىدارىسىگە بارسام، ئۇلار تېخى ئىشقا كەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كېلىشىم،— دېدى سۇلتا ئارتىسىدەك كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ.

ئەركىنتاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشخۇيلۇق بىردىنلا غايىب بولدى.

— ياخشى، سىز بىزگە بەكمۇ مۇھىم بىر ئىشنى خەۋەر قىلىپ كەپسىز. ئەمىسە بىزنى شۇ ئورۇنغا باشلاپ بېرىڭ! — دېدى ئەركىنتاي.

— بولىدۇ، مەن باشلاپ باراي.

ئەركىنتاي بىرلا ۋارقىراپ، كەينىگە ئون نەچچە ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ ماڭدى، سۇلتانىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ باردى. ئۇلار ئەختەمنىڭ قورۇسى ئالدىغا بارغاندا، سۇلتان ئېرىقتا ئېچىلىپ ياتقان «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە»نى ئەركىنتايغا كۆرسەتتى. ئەركىنتاي كىتابنى ئاۋايلاپ، ئىككى قوللاپ ئېلىپ، تاشلىرىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، ئىچىنى ئېچىپ كۆردى. ئۇ ھە دېگەندە كىتابنىڭ مۇقاۋىدىن كېيىنكى ئاق بەتكە يېزىلغان «ئەختەم» دېگەن چىرايلىق خەتنى كۆردى، ئاندىن كىتابچىنىڭ لايدا پاسكىنىلىشىپ كەتكەن بەتلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى.

— ئەختەم؟ ئەختەم دېگەن كىم؟ مۇشۇ قورۇنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، بۇ دەرۋازىنى ئۇرۇڭلار! — دېدى ئەركىنتاي ۋارقىراپ تۇرۇپ.

يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەر بىلەكلىرىدە «قىزىل قوغدىغۇچىلار» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل بەلگىسى بار بالىلارنى كۆرۈپ، ئەختەمنىڭ دەرۋازىسىغا ئولاشتى. سۇلتانمۇ

تاماشا كۆرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئادەم بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، غىپ قىلىپ غايىب بولدى.

ئەركىنتاينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈچ ـ تۆت قىزىل قوغدىغۇچى كەينى ـ كەينىدىن ئەختەمنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇردى، دەرۋازا ئاستا ئېچىلدى. دەرۋازىنى ئەختەم ئۆزى ئاچقانىدى. ئۇ بېلەكلىرىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان قىزىل قوغدىغۇچىلارنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەركىنتاي جىددىيلىشىپ تۇرغان ئەختەمگە قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ.

— ئەختەم . . .

— تۇتۇڭلار بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىنى، — دەپ ۋارقىرىدى ئەركىنتاي ھەيۋە قىلىپ.

ئەركىنتاينىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى ئەختەمنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى. ئەختەمنىڭ ئەمدىلا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان باللىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاللا ـ كاللا دەپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن گويا قىيامەت قايۇم بولغاندەك بىر مەنزىرە — ھالەت يۈز بەردى. نەتىجىدە ئەختەمنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى، ئۇ گاڭگىراپ كەتتى، نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي قالدى

— مەن نېمە گۇناھ قىلىپتىمەن ئۇكىلىرىم، مېنى نېمە ئۈچۈن باغلايسىلەر! ؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ۋارقىراپ.

—ۋارقىرىما تاز، قىلغان گۇناھىڭنى بىلمەمسەن تېخى؟ بۇ ئۆلگۈرنى ئېلىپ مېڭىڭلار! — دېدى ئەركىنتاي.

قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەختەمنى ئۇزلىرى باش شتاب دەپ ئاتىۋالغان جايغا ئېلىپ بېرىشتى، ئۇنى ئەركىنتاي ئۆزى سوراق قىلدى.

— سەن ئۇلۇغ داھىمىزنىڭ بۇ ئۈزۈندىسىنى نېمە ئۈچۈن

خارلايسەن؟ ئەگەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى ماۋجۇشى ئاتىمىز بولمىغان بولسا، بىز مۇشۇنداق ياخشى كۈن كۆرەلەمتۇق؟! سەن بار مەسىلەڭنى تاپشۇر، سەن يالغۇز ئەمەس، چوقۇم سېنىڭ كەينىڭدە ئادەم بار! — دېدى ئەركىنتاي كۆك كۆزلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ.

— بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت، بۇ ئۇزۇندە مېنىڭ ئەمەس! . . .

— نېمە، مېنىڭ ئەمەس؟ ئەمىسە بىز ساڭا تۆھمەت قىلىۋاتىمىزمۇ؟ ئەمىسە بۇ ئۇزۇندە مېنىڭمۇ؟ ھەي گېزەندە، بۇ ئۇزۇندىنىڭ ئۇستىدە ئېتىڭ يېزىقلىق تۇرامدۇ؟! سەن بىزنى ئويناتماقچىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس ئۇكام، بۇ ئۇزۇندە راست مېنىڭ ئەمەس! — دېدى ئەختەم ئىچ - ئىچىدىن قايغۇرۇپ.

— تىلىڭنى تارت، مېنى ئاكا دېمە، سەن دېگەن بىر ئەكسىلئىنقىلابچى، مەن دېگەن ماۋجۇشىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىسى. . . مەسىلەڭنى ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلمايسىنا! ئۇرۇڭلار بۇ هارىمىنى! — دېدى ئەركىنتاي قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلىپ.

قولى قىچىشىپ تۇرغان، تېخى ئەقلىنى توختاتمىغان ئوقۇغۇچىلار — قىزىل قوغدىغۇچىلار بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئەختەم ئاقسۆڭەكنى ئۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنىنى قىپقىزىل قان قىلىۋەتتى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

ئەركىنتايلار ئەختەمنى باش شتابتىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆز چېدىرىغا قايتىپ كەتتى.

— بىزگە خەۋەر قىلغان ھېلىقى ئاكىمىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئەركىنتاي چېدىرىغا كىرگەندىن كېيىن قېشىدىكى بىرەيلەندىن.

— ئۇ ئاداش ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ئوخشايدۇ،

كۆرۈنمەيدىغۇتاڭ.

قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ باش شتابىدىكى بالا ئاتامانلار ئەختەمنى شەھەرنىڭ كۆنپىتىش تەرىپىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئەختەم گاڭگىراپلا قالغانىدى. يۈز بىرىۋاتقان ئىشلارنى ھېچ چۈشىنەلمىدى، ئۇ ھەرقانچە كاللا قاتۇرۇپ ئويلىسىمۇ قانداقلارچە جىنايەتچى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، لېكىن ئۆزىگە كىمدۇر بىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ يەنىلا سۇلتاندىن گۇمان قىلدى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سۇلتاندىن باشقا دۈشمىنىم يوق، دەپ ئويلايتتى. ئەختەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا بىر يىل ئىشلىدى، ئۇ بۇ جازا مەيدانىغا قانداق تۇيۇقسىز ئېلىپ كېلىنگەن بولسا، يەنە شۇنداق ئۇشتۇمتۇت، گەپ ـ سۆزسىز قويۇپ بېرىلدى. چۈنكى، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۇستىدە ئاشۇ «ئۇزۇنده» ۋەقەسىدىن باشقا جىنايەت پاكىتىغا ئىگە بولالمىغان، ھەتتا دۇنيادا ئەختەم ئاقسۆڭەك دەيدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ئەختەمنى قولغا ئېلىش ـ جازالاش ھەققىدە ھېچقانداق قانۇني رەھمىيەت يوق ئىدى. بۇ ئەھۋالنى بىر يىلدىن كېيىن سەزگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ يېڭى باشلىقى ئۇنى يا ئاق، يا كۆك دېمەيلا قويۇۋەتتى.

ئەختەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ھەپتىگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى كۈنلىرىنى ئويلىسىلا سۇلتانغا بولغان غەزىپى ئۆرلەيتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ ھەر كۈنى كەچتە كىنوخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ سامسا ساتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدا سۇلتان بىلەن كۆرۈشتى.

سۇلتان ئەختەمنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن

قايتىپ كەلگەنلىكىدىن شۇ چاغدىلا خەۋەر تاپقان، «بۇ گۆي بەك تېز قايتىپ چىقىپتۇغۇ؟» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ ئەختەمنى بىر كۈن بولسىمۇ كۆزۈمدىن نېرى تۇرسا ئىكەن، دەپ ئويلايتتى. ئەختەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا قامالغاندىن كېيىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان سوپى بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، سۇلتاننى ئۆيگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئاداۋەت ساقلىما ئۇكام، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاداۋەت ساقلاش ياخشى ئىش ئەمەس، خۇدالىق ئالەم بۇ! — دېگەنىدى.

سوپى ئەختەمنىڭ قامىلىشىنى سۇلتاندىن كۆرەتتى، لېكىن سۇلتان ئۇستىسىغا يالغان ئېيتىپ، بۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم، دەپ تۇرىۋالدى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ نەسىھىتىگە ئاغزىدا ماقۇل بولغىنى بىلەن، كۆڭلىدە يەنە ئۆزىنىڭ سەنىمى بويىچە ئويلاپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئەختەمنىڭ ئەسكىلىكى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. سۇلتاننىڭ ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، مەيلى بۇ دۇنيادا بولسۇن، ياكى ئۇ دۇنيادا بولسۇن، ئۇ ئەختەم ئاقسۆڭەكنى كەچۈرمەيتتى.

ئەختەم ئىزدەپ يۈرۈپ سۇلتاننى كىنوخانىنىڭ بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكىنىڭ يېنىدىكى بۇلۇڭدىن تاپتى. سۇلتان پۈتۈن دىققىتى بىلەن شەپكىسىدىكى پۇلنى رەتلەپ ساناۋاتاتتى. ئەختەم گەپ قىلماي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قاراپ تۇردى، سۇلتان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى كۆردى، ئەمما گەپ قىلمىدى. سۇلتاننىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى، ئۇ پۇلنى ساناپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئەختەم سۇلتانغا غەزەپ بىلەن قارىدى.

— سامسا يەپ باقاي دەپ كەلگەنمىدىڭ؟ — دېدى سۇلتان ئەختەمگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەن سەندەك قاراڭغۇ بازارچىنىڭ سامسىسىنى يېمەيمەن! — دېدى ئەختەم غەزەپ بىلەن.

— شۇنداقمۇ، بۇرۇن يېگەن كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە؟

— ئۇ كۈنلەرنىڭ گېپىنى قىلما ھارامدىن بولغان ئوغرى، مەن ئۆز ۋاقتىدا سېنى ئاشۇ خاڭدا كۆمۈرنىڭ ئاستىغا كۆمدۈرۈۋەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن.

— تېخى، مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار، دە ئاكا، سەن ئۆمرۈڭدە بىرەر چىۋىن ئۆلتۈرۈپ باققانمۇ؟ ياق، دە ئاكا! بۇنداق ئىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، بۇرۇن كەلمىگەن، ئەمدى تېخىمۇ كەلمەيدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، ئەمدى سەن مەندىن قۇتۇلالمايسەن، سېنىڭ دەۋرىڭ ئۆتۈپ كەتتى جېنىم ئاكا، قولۇڭدىن كېلىدىغان ۋاقىتتا مېنى ئۇجۇقتۇرىۋەتمىدىڭ، ئەمدى تېخىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمەيسەن، سەن ئۇچۇن ئاقىدىغان ئىگىسى يوق ئۆستەڭ قالمىدى ئەمدى!

— سەن ماۋجۇشىنىڭ ئۈزۈندىسىنى لايغا مىلەپ دەرۋازامنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، ماڭا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلدىڭ! سەن كاللاڭنى سىلكىۋەت، مەن كىم، سەن كىم؟ مەن ئالتۇن كارىۋاتتا تۇغۇلغان ئەزىمەت، سەن ئەخلەتخانىدا تۇغۇلغان بىر ھاراملىق، مەن بىلەن ئېلىشىپ پايدا ئالالمايسەن! مەن ساڭا بۇرۇنراق شۇنى دەپ قوياي: مەن بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئۆيۈڭگە يەنە ئوت قويۇۋېتىمەن، بالىلىرىڭ بىلەن ئاشۇ ئۆيدە كۆيۈپ ئۆلىسەن! دېگىنىمنى قىلالمىسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي، مەن قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايمەن! — دېدى ئەختەم يەنە ۋارقىراپ. ئۇنىڭ چىرايىمۇ سەتلىشىپ كەتتى.

— ئوغۇل بالا، قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا، لېكىن مەنمۇ ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ قوياي: مەن ئاستا - ئاستا جېنىڭنى ئالىمەن، مەن بۇرۇن بىر چۈمۈلىگىمۇ يامان كۆزدە قارىمايتتىم، مېنى يامانلىق قىلىشقا ئۆگەتكەن ئادەم سەن. سەن

ئەلۋەتتە ئۆزۈڭگە ئىشىنىسەن، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، مەنمۇ مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى. ئىشىنىمەنكى، دادىمىزنىڭ روھى بىزنىڭ — ئاكا، ئۇكا ئىككىلىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. سەن ئالتۇن كارىۋاتتا تۇغۇلغانمەن، دېدىڭ، بۇ راست، ئەمما، قېنى ئاشۇ ئالتۇن كارىۋېتىڭ؟! هازىر ساڭا ياغاچ كارىۋاتمۇ يوق. توغرا، سەن دېگەندەك مەن ئەخلەتخانىدا تۇغۇلغان، لېكىـــن مەن هازىر تېگىمگە گىلەم سېلىپ يېتىۋاتىـمەن. سەن ئۆزۈڭچە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىر ئۆمۈر مۆرىگەن، مەنمۇ بىر ئۆمۈر مۆرەپ ئۆتىمەن، دەپلا ئويلامسەن؟! ئۇنداق ئىش يوق ئەمدى، هازىر قانداق زامان ئىكەنلىكىنى تېخـــچە بىـــلمەي، چۈشەنمەي يۈرەمسەن؟ سەن مۇشۇ كۆنلەردە دادامدىن قالغان ئالتۇنلارنى سېتىپ يەپ، كۈنۈڭنى چاندۇرماي ئۆتكۈزۈۋاتىـــسەن، ئاشۇ ئالتۇنلار ساڭا يەتكەن بىلەن باللىـــرىڭغا يەتمەيدۇ، ئۆزۈڭ نايناقشىغىنىڭ بىلەن باللىرىڭ ناينىاقشىيالمايدۇ. شۇنىـــڭغا ئىشەنگىنكى، باللىرىڭ بىر ئۆمۈر خەقنىڭ قولىــغا قاراپ ياشايدۇ. مەن ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، خۇدايىم بۇيرۇسا مېنىڭ باللىرىم سېنىڭ باللىرىڭدىن ياخشى كۈن كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدا گۈلدەك هۈنىرى بار، هۈنەرلىك ئادەم خارلانمايدۇ، هېچقانداق يەردە ئاچ قالمايدۇ. سەن ئۆيۈڭگە ئوت قويىۋېتىمەن، دەپ مېنــى قورقۇتما، ئوغۇل بالا بولساڭ، قىلىدىغان ئىشىڭنى چاندۇرماي قىل، قىلىپ بولۇپ قاراپ ئولتۇر. ئۆيۈمنى بىلىسەنغۇ دەيمەن، مەن ئوتتىـن قورقۇپ قالمايمەن!

ئەختەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى، ئۇ سۇلتاننى بۇنداق گەپ قىلار، دەپ ئويلىمىغانىدى.

— هېلى مۇشۇ يەردىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن هاراملىق سېنى! — دېدى ئەختەم ئۆزىنى بېسىۋالالماي.

— قولۇقىدىن كەلسە ياغ چاپىنا، دېدىمغۇ ئەختەم ئاكا!
— مېنى ئاكا دېمە هارامدىن بولغان!
— سەن ئاكام بولماي نېمە؟ هازىرلا قېنىممىزنى تەكشۈرىدىغان بولسا، قېنىمىز ئوخشاش چىقىدۇ. مۇشۇ كۆنلەردە خوتۇن كىشىگە ئوخشاش تولا كوتۇلدايدىغان، ئەمما قولۇقىدىن هېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قاپسەن. ئوغۇل بالا بولساڭ، قىلىدىغان ئىشىڭنى ماڭا دېمەي قىلىۋەرمەمسەن! مەن كەتتىم ئەمىسە، ئەتە يەنە سەهەر تۇرۇپ بازارغا تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ، ساڭا ئوخشاش سېتىپ يەيدىغان ئالتۇنۇم يوق مېنىڭ! — دېدى سۇلتان. ئۇ ئىشتان - چاپانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ مېڭىپ كەتتى.
ئەختەم تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى.
سۇلتان ئاغزىدا چوڭ سۆزلىگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەختەمنىڭ گەپ - سۆزىدىن، ئەلپازىدىن ئەنسىرەپ قالدى، بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ غەم - ئەندىشىلىك خىيال بىلەن ئازابلىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. چايدىن كېيىن سۇپىغا چىقىپ ياتتى. ئۇ ئەختەمنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى يەنە ئەسلەپ قالدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ پەيلى يامان ئىدى، ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغاندەك، يەنى سۇلتاننىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، سۇلتان خۇددى ئۇز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. سۇلتان چۆچۈپ قالدى. «ئۇ مۇتىهەم ماڭا بىر مۇشت ئېتىپ بولغۇچە مەن ئۇنىڭغا ئاۋۋال مۇشت ئېتىشىم كېرەك،— دەپ ئويلاندى سۇلتان،— بىراق، نېمە قىلىشىم كېرەك؟ . . . — ئۇ بىرهازا ئويلىنىپ ئەقىل تاپقاندەك بولدى ۋە خۇشال بولۇپ كەتتى،— توختا، ئۇ گۇينى مۆرىتىۋاتقان ئاشۇ ئالتۇنلار، مەن بۇ گۇينىڭ شۇنداق ئەدىبىنى بېرەيكى، مېنى ئىنىم، دەپ ئىقرار قىلمىغىنىغا ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلىدىغان بولسۇن. . .»

سۇلتان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، پولۇنى بالدۇرلا تەييار قىلدى. ئىككى ئوغلىنى قازاننى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرگۈزۈپ بازارغا ماڭدۇردى. ئۆزى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ چېيىنى ئىچتى.

— بۈگۈن مىجەزىڭىز يوقمۇ، نېمە قازاننى باللارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىڭىز بازارغا چىقمايسىزغۇ؟ — دېدى ئايالى.

— ياق، باشقا ئىشىم بار،— دېدى سۇلتان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

چايدىن كېيىن سۇلتان ئۆيدىن چىقىپ، شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە باردى، ساقچى باشلىقى يولۋاس بىلەن كۆرۈشتى.

— ھە، كەل، بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دېدى يولۋاس ئۇنى كۆرۈپ.

— مەن سىلەرگە بىر ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەنىدىم.

— قېنى، ئېيت، قانداق ئەھۋال ئۇ؟

— ھېلىقى مالىك ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى ئەختەم ئاقسۆڭەك دېگەننى بىلىسىز ھەقىچان، مەن ئاشۇ ئادەم توغرىسىدا بىر ئىشنى ئىنكاس قىلماقچى ئىدىم،— دېدى سۇلتان.

— ئىنكاس - پىنكاس دېگەن گېپىڭنى قويۇپ، دەيدىغان گېپىڭنى ئۇدۇللا دەۋەرمەمسەن! — دېدى يولۋاس توڭلۇق بىلەن.

— ئاشۇ ئەختەم ئاقسۆڭەك دېگەننىڭ ئۆيىدە نۇرغۇنلىغان ئالتۇن بار...

— نېمە، ئالتۇن بار؟ ھە، سەن قانداق بىلىسەن ئۇنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇنلىغان ئالتۇن بارلىقىنى؟ — يولۋاس ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى.

— ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ بوۋىسى، دادىسى ئەسلىدە چوڭ

پومېشچىك، ئادەم ئەزگەن، ئۆز ۋاقتىدا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى تاغلاردا نۇرغۇن چارۋا ـ ماللىرى، يېزىدا نۇرغۇن يەرلىرى، شەھەردە نەچچە يەردە دۇكىنى بولىدىغان، ئۇلار خەقنى ئېزىپ كۆپ مال ـ دۇنيا يىغىۋالغان. مانا ئەمدى بۇگۇنكى كۇندە ئەختەم ئاقسۆڭەك ئاشۇ مال ـ دۇنياسىغا تايىنىپ جان بېقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى مالىك ئاقسۆڭەك ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن قالدۇرغان، ئۇ ئالتۇنلارنى ھۆكۇمەتكە تاپشۇرماي ئۆزى بۇزۇپ ـ چېچىۋاتىدۇ، ئەسلىدە ئۇ خەلقنىڭ قان ـ تەرىدىن يىغىلغان ئالتۇن، شۇڭا ئۇ ئاشۇ ئالتۇنلارنى ھۆكۇمەتكە تاپشۇرۇشى كېرەك. . .

— توغرا، مەنمۇ ئەختەم ئاقسۆڭەك دېگەن ئادەمدە ئالتۇن جىق، دەپ ئاڭلىغان، بۇ ئەھۋالنى ياخشى يەتكۇزدۇڭ ئۇكا، سەن ماۋجۇشىنىڭ ئەسىرىنى ياخشى ئوقۇپسەن جۇمۇ! ھە، سېنىڭ ئىتىڭ نىمىتا؟ — دېدى يولۋاس. ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىدا بىردىنلا كۇلۇمسىرەش پەيدا بولۇپ قالدى.

— سۇلتان.

— ھە، سۇلتان دە! مانا، سەن ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئامما ئىكەنسەن، بىزگە ساڭا ئوخشاش ئادەم كېرەك، ئىنقىلاب قىلىشتا سەندەك سادىق ئامما بولمىسا بولمايدۇ. قېنى دەپ باقە، ئۇنىڭ ئالتۇن تىقىدىغان يېرىنى بىلەمسەن؟

— ياق، بىلمەيمەن، ئۇ بەك هارامزادا نەرسە، بىراق ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى غوپۇر زەگە بىلەمدىكىن دەيمەن.

— غوپۇر زەگە دېگەن كىم ئۇ؟

— غوپۇر زەگە بۇرۇن بازاردا زەگەچىلىق قىلاتتى، ھازىر ئۆيىدە ئوغرىلىقچە ھالقا ياساپ ساتىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنى ئەختەم ئاقسۆڭەك ئالتۇن بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتان.

— ياخشى، سەن غوپۇر زەگەنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— ئەمىسە مەن بىرنەچچە ساقچى چىقىراي، سەن ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوي، — دېدى يولۋاس.

ساقچىلار غوپۇر زەرگەرنى تۇتتى، لېكىن ئۇ ئىقرارغا كەلمىدى، «مەن ئەختەم ئاقسۆڭەكتىن ئالتۇن ئالمىدىم، مەن ئادەتتە خېرىدارلار ئەكەلگەن ئالتۇندىلا ئۇزۇك، ھالقا ياساپ بېرىمەن» دەپ تۇرىۋالدى. يولۋاس ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. ئۇنى يەنە سوراق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ساقچىلار ئىككى قولىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ ئۇرسىمۇ، غوپۇر زەرگەر يولۋاس ئاغزىدىن چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان سۆزنى دېگىلى ئۇنىمىدى، ئەختەمنىڭ ئالتۇنلىرى توغرىسىدا ھەتتا تىنىپمۇ قويمىدى. ئاخىر يولۋاس ئەختەمنى تۇتۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

بىر كۈنى سەھەردىلا ساقچىلار ئۇنى تۇتۇپ كەلدى. ساقچىلار يولۋاسنىڭ ئەقلى بويىچە ئۇنى سوراقمۇ قىلماي، ھە دېگەندىلا دۈمبالاپ ئۇرۇپ كەتتى. ئەختەم نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالدى، كاللىسى پىرقىراپ كەتتى، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. بۇيرۇق بويىچە ساقچىلار ئۇنى يولۋاسنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى.

— گۇناھىڭنى بىلەمسەن ئەختەم قارا سۆڭەك! — دېدى يولۋاس.

— مەن . . . ئۇقمىدىم، مەن . . . ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىم، — دېدى ئەختەم گاچىلىشىپ.

— نېمە، گۇناھ قىلمىدىم، دەمسەن؟ سەن ئالتۇنلىرىڭنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماي، غوپۇر زەرگەگە سېتىپ خەجلەۋېتىپسەنغۇ؟

— ئۇنداق ئىش يوق . . .

— تاياقئا تويمىغان ئوخشىمامسەن تېخى،— دېدى يولۋاس ۋارقىراپ.

— مەندە ئالتۇن يوق باشلىق، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرى،— دېدى ئەختەم بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ.

ساقچىلار ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ يەنە ئۇردى، لېكىن ئۇ ئالتۇن توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. يولۋاس ئامال قىلالماي، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى.

ئۇنىغا يېقىن ساقچى ئەختەمنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى، ئۆيەر ـ بۇيەرنى قېزىپمۇ باقتى، لېكىن ئالتۇن تۇگۇل، مىسمۇ تاپالمىدى. ئاخىر چايخانىدىكى ئوچاقنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاستىنى قېزىشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇلار يولغا چىققاندا، يولۋاس «هويلىدىكى گۇمانلىق يەرلەرنى، چايخانىدىكى ئوچاقنىڭ ئورنىنى قېزىپ بېقىڭلار، ئالتۇنى بار كۇيلار بەك قۇۋ كېلىدۇ، ئۇلار ئالتۇننى ئاشۇنداق يەرلەرگە كۆمىدۇ. مەن بۇرۇن بىر ئوغرىنىڭ ئوچىقىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويغان بىر كوزا ئالتۇننى تېپىۋالغان» دەپ تاپىلىغانىدى. لېكىن، ئوچاقنىڭ ئاستىدىنمۇ هېچ نېمە تاپالمىدى. شۇنچە جاپا تارتىپ هېچنەرسە تاپالمىغان ساقچىلار ئۆيدىكى قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنى — يىگىرمە بەش بۆرە تېرىسى، ئەللىك ئۈچ تۈلكە تېرىسى، ئوتتۇز بەش گىلەم، ئەللىك ئىككى كىگىز، ئوتتۇز ئىككى كىشىلىك پىما، ئون بەش جۇۋىنى مۇسادىرە قىلدۇق، دەپ ساقچىغا ئېلىپ كەتتى. مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەر ئەختەمگە دادىسىدىن قالغان نەرسىلەر ئىدى.

يولۋاس ئەختەمنى قاتتىق قىيىنىدى، لېكىن ئەختەم ئالتۇن توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، يولۋاس ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن هەپىلىشىپ ئاۋارە بولۇپ ئاغزىنى ئاچالمىغاندىن كېيىن ئاخىر زېرىكىپ، ئەختەمنى قويىۋەتتى.

ئەختەم ساقچىدىن چىقىپ ئۇدۇل غوپۇر زەرگەرنى يوقلاپ

كىردى. غوپۇر ساقچىدا بەك قاتتىق تاياق يېگەچكە، ساقچىدىن چىققاندىن بىرى ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى. ئۇ ئەختەمنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما غوپۇر، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،— دېدى ئەختەم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— سېنىمۇ ئۇردىمۇ؟

— ئۇرماي قالامدۇ،— دېدى ئەختەم،— ساڭا رەھمەت غوپۇر، ھەرھالدا مېنى سېتىۋەتمەپسەن. ئەگەر مەندىن ئالتۇن ئالغىنىمنى دەپ قويغان بولساڭ، ئۇلار مېنى قورۇتاتتى، قولۇمدىكى ئالتۇندىن ئايرىلسام تۈگەشكىنىم شۇ - دە. ئۇلار مېنى قورقۇتۇپ، «غوپۇر سېنى پاش قىلىپ بولدى، سەن ئۇنى ئالتۇن بىلەن تەمىنلەيدىكەنسەن» دەپ پوپوزا قىلىپ باقتى. مەن ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىدىم، چۈنكى مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سېنىڭ ئاغزىڭ چىڭ...

— بىزنىڭ كۈنىمىز كۈندىن - كۈنگە تەس بولۇۋاتىدۇ ئەختەم، جان باقماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم، بىزنى ھېلىقى سوپى قۇلاقنىڭ شاگىرتى سۇلتان قۇلاق چېقىپ قويغان ئوخشايدۇ. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ توغرىسىدا بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئىككىڭلار ئۇزۇن يىلدىن بىرى چىقىشالماي كېلىۋاتىسىلەر، بىر - بىرىڭلارنىڭ پېيىنى قىرقىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىسىلەر. ھەممىمىز مۇسۇلمان، مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن ئارازلىشىپ يۈرسە يامان بولىدۇ، ئۈچ ئالىمەن، دېسە كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولىدۇ. مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا كىممۇ جېدەل كۆتۈرەلەيدۇ، دەيسەن؟ مېنىڭچە ئەختەم، سەن سۇلتان قۇلاق بىلەن ئېتىشما، قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ...

ئەختەم غوپۇرنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى. غوپۇر بىلەن

ئۆزىنىڭ ساقچىغا قاملىشىنى سۇلتاندىن كۆرەتتى. شۇتاپتا ئۇ غوپۇرنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە، تەلپىگە ھېچ نەرسە دېمىگىنى بىلەن، ئىچىدە سۇلتاننى مىڭنى تىللاۋاتاتتى.

يىللار ئۆتىۋەردى، ئەختەم ئولتۇرسا ـ تۇرسا سۇلتاندىن ئۆچ ئېلىش خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى، لېكىن بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان پۇرسەتكىمۇ ئىگە بولالمىدى.

سوپى قۇلاق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانغا خېلى بولغانىدى. سۇلتان ئۇنى قەشقەردىن كەلگەن بىر تىۋىپقا خېلى ئۇزۇن داۋالاتتى، لېكىن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى. ئەسلىدە ئەزرائىل سوپى ئۇستامنىڭ تەكىيىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىكەن، جۇمە كۈنى سەھەر ئۇنىڭغا ئەجەل يەتتى، بۇ ئاددىي، سەممىي، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئىنسان بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. سۇلتان يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى، چۈنكى بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان بىردىنبىر مېھرىبان ئادەم شۇ سوپى قۇلاق ئىدى...

## 16

ئەختەمنىڭ ئوغلى ئالىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئەختەم سالاپەت كىرىپ قالغان ئوغلىنى كۆرۈپ روھلىنىپ كەتتى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى بىردىنلا يوقالدى.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئالىمنى يېزىغا

ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى، بۇ ئوقۇغۇچىلار «زىيالىلار كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك» دېگەن چاقىرىق بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېزىغا ئەۋەتىلىۋاتقان زامانلار ئىدى. ھەتتا، باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن، ئىسمىنى ئوڭلاپ يازالمايدىغان ۋە ماڭقىسىنىمۇ ئېتالمايدىغان شەھەرلىك بالىلارمۇ زىيالى ئاتىلىپ، يېزىلارغا ئەۋەتىلمەكتە ئىدى. بۇنداق ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان «زىيالىلار» مۇ يېزىدا گۆڭشى ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەپ، ناننىڭ نەدىن، قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلىناتتى.

ئالىم يېزىدا دېھقانلار بىلەن بىللە بىر يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئەختەم قولىدىكى مال - دۇنياغا تايىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى مېھمان قىلىپ يۈرۈپ، ئالىمنى شەھەردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى قىلىپ يۆتكىۋالدى.

ئالىم شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ دادىسىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن خەۋەر تاپتى، ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. باشتا، سۇلتاننىڭ دادىسىغا شۇنچىلىك ئەسكىلىك قىلغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئەمما ئۇ ھەقتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئاڭلاۋەرگەندىن كېيىن ئىشەنمەيمۇ بولمىدى. ئاخىر ئۇ سۇلتاننىڭ قىلىقلىرىدىن غەزەپلەندى، ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى بولدى ۋە ئىشنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن دادىسىدىن ئۇ ھەقتە كۆپ قېتىم سورىدى، ئەمما دادىسى «سەن چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، بىز ئۆزىمىز چىقىشىۋالىمىز، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىل» دېگەندىن باشقا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر ئالىم سۇلتاندىن دادام ئۈچۈن

ئۈچ ئالىمەن، دېگەن نىيەتتىن ياندى.

ئالىم مەكتەپتە باللارغا تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئۆتەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ياش يىگىتتە مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ مەكتەپكە كېلىپ بىر يىل بولغاندىن كېيىن، خىزمەتدىشى مەرھابا بىلەن چىقىشىپ قالدى، باھاردا تۇنجى ئېچىلغان گۈللەرگە ئوخشاش چىرايلىق مەرھابا ئۇنى يېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى.

مەرھابانىڭ گۈزەللىكىگە ھېچقانداق نەرسىنى سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. ئالىم بۇ مەكتەپكە يۆتكۈلۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى، مەكتەپتىكى بىرنەچچە ياش ئوقۇتقۇچى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇنىڭغا قانات سۆرەپ يۈرگەنىدى. لېكىن، مەرھابانىڭ يۈرىكى ئۇ يىگىتلەرنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرى بىلەن تەبەسسۇملىرىغا ئېرىمىدى. ئەسلىدىمۇ مۇھەببەت ھەرگىزمۇ يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدىكى گۈلدەك چىرايلىق قوشاقلىرى ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى قىز بىلەن يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان يالقۇننىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدىغان ئۇلۇغ، ئۆلمەس - يوقالماس ھېسسىيات ئىدى. ئالىم بىلەن مەرھابانىڭ يۈرەكلىرىدە بۇنداق ئالىيجاناب ھېسسىيات پەيدا بولدى.

مەرھابانىڭ گۈزەللىكىنى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دېمىسىمۇ خۇدا ياراتقان گۈزەللىكنى بەندە ئەينەن - تولۇق تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ يۈزلىرى شۇقەدەر تەبىئىي يېقىملىق پارقىراپ تۇراتتى، چىرايلىق بارماقلىرى كۆركەم سەنئەت بۇيۇملىرىدەك كىشىنى ئۆزىگە تارتاتتى. شۇڭا يىگىتلەرنىڭ ئىختىيارسىز ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان ئىسسىق قوللىرىنى تۇتقۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسى شۇنچىلىك بېجىرىم، شۇنچىلىك كېلىشكەن، بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ماس

كەلگەنىدىكى، ئۇنى ھەرقانچە سەپسېلىپ، قىتىغۇرلۇق بىلەن كۆزەتكەن رەقىبىمۇ ئۇنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشىدىن ھېچقانداق ئېۋەن ـ نۇقسان تاپالمايتتى. ئاللا مەرھابانى يارىتقاندا ھەقىقەتەن بەكمۇ مەردلىك قىلغان، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق قىلىپ يارىتقانىدى. شۇڭا، نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ پۇچۇلىنىپ، ئاھ چېكىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق، يېقىملىق كۆزلىرى جاھان ئەينىكىدەك سىرلىق نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋۇجۇدىدا بىر يىگىتكە لازىم بولىدىغان ھەممە نەرسە بار ئىدى. لېكىن، يىگىتلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىش شۇ ئىدىكى، مەرھابا بىرلا يىگىتكە مەنسۇپ بولىدىغان بىر تاللا ئالما ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا كۆلەڭگۈسىدەك ئەگىشىپ يۈرگەنلەر ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ غېرىب بېغىدا قايغۇرۇپ يۈرۈپ، «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەن تەمسىلگە قۇربان بولۇپ كەتتى، مەرھابا ئاللا تەرىپىدىن ئالىمغىلا ھەدىيە قىلىنغان تاتلىق ئالما بولۇپ قالدى. ئۇ مەرھابانىڭ يۈرەك ـ قەلبىدە — بۇ جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل گۈللۈكتە كېپىنەك بولۇپ ئۇچۇپ يۈردى. مەرھابانىڭ بېلى ناھايىتى كۆركەم ئىدى، ئىنچىكە بەللىــــرى ئادەتتە تولغىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن كۆڭلەك ئۇنىڭغا بەك يارىشاتتى. شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلار تىنچ، پىنھان جايلاردا بىرگە بولغاندا، ئالىم ئۇنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاشۇ سىرلىق بېلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىــڭ سۈرەتتەك، گۈلدەك، ئايدەك جامالىغا مۆڭلىنىپ قاراپ كېتەتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق لەۋلىرى ئاتا قىلىدىغان جەننەت ھۇزۇرىدىن مەست بولۇپ كېتەتتى. مەرھابانىڭ مېڭىشلىرىمۇ بىر سەنئەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ كوچىدا كېتىۋاتقاندا كۆزى چۈشۈپ قالغان يىگىتلەر مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. مەرھابا گەپ قىلغاندا خۇدايىم بەرگەن قەلەم قاشلىرى بەكمۇ

يېقىملىق پارقىراپ كېتەتتى. ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتقان شۇ ئاي، كۈنلەردە، ئالىم ئۇنى كۆرسىلا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇيتتى، مەرھابانىڭ جامالى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاش ـ نان ئىدى...

ئۇلار بىر مەكتەپتە بولغىنى بىلەن، تېخـــى ئۆزئارا تونۇشقىدەك بولمىغانىدى. شەنبە كۈنى ئۇلار بىر تويدا بىللە بولۇپ قالدى. يىگىت قىزنى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئەكەلگەندىن كېيىن، ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن تانسا قىلىپ بەردى. شۇنداق مۇھەببەتلىك مىنۇتلاردا ئۇزۇم بارىگى ئاستىدا مۇھەببەت كۈيى ياڭرىدى، تويغا ئىشتىراك قىلغانلار — مەيلى چوڭلار، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن، خۇشاللىققا چۆمگەنىدى. تانسا باشلىنىش ئالدىدا، قېنى قىزنىقــراق يىگىتلەر ئۆز ئالدىغا سورۇن تۈزۈپ، تۆت ـ بەش رومكىدىن هاراق ئىچىۋېلىشقـــىمۇ ئۈلگۈردى، ئالىممۇ شۇ يىگىتلەر بىلەن بىر سورۇندا ئىدى. ئۇ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن تانسا مۇزىكىسى باشلىنىشى ھامانلا مەرھابانىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلىپ، مەرھابانى تانسىغا تەكلىپ قىلدى، مەرھابامۇ ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى مەرھابادا ئىدى.

— تانسىنى بەك ياخشى ئوينايدىكەنسىز، ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەنمىدىڭىز؟ — دېدى ئالىم مەرھابانـــىڭ گۆھەردەك يېقىملىق كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

ئەمەلىيەتتە مەرھابا تانسىنى ئانچە ياخشى ئوينىيالمايتتى، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، دېگەندەك، ئالىم مەقسەتلىك ھالدا ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاۋاتاتتى.

— ياخشى ئوينىـــيالمايمەن، سىـــز مەندىن ياخشـــى ئوينايسىزكەن!

— بۇ جاھاندا ھەممە قىزلار سىزدەك چىرايلىق بولغان بولسا، يىگىتلەرنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتەتتى ـ دە! — دېدى ئالىم مەرھابانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ.

مەرھابا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئەسلىدە ئالىم بۇ قىز بىلەن تونۇشا - تونۇشماستىن بۇنىچە كۆپ سۆزلىمەسلىكى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ قورسىقىغا ئىچكەن ھاراق كالىلىسىغا تەسىر قىلغان — بېشىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان، بوتۇلكىدا جىم تۇرىدىغان سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن جىم تۇرماي، ئەكسىچە قوتراشقا باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى.

— مېنى ماختىغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئالىم، ئەمما نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر سىزدىن بۇرۇن « مېنى چىرايلىق ئىكەنسىز» دەپ بولغان، شۇڭا سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز مېنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ،— دېدى مەرھابا كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ مەرھابانىڭ راست سۆزى ئەمەس ئىدى، شۇ كۈنلەردە مەرھابانىڭ كۆڭلىمۇ تەبىئىي ھالدا ئالىمغا تارتىپ قالغانىدى. ئالىم مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن كۈنلەردە قىزلار ئالىمغا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن باھا بېرىشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەرھابا ئالىمغا قىزىققانىدى، شۇڭا ئۇ بۈگۈنكى تويدا «گەپلىرىڭىز مېنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ» دېگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سىرداشتى.

— باشقا يىگىتلەر سىزنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا «چىرايلىق ئىكەنسىز» دەپ ماختاپ قويۇشقان گەپ، مەن بولسام يۈرىكىمدىن چىقىرىپ، راست سۆزلەۋاتىمەن! — دېدى ئالىم.

— شۇنداقمۇ؟ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، مەن يۈرەكىڭىزمۇ سۆز قىلالايدىغانلىقىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— ئەگەر كۈندە مەن بىلەن بىللە بولسىڭىز، نۇرغۇنلىغان يېڭى گەپلەرنى ئاڭلايسىز تېخى. مەن سىزگە بەكمۇ جىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىمەن. مەن كىچىكىمدىن شۇنداق ئۆگىنىپ قالغان، ئاغزىمغا كەلگەن گەپنى قىلمۇۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىمەن، خاپا بولماڭ. سىز نېمە دېگەن ياخشى قىز، مەن سىزنى ياخشى

كۆرۈپ قالدىم. شۇ تاپتا يۈرىكىم «سەن بۇ سۆزنى بەك كېچىكىپ ئېيتتىڭ» دەپ مېنى ئەيىبلەۋاتىدۇ،— دېدى ئالىم.
مۇزىكا توختىدى، ئالىم مەرھابانى ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇننىڭ قېشىدىكى بىر بوش ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. ئالىمنىڭ مەردلەرچە ماختاشلىرى بىلەن يۈزلىرى شۇقەدەر چىرايلىق قىزىرىپ كەتكەن مەرھابا بىردىنلا خىجالەت بولۇپ، ئالىمنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى. مۇزىكا توختىشى بىلەن، بەس ـ بەستە سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ھارغان مېھمانلارنىڭ نېرۋىسىنى سۆيۈشكە باشلىدى. مۇزىكا يەنە باشلاندى، ئالىم مەرھابانى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مەنۋىيىتى بارغانسېرى مەرھابانىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يېقىنلىشىۋاتاتتى.
— مەن مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپلا سىزگە دىققەت قىلغانىدىم. مەن ئۆمرۈمدە ئوقۇۋاتقاندا خېلى جىق قىزلار بىلەن تونۇشقان، بەزى قىزلار بىلەن يېقىنلىشىپمۇ باققان، لېكىن مەن ئۇچۇن ئۇلارنىڭ بىر يەرلىرى كەمتۈك، قاملاشمىغاندەكلا تۇيۇلاتتى، ئەمما ئۇلاردىكى كەم نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، تەن قۇرۇلۇشىدا قانداق ئېۋەن ـ نۇقسان بارلىقىنى تاپالمايتتىم. قىسقىسى، ئۇلار مەن ياخشى كۆرمەكچى بولغان قىزلاردىن ئەمەس ئىدى، سىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىلا، يۈرۈش ـ تۇرۇشىڭىز، گەپ ـ سۆزلىرىڭىزدىن، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ سۆزلەپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭىزدىن مەن ئىزدەپ يۈرگەن نەرسىنى — كۆڭلۈمدىكى ئادەمنى كۆرگەندەك، ئۇنى ئىزدەپ تاپقاندەك بولدۇم. بۇ ھال مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. ئەگەر بۇگۈن مۇشۇ تويدا بىللە بولۇپ قالمىغان بولساق، مەن ئۇزۇنغا قالماي سىزنى ئىزدەپ تونۇشۇپ، پاراڭلىشىپ، كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى ئىزھار قىلاتتىم. مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي ھەم بۇ گېپىمنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىڭىزنى سورايمەن: مەن

سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدىلا، ئۆزۈمنى سىز بىلەن مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا تونۇشۇپ بولغاندەكلا ھېس قىلغانىدىم. سىز مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ھەم شۇنچىلىك سۆيۈملۈككى. . .

مەرھابا ئالىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى گۈلەڭگۈچتە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئالىم ئۈچۈن سوقۇپ كەتتى، مەرھابانىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— سىز گەپكە بەك ئۇستا ئىكەنسىز ئالىم. مەن بەك چىرايلىق سۆز قىلغان يىگىتلەردىن قورقىمەن! كۆپ ھاللاردا يىگىتلەر شاختا چىقىۋالغۇچە مۇشۇنداق چىرايلىق سۆز قىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، شاختا چىقىۋالغۇچە قايتا ـ قايتا دېگەن سۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ تەكرارلىمايدۇ. مەن بۇ جەھەتتە جىق ئىش بىلمىسەممۇ، ھەرھالدا ئۆزۈمگە چۈشلۈق بىلىمەن،— دېدى مەرھابا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز ھېچقانداق ئادەمگە ئوخشىمايسىز مەرھابا، مەنمۇ شۇنداق. شۇڭا مەن سىزگە ئىشىنىمەن، ھەم سىزنىمۇ ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق ئۆزۈمگە ئىشەندۈرەلەيمەن! — دېدى ئالىممۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

مېھمانلار تانسا ئوينىۋاتاتتى، ئالىم مەرھابا بىلەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قىزىق مۇڭدىشىۋاتاتتى. تويغا قاتناشقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ دىققىتى ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن نېرى ئەمەس ئىدى. مەرھابانىڭ مۇھەببەتلىك قاراشلىرى بىلەن مەست بولۇپ بولغان ئالىم ئۇنىڭ سىرلىق قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى يەنە تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بارالڭ ئاستىدا بىر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، باغ تەرەپكە كېلىپ توختاپ قالدى. ئالىم مەقسەتلىك ھالدا توختىغانىدى، ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ مەرھابانى ئايلاندۇرۇپ، باغقا ئەكىرىپ كەتتى.

مېھمانلار ناھايىتى قىزغىن تانسا ئوينىۋاتاتتى. مۇزىكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بۇلبۇللارنىڭ تەبىئىي سايراشلىرى بىلەن مۇڭ تالىشاتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار زېمىندىكى ياشلارغا ئىلھام بەرگەندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى. ئالىم مەرھابانىڭ قولىدىن تۇتۇپ، باغنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى بىر تۈپ چوڭ ئالما دەرىخىنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى.

— ئالىم، سەت ئەمەسمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. . .

مەرھابا بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ تىترىگەن ئاۋازىدىن سەل قورقۇپ تۇرغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

— ئەگەر ئىككىمىزلا خالىساق، ھەرقانداق جايدا يالغۇز تۇرساقمۇ سەت تۇرمايدۇ. سىز شۇتاپتا ماڭا جەننەتتىن قېچىپ چىققان پەرىشتىدەك چىرايلىق كۆرۈنىۋاتىسىز، راست دەۋاتىمەن مەرھابا. بىلەمسىز، بىزنى ئەڭ ـ ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت بۇ باغچىغا باشلاپ كىردى.

ئالىم مەرھابانى قۇچاقلىۋالدى، ئۇ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك مەرھاباغا چاپلىشىپلا كەتتى. كەلگۈلۈك ئالما دەرىخىگە كەلدى، پىشقان ۋە پىشىۋاتقان ئالمىلار توكۇلداپ يەرگە چۈشكىلى تۇردى. شاختا تەبىئەتنىڭ سېخىلىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كۆلۈپ يېتىلىۋاتقان ھەم يېتىلگەن ئالمىلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئادەملەر ياشايدىغان بۇ زېمىندىكى پاجىئەنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلدى. ئالمىلار زەخىملەندى، كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى، ئۇلار شاختا تۇرغىنىدا بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى، «ئادەملەر بىزنى يىغلاتمايدۇ، بىزنىڭ گۈزەل جامالىمىزدىن ھۇزۇرلىنىپ ياشايدۇ» دەپ ئويلايتتى. بۇگۈنكى پاجىئە — ئەمەلىيەت ئۇلارنى قايتا ئويلاندۇردى. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ كۈن، شۇ ئايلاردا ئۇلار شاختا يەر ـ زېمىننىڭ ئارمىنىنى قىلىپ

ياشايتتى، ئۆزلىرىگە كېلىپ قونغان بۇلبۇللارنىمۇ چوڭ كۆرۈپ كەتمەيتتى، «شاختىكى ئالما بولۇپ قالغۇچە، ئالما دەرىخىنىڭ يەر قېتىدىكى يىلتىزى بولۇپ قالغان بولسامچۇ» دەپ ھەسرەت چېكەتتى. مانا ئەمدى شۇ ماكچىيىپ قاتار ياتقان ئالمىلار ئەملگە ئاشقان ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ ھەممىسى بەخت بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ ھېس قىلدى...

— يىگىتلەرنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن!... — مەرھابانىڭ كۆزلىرىگە ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەندى.

— ئۇنداق دېسىڭىز چالا سۆزلىگەن بولۇپ قالىسىز مەرھابا. ئەگەر گېپىمگە كىرىپ، تولۇق سۆزلەيمەن، دېسىڭىز، ئادەملەرنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، دەڭ! چۈنكى، بىر يىگىتنىڭ بىر قىسمى بىر قىزغا موھتاج، يەنە بىر قىزنىڭ بىر قىسمى بىر يىگىتكە موھتاج. بۇ بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ ئىشلارنى ئاللا ئۆزى بىر قوللۇق شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان...

— سىز گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز ئالىم، دېمەكچى بولغىنىم، ئالىمنى ئىغىتىپ چۈشۈرۈش ياخشى ئەمەس ئىدى...

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەسلىدە سىز شۇنداق ئويلايدىكەنسىز - دە؟ بەخت ھەرگىزمۇ تەبىئىي نەرسە ئەمەس مەرھابا، ئالىمنى ئىغىتىپ يېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۈزۈپ يېسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئادەم ياشاش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىشنى بىلىشى كېرەك، ھۇجۇم قىلمىسىڭىز مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەيسىز. بىر قوتانغا يۈز قوي سولاپ باقسىڭىز، بەزى قويلار ئوقۇردىكىنى يەپ ياشايدۇ، بەزىلىرى ئوقۇر ئاتلاپ، ئوت - چۆپنىڭ، يەمنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ يەيدۇ. ئادەم ھايۋاندىن ئۇلۇغ، شۇڭا بىز تېخىمۇ تاللاپ يېيىشىمىز كېرەك، — دېدى ئالىم مەرھابانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— ئادەم ھايۋاندىن قانچىلىك ئۇلۇغدۇ ئالىم؟

— بىرسى — يەر، بىرسى — ئاسمان، بىز ئاسماندا ياشايمىز، قويلار يەردە ياشايدۇ، قويلار بىز ئۈچۈن ياشايدۇ، بىز ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇلارنى سويۇپ يەيمىز! . . .

— ئالىم، بۇ جاھان مەن ئۈچۈن يانچۇقۇمدىكى ئەينەكتەك روشەن ھەم ئايدىڭ، سەن - مەن دەيدىغان جاھان ئەمەس بۇ، بىز قويلارنى سويۇپ يېگىنىمىز بىلەن، تەبىئەت بىزنى سويۇپ يەيدۇ. . .

ئالىم مەرھابانىڭ گېپىنى ئويلاپ قالدى.

— بىز قويغا ئوخشىمايمىز مەرھابا، قوي مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، بىز مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. . .

— بەلكىم. . .

— بەلكىم ئەمەس، سۆزسىز شۇنداق بولىدۇ!

ئالىم مەرھابانى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى. . .

— ئالىم، بىرسى كېلىپ قالمىسۇن، سەت بولىدۇ. . .

— مۇھەببەت سەتچىلىكنى بىلمەيدۇ، چۈنكى مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق. . .

مۇنداق شېرىن كۈنلەر ئۇلارنى قوغلاپ يۈردى، ئاش - نان دېمەيدىغان بۇ كۈنلەر ئىشىك، دېرىزىسى يوق ئۆيلەردە مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. ئالىمنىڭ قورسىقى مەرھابانىڭ تاتلىق قاراشلىرى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تويۇپ تۇردى. ئۇ بۇ دۇنيادا قىز بالىدىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كۆرۈنۈشلىرى ئالىمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆيىگە يېرىم كېچىدە قايتىدىغان بولدى، كېيىنچە بەزى كېچىلىرى ئۆيىگە بارمايدىغان بولۇۋالدى. ئەختەم بالىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقىغانىدى. ئۇ ئايالى بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— مەريەم، ھېلىقى مەرھابا دېگەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى

سۇرۇشتە قىلىپ باقتىڭمۇ؟ — دېدى ئەختەم ئايالىغا قاراپ تۇرۇپ.

— ھە، چوڭلاردىن سوراپ باقتىم، يېتىم چوڭ بولغان قىز ئىكەن ئۇ، دادىسى ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئۈچ ئىنىسى بار ئىكەن، ئاپىسى بازاردا ئەتكەنچاي سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇ قىز بىزنىڭ ئائىلىمىزگە توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ ئەختەم . . .

— ھازىرقى باللار سېنىڭ ـ بىزنىڭ دەۋرلىرىمىزدىكى باللار ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئالىم دېگىنىنى قىلىدىغان بالا بولۇپ قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ مەرھابانىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ كېچە ـ كۈندۈز تالادىن كىرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، سەت تۇرىدىغان ئىشنى سادىر قىلىپ قويمىسۇن يەنە، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، جامائەت بىزنى ئەيىبلەيدۇ. سەن ئالىم بىلەن پاراڭلاش، بۇ يىل كۈزدە تويىنى قىلىۋېتەيلى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ئەختەم، ئۇلار بىزنىڭ خىلىمىزمۇ، بالا دېگەننىمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان ئىشمىكەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، توي دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش تۇرسا! . . .

— ئاز گەپ قىل خوتۇن، ھەممە ئادەم ئوخشاش ھازىر، بىزنىڭ يولىنىڭ ئوتتۇرىدا ماڭىدىغان دەۋرىمىز تۈگىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئالىم ئۇ قىزنى بەك ياخشى كۆرۈدىغاندەك تۇرىدۇ، ئوغلىمىزنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلايلى.

— شۇ، سىز دېگەن دادا، ئەلـۋەتتە سىز دېگەندەك بولىدۇ ـ دە! ئوغلىمىز ئەتە ـ ئاخشاملىرى بازارغا چىقىپ قېينانىسىغا ئەتكەنچاي سېتىپ بەرسىمۇ ساۋاب تاپىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مەريەم كوتۇلداپ.

— قالايمقان سۆزلىمە، بىزنىڭمۇ قىزىمىز بار، بولدى قىل. بۇ ئىش مەن دېگەندەك بولسۇن، سەن تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر! — دېدى ئەختەم ئايالىغا بۇيرۇق چۇشۇرۇپ.

مەريەم يەنە كوتۇلداپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى، ئەختەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يىغىپ، ئالىمنى ئۆيلەپ قويۇش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتى ۋە تويىنىڭ تەييارلىقى بىلەن بولۇپ كەتتى.

ئالتۇن كۆز يېتىپ كەلدى. كۆز ھەممە ئادەمنى ئويغا سالاتتى، كۆز شاملى يەنە بىر ماكاندىن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىنى كەڭ جامائەتكە تارقىتىشقا ئالدىرايتتى. شۇنداق مۇھەببەتلىك كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئەختەم ئالىمنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. توي ناھايىتى قىزىدى. بىر ـ بىرىنى چىن مۇھەببىتى بىلەن سۆيگەن ئىككى ياش ئۇلۇغ قۇياش ئاستىدا يېڭى تۇرمۇشنى باشلىۋالدى. ئەختەم قولىدىكى ئالتۇنىغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ئوغلى بىلەن كېلىنىگە شاگىخەيدە ئىشلەنگەن ئىككى ۋېلىسىپىت، ئىككى قول سائەت ئېلىپ بەردى. ئەختەم ئالىمدىن بەكمۇ چوڭ ئۈمىد كۈتەتتى، ئەڭ مۇھىمى، ئالىم ئۇنىڭ مەنئۇبيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدىكى بۇنداق ھېسسىيات كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگەنىدى.

مەرھابا ئانىسىنىڭ قولىدىكى گۆھەر ئىدى. ئانىسى ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچە بەكمۇ كۆپ جاپا چەككەنىدى. كىچىك ۋاقتىدا دادىسى كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ئۇ دۇنياغا كەتكەن، ئائىلىنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقى بىر ئانىسىغىلا قالغانىدى. مەرھابانىڭ ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى، ئانىسى «ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئاسان، مەدىكارچىلىق قىلىپ بولسىمۇ جېنىنى بېقىپ كېتەلەيدۇ. قىز بالا خەقنىڭ بالىسى، قىز بالىنى ئوقۇتمىسا

بولمايدۇ، ئوقۇتمىسا ماڭا ئوخشاش جاپاكەش بولۇپ قالىدۇ» دەيتتى. شۇڭا ئۇ باللىرىنىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بازاردا ئەتكەنچاي سېتىپ، باللىرىنى بېقىپ چوڭ قىلدى، ئۆزى يېمىسىمۇ، كىيمىسىمۇ چىداپ، بىر تاللا قىزى مەرھابانى ئوقۇتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، بىر ـ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشى لازىملىقىنى ئېيتتى، چۈنكى ئۇ ئېرىدىن ياشلا ئايرىلىپ قالغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا لايىقمۇ تېپىشتى، لېكىن ئۇ باللىرىنى ئۆگەي دادىنىڭ قولىغا قاراتمايمەن، دېگەن ئىرادە بىلەن تۇل ياشاپ كەلدى. مەرھابانىڭ ئىككى ئىنىسى مەكتەپتە ئوقۇيتتى، كىچىك ئىنىسى بازاردا ئانىسىغا ياردەملىشەتتى. ئانىسى كىچىك ئوغلىنى «سەن ماڭا ياردەملەشمىسەڭ بولمايدۇ بالام، ئاكىلىرىڭ بىلەن ھەدەڭ ئوقۇۋاتىدۇ، مەن بىر ئادەم ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمغا ئۇلارنى ئوقۇتۇپ بولالمىغۇدەكمەن. ئۇلار ئوقۇپ، خىزمەتكە چىقىپ، پۇل تېپىپ قالسا، بىزنىڭمۇ كۈنىمىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار سېنى يۆلەيدۇ» دەپ ئوقۇتمىغانىدى. يىللار ئۆتتى، ئالىم بىلەن مەرھابانىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇپمۇ كەلدى.

ئالىم بىلەن مەرھابا تۇرمۇشتا خاتىرجەم ئىدى. مەرھابا ئانىسىنى ئەتكەنچاي ساتقىلى قويمىدى، كىچىك ئىنىسىمۇ ئۆيدە بىكار بولۇپ قالدى. «بولدى ئاپا، بىر ئۆمۈر جاپا تارتتىڭ، ئەمدى دەم ئال» دېدى ئۇ ئانىسىغا. مەرھابا ئىش ھەققىنى ئاساسەن ئانىسىغا بېرەتتى. دېمەك، ئۇلارنى ئەختەم ئاقسۆڭەك يۆلەيتتى. لېكىن، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا قىيىن ھالەتتە ئىدى. ھەممە كىشى دېگۈدەك قورسىقى تويغان بولغۇن ئۈچۈن شۈكرى قىلىپ، ئەتە ياخشىراق تاماقلىنىش لازىملىقىنى ئويلىيالمايتتى، چۈنكى، كىشىلەرنىڭ قولى قىسقا ئىدى.

# 17

1978 ـ يىلى باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش بۇ چەت شەھەردىكى نۇرغۇنلىغان ئادەمگە ھاللىنىش ئىمكانىيىتى ۋە پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا، بازار جانلىنىپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھال ـ كۈنىنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئالىم بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، تىجارەتچى بولۇش قارارىغا كەلدى.

مەرھابا ئالىمنىڭ بۇ قارارىغا قوشۇلمىدى، شۇڭا ئۇلار بىر كۈنى ئۇزۇندىن ئۇزۇنغىچە مۇنازىرىلىشىپ كەتتى:

— مەن سىزنىڭ بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلمايمەن ئالىم، ھۆكۈمەت بىزنى تەربىيىلىدى، ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى ئوقۇتتى، ئالىي مەلۇماتلىق بولدۇق، ئوقۇتقۇچى بولدۇق. ئوقۇتقۇچىلىق دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت. چۈنكى، بىز بىۋاستە مىللەتنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئورۇندا ئىشلەيمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىز خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىمەن، دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ سىز ھازىر رۇس تىلى ئۆگىنىۋاتىسىز، بۇمۇ دادىمىزنىڭ سىزگە قويغان تەلىپى. رۇس تىلى ئۆگەنسىڭىز، كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ھازىر بىلىم ئىگىلەيمەن، دېگەن ئادەم ئۈچۈن بەك ياخشى شارائىت بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا سىز ئوقۇتقۇچىلىقتىن چىقىپ كېتىش ـ كەتمەسلىكنى ياخشىراق ئويلىشىڭ! — دېدى مەرھابا.

ئالىم خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى. چۈنكى، ئۇ باشقا بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغانىدى، يەنى ئۇنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ چىقىپ، سودىگەرچىلىك قىلىش ھەققىدىكى قارارى مەرھابا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر قىلغاندەك ھېس قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ توي قىلغاندىن بېرى ئايالى بىلەن بىرەر ئىش توغرىسىدا بۇنداق جىددىي ھالەتتە، قاتتىق تالاش - تارتىش قىلىپ باقمىغانىدى.

— سەن ئويلىغاننى ئەلۋەتتە مەنمۇ ئويلىغان، لېكىن ھازىر ۋەزىيەت باشقىچە بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن پۇل بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، سەن ئۆزۈڭمۇ كۆرۈۋاتىسەن ساۋاقدىشىم مىرزائەخمەتنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىنى، ئۇ تۆت ئېغىز گەپنى ئوڭلاپ قىلالمايدىغان نەرسە ئىدى، دائىم ئىمتىھاندا مەندىن كۆچۈرەتتى، مانا ئەمدىچۇ؟ ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ بازارغا كىرىپ ئوقەت قىلىپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا بېيىپ كەتتى. مەن ئاشۇ ئاداشنىڭ كەينىدە قالىمەنمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن پۇلۇڭ بولمىسا، سېنى ھېچكىم ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. مەن يامان ئىش قىلاي، دېمىدىم، پۇل تاپاي دەۋاتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ بولىدۇ، ھازىر پۇل تېپىش، باي بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قالدى. بۇ بىر دولقۇن، بىلەمسەن؟ بۇ دولقۇننى ھېچ كىم توسۇپ قالالمايدۇ ئەمدى. مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم، دادام ئەلۋەتتە مېنى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇسا، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ، بىراق ھازىر چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، چەت ئەلگە چىقالىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا پۇل بولمىسا بولمايدۇ، ھەممە ئىشقا پۇل كېتىدۇ. بوۋىلىرىم ئۆز ۋاقتىدا ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەندەك ياشىغان ئادەملەر ئىكەن، لېكىن دادام ئۇنداق ئېسىل تۇرمۇشقا ئىگە بولالمىغان، مەن بولسام ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇدۇم، بىلىم ئالدىم، دېمەك، ئوخشىمىغان دەۋردە، بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ ئوخشاش بولمىدى. مەن ئۆتۈپ كەتكەن شۇ يىللارنى تەتقىق قىلىپ، مۇنداق بىر پىكىرگە كەلدىم: مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇق قەد كۆتۈرۈش، ئاندىن بىلىم جەھەتتىن ئۆزىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشى كېرەك ئىكەن، بىر ئادەم مۇشۇ ئىككى نەرسىگە ئىگە بولالىغاندىلا قانات ياساپ ئۇچالايدىكەن. ئويلاپ باقسام، پۇل بىلەن بىلىم مۇشۇ زاماننىڭ ئايرىلماس بىر تۇغقان - قېرىنداشلىرى بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇ ئىككى نەرسىگە ئىگە بولالىساقلا قابىلىيەت - ئىقتىدارىمىزمۇ ئۆسىدىكەن، ئاتىقىمىزمۇ چىقىدىكەن، بىر ئادەم ئاشۇ ئىككى نەرسىگە ئىگە بولالىغاندىلا بىر مۇكەممەل ئادەم بولالايدىكەن. ئىلگىرى بۇ ئىشنى ھېس قىلالمىغانىكەنمەن. سەن مەيلى مېنى چۈشەن ياكى چۈشەنمە، مېنىڭ كاللامدىكى ئوي - خىيالىم ئەنە شۇنداق. مەن چوقۇم ئالىي دەرىجىلىك كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىم كېرەك، چۈنكى مەن قۇربان ئاقسۆڭەكنىڭ ئەۋلادى، جاھان ماڭا كەلگەندە تارلىشىپ، ئاتا - بوۋامنىڭ ئاتاق - ئابرۇيى يوقىلىپ كەتسە بولمايدۇ! . . .

— بەلكىم سىزنىڭ تۇتقان يولىڭىز توغرىدۇ ئالىم، ئەمما مېنىڭ دەيدىغىنىم، بىزدە ئىزچىللىق بولۇشى كېرەك. دەسلەپكى تۇتقان يولىمىزدىن ئېزىپ قالساق، ئۆزىمىز ئويلىمىغان يەردىن قىيىنچىلىققا ياكى پىشكەللىككە ئۇچراپ قالىمىز. توغرا، سىز پۇل بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى دېدىڭىز، سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا، دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم بولۇش ئارزۇيىڭىز باردەك قىلىدۇ، بۇ ئوي - پىكىرلىرىڭىز خاتا ئەمەس، لېكىن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەس. چۈنكى، سىز ئارزۇ قىلغاندەك مۇكەممەل ئادەملەر جەمئىيەتتە بىرنەچچە پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. مەن بىرلا ئىشتىن، يەنى

سىزنى خىيالىڭىز كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتامدىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن!

ئالىم گەپ قىلمىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك مەرھابانىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ مۆڭگۈلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشىنەتتى. «مەن قىلىمەن دېگەن ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلالمايدىكەنمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھە دېگەندە دەسمىدىن قېينچىلىق تارتمايمەن، دادامدىن ئالىمەن» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ جىمجىت ھالدا مەرھابانىڭ جامالىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. لېكىن، مەرھابانىڭ ئىچكى دۇنياسى تىنچ ئەمەس ئىدى، ئالىمنىڭ قارارى ئۇنى چوڭ بىر ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى.

ئەختەم ئالىمنىڭ تىجارەتچى بولۇش قارارىغا قوشۇلدى، نېمە ئوقەت قىلماقچى، نېمە ئىش باشلىماقچى دەپمۇ سورىمىدى، ئۇ: «قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ بىل بالام» دەپلا قويدى. چۈنكى، ئەختەممۇ شۇ يىللاردا نۇرغۇن ئىشلارنى قايتا ئويلىغان، ئالىمغا ئوخشاش پۈلنىڭ تىرىكچىلىكتىكى مۇھىملىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلغانىدى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئۆزى بىر ئۆمۈر ئارزۇلاپ، دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان بۇ بالىسىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ بولغانىدى. «ئالىم ماڭا دەسمى بەر دادا، دەيدۇ، بەرمەي ئامالىم يوق» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئەختەم ئوغلىنىڭ قارارىنى ئايالى مەريەمگە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى.

— سىز ھەممە ئىشتا ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى راست قىلىپ كېلىۋاتىسىز ئەختەم. مەن ئالىمنىڭ ئانىسى، مەن ئۇنى مۇشۇ ئۆيدە تۇغقان، ئۇنى بىر يەردىن ئەگەشتۈرۈپ كەلمىگەن، مېنىڭمۇ گەپ قىلىدىغان ھوقۇقۇم باردۇ بۇ ئۆيدە؟ بالىنى ئۆز ۋاقتىدا قارىيلىقتا ئوقۇتايلى، دېسەم ئۇنىمىدىڭىز، ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ئالىم قىلىمەن، دەپ ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىنى

قىلدىڭىز، ماقۇل دېدىم. نېمە قىلىمەن، دېسىڭىز شۇنى قىلىپ كەلدىڭىز. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى، تۆتىنىڭ ئالدى دېگۈدەك ئادەم — ئوقۇتقۇچى بولدى، ئوقۇتقۇچى دېگەن نام نېمىدېگەن ياخشى. شۇنداق تۇرسا، ئۇ نېمە دېسە ماقۇل، دەپ ئولتۇرامدۇق؟ ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا ئىشلەشنىڭ ئۆزى نېمىدېگەن ياخشى، مېنىڭچە سىز ئۇنى توسۇڭ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلسۇن!

— ئۇنى ئەمدى ھېچكىم توسيالمايدۇ خوتۇن. بۇرۇنقىدەك دوقمۇشتا تۇرۇپ «نەگە» دەپ قويساق، كېتىۋاتقان ئادەملەر «شاپ» قىلىپ توختايدىغان كۈنلىرىمىز ئەمدى مەڭگۈ يېنىپ كەلمەيدۇ. بىر ئۆمۈر ھاڭرايدىغان ھاڭگا ئىشەك يوق بۇ جاھاندا، ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيدىغان جاھان بۇ. سەن بۇ ئىشتا يەنىلا مېنىڭ ئاغزىمغا قارا، ئوغلىمىز قىلىمەن دېگىنىنى قىلسۇن. ماڭا قارىغاندا ئۇ ئوقۇغان، ئويلايدىغىنى، بىلىدىغىنى جىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر جاھان ياشلارنىڭ بولۇپ كەتتى، سېنىڭ راست دېمەي ئامالىمىز يوق.

— مېنىڭ گەپ قىلىدىغان ھوقۇقۇم يوق بۇ ئۆيدە، — دېدى مەريەم غودۇڭشۇپ.

— سەن مەن بىلەن ھوقۇق تالاشما خوتۇن. بېشىمىزدىن ئۆرغۈنلىغان ئىشلار ئۆتتى، مۇشۇ كۈنگىچە قورسىقىمىز توق، ئۈچىمىز پۈتۈن ياشاپ كەلدۇق، ئاش ـ نان دەپ خەقلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالمىدۇق، شۇ كۈنلىرىمىزگە شۈكرى قىلايلى. باللار ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاپسۇن. مەن بۇرۇن ئالىمدىن بەكمۇ چوڭ ئۈمىد كۈتەتتىم، ھازىر قارىسام، ئەسلى مېنىڭ ئوي ـ خىياللىرىم توغرا ئەمەس ئىكەن.

— مەرھابامۇ قوشۇلمايدىكەنغۇ؟! — دېدى مەريەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، خوتۇن دېگەننىڭ كونىرىغانسېرى

ئىسسىقى قالمايدۇ، ئىسسىقى قالمىغان خوتۇن ئاز گەپ قىلىشى كېرەك. مېنىڭچە، ئۇ ئالىمنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدۇ! ئەمدى بىز قېرىدۇق، بىزگە خاتىرجەملىك كېرەك، ئالىمنى سېنىڭ راست، دەپ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەي بولمايدۇ.
— دەسمى قىلىدىغان پۇلنى سىزدىن ئالار ھەرقاچان؟ — دېدى مەريەم.
— مەندە دەسمى قىلغۇدەك بىرنېمە قالمىدى خوتۇن، دادامدىن قالغان دۇنيانىڭ ھەممىسى تۈگىدىغۇ! — دېدى ئەختەم ئايالىغا قارىماي، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ.
— تۈگىگەن بولسا يوغان ئىش بوپتۇ، دادىڭىزدىن قالغان نەرسىلەرنى مەندىن يوشۇرۇپ، يوغان قوڭ ئاشنىلىرىڭىزغا خەجلەپ بېرەرسىز!
— تەپپىنەمنىڭ زامانىدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسەنغۇ خوتۇن، ئاشنا - پاشنا ئوينايدىغان ئەختەم ئاقسۆڭەك تۈگىدى، قېرىدۇق، يۆتەلسەك ئۆپكىمىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدۇق ئەمدى. . .
مەريەم ئۇشۇقچە گەپ قىلمىدى، چۈنكى ئەختەم ئايالىغا پۇل - پۈچەك توغرىسىدا ھەرگىز سىر بەرمەيتتى. ئۇ ئايالىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى، ئاشۇ ئېغىر يىللاردىمۇ ئۇ ئايالىنىڭ يېنىدىن پۇل ئۈزۈپ قويمىدى، لېكىن ئۇ پۇللارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېيتماي كەلدى. بۇنداق قىلىش ئەختەمنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئىدى. مەريەممۇ ئىش - ئوقەتسىز يۈرگەن ئەختەمنىڭ خەجلەۋاتقان پۇللىرىنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى سوراپ قويمايتتى، ئايالىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئەختەم تولىمۇ رازى ئىدى. مەريەم قانائەتچان ئايال ئىدى، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئېلىپ بېرىڭ، بۇنى ئېلىپ بېرىڭ، دەپ قەغىش قىلمايتتى ، باياشات كۈنلەردە كېرىلىپ، غورىبەتچىلىكتە قالغاندا زارلاپ يۈرمەيتتى.

ئەختەم پەرەز قىلغاندەك، ئالىم خىزمىتىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن دەسمىگە پۇل سورىدى. ئەختەمنىڭ تەييارلىقى بار ئىدى، لېكىن ئوغلىغا چاندۇرماي «مەندە پۇل يوق، ئامال قىلىپ بىرسىدىن ئېلىپ بېرەي» دېدى. ئەختەم ھەرقانداق ئىشنىڭ بىرنەچچە تەرەپلىرىنى ئويلايتتى. ئۇ كىشىلەردىن قەرز ئالغان بولۇپ، پۇل راسلاپ ئوغلىغا بەردى. ئالىم بىسمىللا، دەپ بازارغا شۇڭغۇدى.

## 18

ئالىم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاياغ كىيىملەرنى توپ ئېلىپ، توپ سېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەقلى بويىچە، بازاردا بىرنەچچە كۈن ئايلىنىپ ـ سوراپ يۈرۈپ، ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان پەسىلدىكى بازار ئېھتىياجىنى، سېتىلىش ئەھۋالىنى ئۆگەندى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ بازاردىن چوڭ بىر ئىسكىلاتنى ئىجارىگە ئالدى، سودىگەرلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۈك ماشىنىسى بىلەن يۆتكەپ كەلگەن تۈرلۈك ئاياغ كىيىملىرنى توپ ـ توپ سېتىۋېلىپ، ئىسكىلاتىغا باستى، كېيىن ئۇلارنى ھەر قايسى ناھىيىنىڭ بازار ـ يېزىلىرىدىن كەلگەن ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە توپ ساتتى. ئۇ ھە دېگەندىلا بۇ تىجارەتكە قىزىقىپ قالدى. چۈنكى، ئاياغ كىيىملەرنىڭ سېتىلىشى تېز، پايدىسى كۆپ ئىدى. ئالىم ئىككى يىل ئاياغ كىيىملەرنى توپ ئېلىپ، توپ سېتىپ يۈرۈپ، ئۆزى ئۈمىد قىلغاندىنمۇ كۆپ پايدا تاپتى، ئوبدانلا پۇللۇق بولۇپ قالدى.

ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ بىرچەتتىن سودا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر چەتتىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن مال ئەكىلىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگەندى. ئۇ ئىچكىرىدىن ئاياغ كىيىم يۆتكەيدىغان سودىگەر ئاغىنىلىرىدىن ئۇلارنىڭ سودىدىكى بەزى مەخپىيەتلىكلىرىنىمۇ بىلىۋالدى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كېلىدىغان ئاياغ كىيىملەرنى ئۆز ئورنىدا، زاۋۇتتىن بىۋاستە سېتىۋالغاندا باھاسى بەكمۇ تۆۋەن بولاتتى. ئالىم بۇ سىرنى بىلگىنىدىن كېيىن ئۆزى ئادەم باشلاپ بېرىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاياغ كىيىم زاۋۇتلىرىغا بېرىپ، زاۋۇت ئىگىلىرى بىلەن توختاملاشتى، يەنى ئۇ ئۆز شەھىرىدە قولدىن قولغا ئۆتكەن ئاياغ كىيىملەرنى توپ ئېلىپ، توپ سېتىشنى قويۇپ، زاۋۇتتىن ئۆزى بىۋاستە يۆتكەپ، توپ ساتىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئالىدىغان پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولدى ۋە ئۇ تىجارەتتە زور ئىلگىرى باستى. بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا بېيىپ، شەھەردىكى بارماق بىلەن سانىلىدىغان بايلارنىڭ قاتارىغا ئۆتتى.

ئەمەلىيەت مەريەم بىلەن مەرھابانى قايىل قىلدى. ئۇلار ئالىم ئۈچۈن خۇشال بولۇشتى. چۈنكى، پۇل كۆپ ھاللاردا ئىگىسىنى سىرلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما، ئەختەم قارىماققا، ئوغلىنىڭ ئىشلىرىدىن ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىگەندەك ئىدى. ئۇ ئوغلىنى كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ ماختاپ قويمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ سوراپمۇ قويمىدى، گويا ئوغلىنىڭ ئىشلىرى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ئىدى. مەريەم بەزىدە ھۇزۇرلىنىپ، «ئالىم بۇ ئايدا يەنە جىق پايدا ئاپتۇ» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ سۆزلىسىمۇ ئۇ گەپمۇ قىلماي ئولتۇراتتى. ئېرىنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئەجەبلەنگەن مەريەم گەپ قىلمايسىزغۇ؟ دەپ سورىسا، ئەختەم:

— مېنى ئۇنىڭ پۇلىغا، سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرما،
مەن ئەمدى قېرىدىم، ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، خاتىرجەملىك
كېرەك! — دەيتتى تېرىككەندەك ئاھاڭدا.

## 19

ھۆكۈمەت بازارنى قويمۇەتكەن يىلى، سۇلتان قايتىدىن باش
كۆتۈرۈپ، يېڭى بىر ئورۇندا ئاشخانا ئېچىۋالغانىدى. ئۇ بازارغا
ماسلىشىپ، ئاشخانىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى، سامسىنى
ئاساس قىلغان ھالدا، ھەممە تاماقنى چىقاردى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى
خېرىدارلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، يېڭى خېرىدارلىرىمۇ ئۇنىڭ
تائامىغا ئۆگەندى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، سۇلتانمۇ خېلى
پۇللۇق بولۇپ قالدى.
سۇلتاننىڭ ئەختەمگە بولغان ئۆچمەنلىكى تا مۇشۇ كۈنگىچە
تۈگىمىگەن، يەنى ئۇ ئاكىسىدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن
يانمىغانىدى. ئۇ باي بولۇپ كەتكەن ئالىمغا ئۇستىلىق بىلەن
يېقىنلاشتى. ئالىم ھە دېگەندە ئۇنىڭغا قاپىقىنى ئاچماي يۈردى،
چۈنكى كېيىنكى كۈنلەردە دادىسى ئۇنىڭغا سۇلتان توغرىسىدا
نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ سۇلتان
ئالىمنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئاشخانىسىدىن سامسا يەيدىغان
قىلىۋالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالىم ئۇنىڭ سامسىسىغا رەسمىي
خۇمار بولدى. چۈنكى، سۇلتان ئالىمغا سامسىنى بىر قوللۇق
ئىشلەپ، ئايرىم ياقتۇرۇپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ
سۇلتان ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. بىر كۈنى ئۇ ھوزۇرلىنىپ
سامسا يەۋاتقان ئالىمغا قاراپ:

— سەن دېگەن ئالىي مەلۇماتلىق بالا ئۇكام، ئىش بىلگۈچىلىكىڭ بار، داداڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولغان ئىشلارنى مەن ئاستا ـ ئاستا سۆزلەپ بېرىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا، ھەممە ئىش ئۆستەڭدىكى سۇدەك راۋانلىشىپ كېتىدۇ. كۇندە كېلىپ بەش ـ ئوندىن سامسا يەپ تۇرغىن. سەن رەھمەتلىك سوپى ئۇستامنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ياققان سامسىسىنى يېگەن. سېنىڭ بوۋىلىرىڭ، داداڭمۇ ئۇ كىشىنىڭ سامسىسىنى يېگەن، مەن بولسام ئۇستامنىڭ چوڭ شاگىرتى. بۇ دۇكانغا سەن كېلىپ سامسا يەپ تۇرساڭ، مالىك بوۋاڭنىڭ روھى خۇشال بولۇپ قالىدۇ، بىزنىڭ ئۇستامنىڭ روھىمۇ خۇشال بولۇپ قالىدۇ،— دېدى.

— ھە، شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ھەرھالدا ياخشى ھۇنىرىڭ بار جۇمۇ سۇلتان ئاكا سېنىڭ، بۇ شەھەردە سامسىنى سەندەك ئوخشىتىپ ياقىدىغان ئادەم يوق! — دېدى ئالىم بېشىنى كۆتۈرمەي سامسا يەپ ئولتۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇكام، مېنى كېيىنچە چۇشىنىپ قالىسەن، مەن ئەسلى بىر پارچە ناننىڭ قەلەندەرى ئىدىم. دېسەم گەپ تولا، دېمىسەم دەرد. سەن بىلىملىك بالا بولدۇڭ، ھەممە ئىشنى توغرا چۇشىنىسەن. ئەسلىدە سېنىڭ بوۋاڭ مالىك ئاقسۆڭەك مېنىڭ دادام بولىدۇ، مەن بۇ گەپنى ساڭا بىرنەچچە قېتىم دېگەن، مەيلى سەن قانداق چۇشەنسەڭ چۇشەن، مەن راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ، مېنىڭ ھېچقانداق باشقا مەقسىتىم يوق. ھەممە ئادەمنىڭ رىزقىنى خۇدايىم بېرىدۇ. . . ئاشۇ قېتىم مەن ساڭا دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئۈزۈكىنى كۆرسەتمىگەن، مانا، بۇگۇن كۆرۈۋال،— سۇلتان گېپىنى داۋام قىلىپ، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ، ئالىمغا تەڭلىدى.

ئالىم قولىدىكى سامسىنى تەخسىگە قويۇپ قويۇپ، ئىككى

قوللاپ سۇلتاننىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالدى. ئۇ بۇ ئۈزۈك توغرىسىدا بەكمۇ كۆپ ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان، بولۇپمۇ ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ ئۈزۈك توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئالىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ سۇلتانغا قاراپ:

— ئۈزۈكنى ساتامسەن سۇلتان ئاكا؟ — دېدى.

ئالىمنىڭ بۇ سۆزى سۇلتاننىڭ يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك تەسىر قىلدى. «دادىسىنىڭ بالىسى ــ دە، بۇ گۆي، دەۋاتقان گېپىنى قارا» دېدى ئۇ ئىچىدە. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىرايىدا چاندۇرمىدى.

— ساڭا ئۈزۈك كەممۇ ئۇكام، بۇ ئۈزۈكنى سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟

— ئۈزۈكنىڭ ئىچىدە ئۈزۈك بار ــ دە، ئاكا. ئەگەر بۇ ئۈزۈك ھەقىقەتەن سەن ئېيتقاندەك بوۋامنىڭ تەۋەرۈك ئۈزۈكى بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئۈزۈكنى بوۋامنىڭ نەۋرىسى بولغان مەن ساقلىغىنىم تۈزۈك ــ دە!

— مەن سېنى چۈشىنىمەن ئۇكام، — دېدى سۇلتان چاندۇرماي ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ماسلاشقان بولۇۋېلىپ، — سەن ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن، قورسىقىڭدا ئومىچىڭ بار، ھەممە ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيسەن. بىراق، بۇ ئۈزۈك ماڭىمۇ كېرەك. سەن خاتىرجەم بول، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەن بۇ ئۈزۈكنى ساڭا بېرىۋېتىمەن. ئۇزۇن يىلدىن بېرى مەن بۇ ئۈزۈكنى ئۆيدە ساقلاپ كەلگەنىدىم، يېقىندىن بېرى قولۇمغا سېلىۋالدىم. بۇ ئۈزۈك ھامان سېنىڭ بولىدۇ. دادىڭ ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئۈزۈك مەندە تۇرسۇن، دەپ تالاشقان، مەن بەرمىگەنىدىم. ھەي، نېمە دەيمىز ئۇكا ئەمدى ئۇ يىللاردىكى ئىشلارغا، مەن بەك نادان ئىكەنمەن، دادىڭ بىلەن جېدەل قىلىپ يۈرگۈچە ئۈزۈكنى بېرىۋېتىپ خاتىرجەم بولغان بولسامىمۇ بوپتىكەن. نېمىلا

بولمىسۇن، ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۆتۈپ كەتتى. داداڭ ماڭا ھازىرغا قەدەر تەتۈر قاراپ يۈرۈيدۇ، سەن بولساڭمۇ ئاشخانامغا كېلىپ، سامسا يەپ تۇر، سېنى كۆرسەم كۆڭلۈم خېلى خۇش بولۇپ قالىدۇ ئالىم . . .

— كەتكەن ئىش كەتتى سۇلتان ئاكا. مەن چوڭلارنىڭ زىددىيىتىنى سېتىۋالسام بولمايدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭ ياشىغان دەۋرىڭلار ھازىرقى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ئوخشىمايدۇ، بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ھەممىمىز ئۆز كاللىمىز بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم! — دېدى ئالىم قولىدىكى ئۆزۈكنى سۇلتانغا قايتۇرۇپ بېرىپ.

سۇلتان ئالىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۆزۈندىن بېرى ئۇ ئالىمغا يېقىنلىشالماي يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇلار بىردىنلا سىرداشلاردەك يېقىنلىشىپ كەتتى، بۇ ھال سۇلتاننى بەكمۇ خۇشال قىلدى.

ئالىم تامىقىنى يەپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى ئۇكام، — دېدى سۇلتان ئالىمنى گەپكە تۇتۇپ.

— نېمە ئىش ئىدى سۇلتان ئاكا؟ — دېدى ئالىم ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ.

— ئاڭلىسام، شىركەت قۇرۇپسەن. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش ئۇكا. شىركىتىڭنىڭ ئوقىتى بەك ياخشى ئىكەن، مەندە ئازراق پۇل بار، شۇنى دەسمايەڭگە قوشۇپ قويسام دەيمەن، بالىلىرىمنىڭ تەلىيى بولسا، تۆت - بەش تەڭگە چىقىپ قالار دەيمەنغۇ! سەنچە قانداق ئۇكا؟

— نېمە ئىش ئىكىن، دېسەم شۇ ئىشمىدى، كىچىككىنە ئىش ئىكەنغۇ. بولىدۇ، پۇلۇڭنى ماڭا قوشۇپ قوي، يىلدا بىر قېتىم پايدىسىنى ئايرىپ بېرىمەن، — دېدى ئالىم.

— رەھمەت ئۇكام، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار،

قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن،— دېدى سۇلتان.
ئەگەر ئالىمنىڭ شىركىتىگە باشقا ئادەم پاي قوشسام، دېگەن بولسا، ئالىم ھەرگىزمۇ ماقۇل بولمايتتى، ئۇنىڭ سۇلتانغا ئاسانلا ماقۇل دېيىشىدىكى سەۋەب، كۆڭلىدە سۇلتانغا قايىل ئىدى. ئۇنى چۈشىنەتتى، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇ يېقىندىن بېرى سۇلتانىنىڭ ئاشخانىسىغا كېلىپ تاماق يەپلا قالماستىن، ئەل - ئاغىنىلىرىنىمۇ پات - پات باشلاپ كېلىپ مېھمان قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئاغىنىلىرىنىڭ ئۇنىڭ سۇلتان بىلەن بولغان ھەقىقىي مۇناسىۋىتىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلەتتى، چۈنكى ئۇلار چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا ئۇلار توغرىسىدا ھەرخىل گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى، بىراق ئالىم ئۇلارغا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدى، ھېچ ئىشنى بىلمىگەن ئادەمدەك يۈرۈۋەردى.
ئالىمنىڭ سۇلتان بىلەن يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكى ئەختەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە غەزىپىنى باسالماي، ئايالىغا ۋارقىراپ كەتتى، ئايالى ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. چۈنكى، ئەختەم ئالىمنىڭ سۇلتان بىلەن شۇنچىلىك يېقىن بولۇپ كېتىشىنىڭ جامائەتكە قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ دەسلەپتە ئالىم بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدى، لېكىن ئەتىسى ناشتىدا بۇ پىكىرىدىن يالتايدى.
— مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئارىلاشماي، ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇ،— دېدى ئەختەم ئايالىغا مەسلىھەت سالغاندەك قىلىپ.
— بۇ گېپىڭىز توغرا بولدى ئەختەم، باللارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىنىڭىز ياخشى، ئەسلىدە ئۇنى بازارغا چىقارمىغۇلۇق ئىدى، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىكەنمىز، ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايلى،— دېدى مەريەم.
كۈنلەر ئۆتىۋەردى. ئۇزۇن زاماندىن بېرى سۇلتان بۇ

شەھەردە نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى كۆردى ۋە ئاڭلىدى، لېكىن ئۆمرىدە ئۇنىڭغا ئىككى ئىشلا تەسىر قىلدى. بىرى، كۆلۈپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئۇستىسى سوپىنىڭ ئۆلۈمى ئىدى. ئۇستىسى ئۇنىڭ بېشىنى كۆپ سىلىغان، ئۇنىڭغا دادىدىنمۇ چارە مېھرى - شەپقەت يەتكۈزگەن، خۇددى ئۆز دادىسىدەك بولۇپ قالغان، ئۇنى تەربىيىلەپ، ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئادەم قىلىپ قاتارغا قوشقان، ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۇستىسى قازا قىلغان كۈنى خۇددى ئۇستىسىنىڭ ئۆز بالىسىدەك ئاق باغلاپ، ھازا ئېچىپ يىغلىغان، جامائەتنى تەسىرلەندۈرگەن، قوشاق قوشۇپ، «سامىسلىرىڭىزنى ماختاپ يېگەن خېرىدارلىرىڭىز كەلدىغۇ ئاكا» دەپ يىغلىغاندا، سۈكۈتتە تۇرغان جامائەت ئۆزلىرىنى تۇتالماي كۆز يېشى قىلىشقانىدى. ئاسماندىكى ھارماس قۇياش ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇردى. بىراق، قۇياش سوپى قۇلاقنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قايغۇرمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىزىنى باسىدىغان بالىسى بار ئىدى. قۇياش پەقەت سوپى ئۇستامغا قايغۇرىۋاتقان جامائەت ئۈچۈن قايغۇراتتى. . .

سۇلتانغا تەسىر قىلغان يەنە بىر ئىش — ئۇ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا قۇيقا چېچى تىك تۇرىدىغان ئەختەمنىڭ بالىسى بولغان ئالىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، يېقىن كىشىلەردىن بولۇپ قالغانلىقى ئىدى، بۇ ئىشىدىن ئۇ قەۋەت خۇشال ئىدى. ئەختەم بىلەن سۇلتاننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى جەڭگى - جېدەللىرى، بىر - بىرىگە ئورا كولىغان ئىشلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەرمۇ سۇلتان بىلەن ئالىمنىڭ ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. سۇلتان ھەر ئاخشىمى ئاشخانىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىغا ئەختەم بىلەن ئالىمنى كەلتۈرۈپ، بەكمۇ كۆپ ئويلايتتى، بەزىدە ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. دېمەك، ئۇ جىسمانىي جەھەتتە بىر ئادەم بولغىنى بىلەن، روھىي جەھەتتە ئىككى ئادەم

ئىدى ۋە بۇ بىر تەڭگە ئىككى ئادەم ئۆز ئارا سوقۇشاتتى، تالىشاتتى. . .

— ياق، مېنىڭمۇ قولۇمدىن ياخشى ئىش كېلىدۇ، مەنمۇ ئادەمدىن تۆرەلگەن، شۇڭا ئادەمدەك ئىش قىلىشىم كېرەك، مەن بەزىلەرنىڭ ئاقماس سۆزى — «داداڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەن پەلسەپىسىنى يىلتىزىدىن قۇرىتىمەن، — دەيتتى سۇلتان بەزىدە ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ.

## 20

ئالىمنىڭ سودىسى يىلدىن - يىلغا ياخشى بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ تىجارىتىنىڭ دائىرىسىنى يىراقتىكى بىرنەچچە ناھىيىگە كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ ئاياغ كىيىم سودىگىرى بولۇپ قالدى.

ئالىم پۇل تاپقاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى بەزى ئورۇنلار ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى، ئۇ ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا ئازدۇر - كۆپتۇر ياردەم بېرىپ تۇردى. بىر كۈنى ئۇ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بەزى ئوي - پىكىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، ۋەلى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى.

— مەندە مۇنداق بىر ئوي بار ۋەلى، ئويلىشىپ باقساڭ، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئالىم، — مەن ھەر يىلى ئۇ يەرگە - بۇ يەرگە بولۇپ خېلى جىق پۇل ئىئانە قىلىۋاتىمەن. مەن ئەمدى ئۇنداق پارچە - پۇرات پۇل بېرىدىغان ئىشنى توختاتسام، پۈتۈنرەك ئىش قىلسام، دېگەن ئويۇم بار، يەنى

سەھرادىكى بىرەر مەكتەپكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلسام، بىللە پائالىيەت ئۆتكۈزسەك، پائالىيەتكە مەنمۇ قاتناشسام، دەپ ئويلايمەن. ھە دېگەندە ئاقتاش يېزىسىغا بارساق، ئۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا چوڭ بوۋام قۇربان ئاقسۆڭەك يەر ئېلىپ، دېھقانچىلىق قىلغانىكەن. شۇڭا، ئاۋۋال شۇ يېزىدىكى مەكتەپنى يوقلاپ، ئون مىڭ سوم پۇل، مىڭ قەلەم، مىڭ كىشىلىك ئاياغ كىيىم ئىئانە قىلسام؛ ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ مەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان مەكتەپنى سىلەر — مائارىپ ئىدارىسى بەلگىلىسەڭلار، ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىپ مەن بىللە چىقسام، بۇ بىر ئىش. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، بىر ھەپتە دەم ئالدۇرۇپ كىرسەم، بۇ ئىشنىمۇ مەن ئۆزۈم ئىشلىگەن ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلىساق، شۇنداق ئۇسۇلدا مائارىپقا ئاز - تولا ياردەم قىلسام دەيمەن. سەن بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟

— بۇ بەك ياخشى گەپ بولدى ساۋاقدىشىم، سەن بازاردا پۇل تاپتىڭ، يول تاپتىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەقىلمۇ تېپىپسەن. پۇل تاپماق تەس، لېكىن ئۇنى جايىدا خەجلىمەكمۇ ئاسان ئەمەس. مەكتەپكە ياردەم قىلىشىنىڭ ئۆزى ئاۋام خەلقكە ياردەم قىلىش دېگەنلىك، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ بالىلىرى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ياخشى ئويلاپسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىنى ئۇنتۇپ قالماپسەن. بىز ھەممىمىز مائارىپنى قوللىشىمىز لازىم. مەن ساڭا مۇنداق ئىككى مەسلىھەت بېرىمەن ئاداش، ئويلىشىپ كۆرسەك بولىدۇ. بىرى، ھەر يىلى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىر قېتىم تاغقا ئېلىپ چىقىپ دەم ئالدۇرۇپ كىرىمەن، دېگەن ئويۇڭ بەك ياخشى ئىكەن، بۇ گېپىڭ ماڭا ھەقىقەتەن تەسىر قىلدى. بىراق، مەن مۇنداق بىر ئويغا كېلىۋاتىمەن، سەن ئويلىشىپ باق. ھازىر

بىزنىڭ ھەر بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بار، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى قوشساق يۈز ئەللىكتىن ئاشىدۇ، مېنىڭ پىكرىم مۇنداق، ھەر يىلى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن يىگىرمىنى، ئەلۋەتتە ئۇلار ياخشى ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بولۇشى شەرت، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن يىگىرمىنى، دەم ئېلىشقا چىققان ئوقۇتقۇچىلاردىن يىگىرمىنى، جەمئىي ئاتمىش ئوقۇتقۇچىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ دەم ئالدۇرساق مۇۋاپىق بولارمىكىن، دەيمەن. ئەگەر ھەر مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇتقۇچىنى قارا ـ قويۇق تاغقا ئېلىپ چىقساق، بىرى ئادەم كۆپ بولۇپ كېتىپ، ياخشى دەم ئېلىشقا بولمايدۇ، باشقۇرۇش ئىشلىرىمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، داش قازان تامىقىنى بىللە يېگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ياخشى ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكىنىڭ يېتىشىغا ماسلىشىپ ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى پەرقلەندۈرۈپ، مۇئامىلە قىلساق ياخشىراق بولار. سەن ئويلىشىپ باق ئاداش، بۇ مېنىڭ بىرىنچى پىكرىم. يەنە بىر پىكرىم، ئادەم ياخشى ياشايمەن، دەپ پۇل تاپىدۇ، بىز ياخشى ياشاش مەقسىتىمىز ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە، جامائەت ئىچىدە يۈز ـ ئابرۇي تاپساق دەيمىز، بۇنى مەندىن سەن ياخشى بىلىسەن. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ نامىدا ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر فوند قۇرۇشۇڭ كېرەك، ئەگەر سەن شۇنداق بىر فوندنى قۇرالىساڭ، ھەممە ئىشىڭدىن شۇ ئىشىڭ ئېشىپ چۈشىدۇ. مەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ كېلىۋاتىمەن، بىز شۇنداق بىر فوند قۇرالىساق، ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغان بولاتتۇق. سەن بۇ مەسلىھەتىمنى ئويلىشىپ باققىن، مەرھابا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگىن!

— توغرا ئاداش، مەن بۇ ئىشنى ئويلىماپتىمەن، سىنىڭ بۇ مەسلىھەتىڭ بەك ياخشى بولدى، ئەمەلىيەتتە بىر ئىش توغرىسىدىكى ياخشى مەسلىھەت ئاشۇ ئىش يېرىم ۋۇجۇدقا چىققانغا تەڭ. مەن مەرھابا بىلەن مەسلىھەتلىشەي، خۇدايىم بۇيرۇسا، سىنىڭ مەسلىھەتىڭ بويىچە قىلىمىز،— دېدى ئالىم.

ئالىم ۋەلىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئۈچۈن خۇشال بولدى. ۋەلى دېگەندەك، ئالىممۇ جەمئىيەتتە يۈز - ئابرۇيغا ئىگە بولسام، دەپ ئويلايتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ۋەلىنىڭ مەسلىھەتىنى ئايالى مەرھاباغا ئېيتتى.

— بۇ ياخشى مەسلىھەت ئىكەن ئالىم. يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇن پۇلنى يوقىلاڭ ئىشلارغا ياردەم قىلىپ بېرىۋەتتىڭىز، ۋەلى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلىپتۇ، ئۆزىڭىزنىڭ نامى بىلەن بىر مۇكاپاتلاش فوندى قۇرسىڭىز مەكتەپلەرگە چىتتىمدە - پىتتىمدە پۇل ياردەم قىلغاندىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ! — دېدى مەرھابا خۇشال بولۇپ.

ئالىم ۋەلى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش فوندى قۇرۇش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇردى. فوندىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ۋەلى يول ماڭدى، ئالىم بۇ فوندى ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل چىقاردى. ھەممە رەسمىيەتلەر پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلار تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالىم مۇكاپاتى» نى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

— پۇلنى مەن چىقاردىم ۋەلى ئاداش، ئەمدى قانداق مۇكاپاتلاش توغرىسىدا ئۆزۈڭ بىرنېمە دە، بۇنداق ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا سەن ئۇستا،— دېدى ئالىم.

— يېقىندىن بېرى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن ئاداش، بىز ئىلگىرى بۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بارمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئاز پۇل بىلەن مۇكاپاتلىمايمىز، دېمەك بۇ ئىشىمىزنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ

ئىشنى مۇنداق باشلىساق دەيمەن، ئالدى بىلەن ھەر يىلى قانچە ئادەمنى مۇكاپاتلايمىز، دېگەن ئىش ئۈستىدە كېلىشىۋالساق، قالغان ئىشلار ئاسانلا پۈتۈپ كېتىدۇ. سەنچە قانداق؟

— قوشۇلىمەن، مەن قاچان باشلىقنىڭ گېپىگە قوشۇلمىغان دەيسەن؟ يەنىلا ئۆزۈڭ بىر نېمە دە، ھەر يىلى قانچە ئوقۇتقۇچىنى مۇكاپاتلىساق بولار؟

— مېنىڭچە، ھەر يىلى ئۈچ ئوقۇتقۇچىنى مۇكاپاتلىساق، ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرنى، ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرنى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرنى مۇكاپاتلىساق، ئاشۇ ئۈچ خىل ياش چەكلىمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۈچنى باھالاپ چىقىپ، مۇكاپاتلىساق، سېنىڭچە بولارمۇ؟

— مانا، دېمىدىممۇ بۇنداق ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا سەن ئۇستا دەپ،— دېدى ئالىم.— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، ئەمىسە سەن تەييارلىق قىلىۋەر، مۇكاپاتلاش يىغىنىنىڭ ۋاقتىنى بېكىت، يىغىننى ياخشى ئاچايلى.

ۋەلى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا جىددىي تەييارلىق قىلدى. بۇنداق بىر يىغىن ئېچىش مائارىپ ئىدارىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. چۈنكى، مائارىپنى پۈتۈن جەمئىيەت قوللىسا، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلىسە، مائارىپنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن چوڭ پايدىلىق ئىش بولاتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ يىغىن زالىدا ئېچىلدى. شەھەر باشلىقى جۇرئەتمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

— سەن شەھەر باشلىقى جۇرئەتنى يىغىنغا قاتنىشىدۇ، دېمىگەنىدىڭ، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى ئالىم ۋەلىدىن.

— مەنمۇ ئەتىگەن ئىشقا كېلىپ بىلدىم، يىغىن زالىدا تۇرسام جۇرئەتنىڭ كاتىپى چاقىرىپ كەپتۇ، كەيندىن ماڭدىم،

باشلىق بىلەن كۆرۈشتىم. شۇ يەردە باشلىق يىغىنغا مەنمۇ قاتنىشىمەن، سۆز قىلىمەن، دەپ تەلەپ قىلدى، بىر شەھەرنىڭ باشلىقى يىغىنغا قاتنىشىمەن، دېسە، قاتناشمايسىز، دېگىلى بولامتىمۇ؟ — دېدى ۋەلى.

— مۇنداق دە!

يىغىن باشلاندى. يىغىننى ۋەلى باشقۇردى، يىغىننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى روھلۇق ئىدى، ئىلگىرى شەھەر بويىچە بۇنداق يىغىن ئېچىلىپ باقمىغانىدى. ۋەلى سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالىمنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئالىم ئورنىدىن تۇردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستازلار ۋە ئوقۇغۇچىلار، ياخشىمۇسىلەر؟ مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دېمەكچى بولغىنىم خەلق مېنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ئەگەر خەلقنىڭ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە غەمخورلىقى بولمىغان بولسا، مەن تىجارەتتە يول تاپالمىغان بولاتتىم. مەنمۇ ئىلگىرى بىر ئوقۇتقۇچى ئىدىم، مەن ھازىر بىر تىجارەتچى، لېكىن، ئوقۇتقۇچى مېنىڭ قەلبىمدە ئەڭ قەدىرلىك ئادەم. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچقان ھەم ماڭا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان باللارنىڭ كۆزىنى ئاچقان، مانا شۇ كۈن، شۇ يىللاردا سىلەر يەنە جاپالىق ئەمگەكلار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ روھنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىۋاتىسىلەر. بىلىم بېرىش، ئىلىم بېرىش — جاھاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، مەن ئۆزۈمنىڭ نامىدىن ھەم ئاتا ـ ئانامنىڭ نامىدىن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىلەرنىڭ ھەربىر كۈنۈڭلار شۇقەدەر ئەھمىيەتلىك، مۇھەببەتلىك كۈن، شۇ كۈنلەر بۇ شەھەرگە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ھەم ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى قالدۇرالايدۇ ھەم قالدۇرغان. شۇنداقلا، سىلەرنىڭ ھەر بىر كۈنۈڭلار شەرەپلىك، چۈنكى سىلەر بۇ دۇنياغا نەتىجە

يارىتىش ئۇچۇن كەلگەن، ھەربىر كۆنۈگۈلار گۈل ئىچىدە ئاخىرلاشقاي . . .
ئوقۇتقۇچىلار قىزغىن چاۋاك چالدى. ئالىم گېپىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.
ۋەلىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئالىم بىلەن شەھەر باشلىقى جۇرئەت ئۈچ ئوقۇتقۇچىغا مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى. كېيىن ۋەلى شەھەر باشلىقى جۇرئەتنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى:
— ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، ئەپەندىلەر، خانىملار، بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرى، ياخشىمۇسىلەر؟ بۈگۈن شەھىرىمىزدە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن بولدى، مەرىپەتپەرۋەر، يەككە تىجارەتچى ئالىم ئەختەم مائارىپ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر ئىش قىلىپ بەردى. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەزىمەتلەر كېرەك، شەھىرىمىز مۇشۇنداق ئەزىمەتلەر بىلەن گۈللىنىدۇ. ھۆكۈمەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلدى. شەھىرىمىزدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرىنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ بولدۇق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ ئاساسەن ھەل بولۇپ قالدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئالىمدەك مەرىپەتپەرۋەر ئەزىمىتىمىز ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەۋاتىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مائارىپ — خەلقنىڭ مائارىپى، بىز ھۆكۈمەت ھەر يىلى يەنە داۋاملىق مائارىپ ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمىز، مائارىپ ھەم ھەر دائىم خەلقنىڭ قوللىشىغا موھتاج . . .
يىغىن ئەھلى جۇرئەتنىڭ سۆزىنى ئالقىشلىدى. يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى.
ئالىم بۇ پائالىيەتنى تۈگىتىپ، ئۆزى بۇرۇن ئىشلىگەن مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، دەم ئالدۇرۇپ كېرىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ۋەلى ئۆزىنىڭ

دەسلەپكى پىكرى بويىچە ئۈچ خىل ياش چەكلىمىسى بويىچە ئاتمىش ئوقۇتقۇچىنى تەشكىللەپ تەييار قىلدى. ئالىم ئۇلارنى تاغقا ئېلىپ چىقىدىغان ئاپتوبۇسنى سۆزلىشىپ كەلدى. دۈشەنبە كۈنى ئۇلار تاغقا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئۈچ سائەتتىن كېيىن تاغقا يېتىپ باردى. ئىككى كۈن ئاۋۋال تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن چىقىرىۋەتكەن باللار ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئالىم تاغدىكى ساياھەت ئورنى بىلەن سۆزلىشىپ، يېتىشتا ساياھەت ئورنىنىڭ ياتىقىدا ياتىدىغان، تاماقنى ئۆزلىرى ئېتىپ يەيدىغانغا كېلىشكەنىدى. ۋەلى ئوقۇتقۇچىلارنى ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ئارىدا، ئاشپەزلەرمۇ تاماقنى تەييار قىلىپ ئۈلگۈردى.

ساياھەتكە چىققانلار داستىخان ئەتراپىدا رەتلىك ئولتۇرۇپ بولغاندا، ۋەلى ئالىمنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئالىم «بولدىلا. . .» دەپ سۆز قىلىشقا ئۇنىمىدى. نەتىجىدە ۋەلى ئالىمنىڭ تەلپى بويىچە قىسقىغىنا سۆز قىلدى، ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

بۇنداق سورۇنلاردا ئادەمنىڭ كۆڭلى باشقىچىلا كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار چاقچاق، ھەزىل - كۈلكىلەر بىلەن تاماق يېيىشتى. داستىخاننى يىغىش ۋاقتىدا بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى دۇئا قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى خالىغان پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولدى. بەزىلەر قارىغاينىڭ ئاستىدا كورت ئويناشقا چۈشتى، بەزىلەر رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرىنى ئارىلاپ گۈل ئۈزۈشتى، قىز - چوكانلار تاغ باغرىدا تاڭ قوراي تېرىشكە كىرىشىپ كەتتى، قىسقىسى، ھەممە ئادەم تەبىئەت قوينىغا كىرىپ كەتتى.

ئالىم بىلەن ۋەلى كەچلىك زىياپەتنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئۇلار بىرىنچى كۈنى بىلەن ئاخىرقى كۈنى كەچتە ئىككى قېتىم زىياپەت قىلىپ بېرىشنى ئويلاشقانىدى.

ئاشپەزلەر ئالىمنىڭ تەلىپى بويىچە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. خىزمەتچىلەر ۋەلىنىڭ پىكرى بويىچە، ياغاچ ئۆينىڭ يۇقىرىسىدىكى تۈزلەڭگە كىگىز، ئۈستىگە داستىخان سالدى. بۇ ئورۇننىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز قارىغايلىق بولۇپ، ئەتراپىدا چىرايلىق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. تاماق ۋاقتى بولدى، خىزمەتچىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى ھەر تەرەپتىن چاقىرىپ كەلدى، تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن ساپ ھاۋاسى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، چىرايلىق يۈزلىرىدىن، پارقىراپ قالغان قاش ـ كىرپىكلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار ياغاچ ئۆيلەرگە كىرىپ ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا ۋەلى ئالىمنى يەنە سۆزگە تەكلىپ قىلدى، ئالىم يەنە ئۇنىمىدى.

— ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىساڭ بولمايدۇ ئاداش، چۈشتە سۆز قىلغىلى ئۇنىمىدىڭ، بوپتۇ، دېدىم. «ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق» دېگەن گەپ بار، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىساڭ سەت تۇرىدۇ، — دېدى ۋەلى.

— مەن سۆزلىسەم سەت بولامدىكىن، دەيمەن ئاداش، ئازراق ئىشنى قىلىپ قويۇپ سۆزلەۋېرىدىغان نېمىكەن ماۋۇ، دەپ قالامدىكىن، دەيمەن ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى.

— سەن بەك ئىنچىكە ئويلاپ كېتىدىكەنسەن، داستىخاننى سەن سېلىۋاتساڭ، مەن گەپ قىلسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ۋەلى.

ۋەلى ئالىمنى سۆزلەشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار چاۋاك چېلىپ قىزغىن قارشى ئالدى.

— ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، ئوقۇتقۇچىلار، بىز بۈگۈن دەم ئېلىش ئۈچۈن بۇيەرگە چىقتۇق، مۇشۇنداق جەم بولۇپ

ئۇلتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن مەن ناھايىتى خۇشال. سىلەرنى ئاۋارە قىلغانلىغا چۈشلۈق ئىش بولماي قېلىشى مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ مەن سىلەرنى بۇ تاغقا سەيلە - ساياھەتكە ئېلىپ چىقالىغانلىغىم ئۈچۈن خۇشال. چۈنكى، مەن بۇگۈن سىلەردەك مىللەتنىڭ ئەزىز ئوغۇل - قىزلىرىنى بىر قېتىم مېھمان قىلىۋالسام، دېگەن مەقسىتىمگە يەتتىم. ئەگەر مېنى سىلەردەك ئۇستازلار — ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتمىغان، ماڭا بىلىم ئۆگەتمىگەن، تىرىشىش يولىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، مەن ھازىرقىدەك ئاز - تولا ئىقتىسادقا ئىگە بولالمىغان، ھازىرقىدەك بىر شىركەتنى رويابقا چىقىرالمىغان بولاتتىم، مېنىڭكى بۈگۈنىم سىلەردەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەقلى بىلىمىنىڭ كۈچى بىلەن بولغان. مەن ئاز - تولا پۇل تاپتىم، ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈنلا ياشىسام بولمايدۇ، قولۇمدىن كېلىشىچە باشقىلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىشىم كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، مەنمۇ جەمئىيەتكە، خەلققە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان بولىمەن... مېنىڭچە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، يەنى سىلەرنىڭ شەرىپىڭلار مۇنداق بىر جەھەتتە كۆرۈنىدۇ، سىلەر جەمئىيەتتىكى ھەربىر بالىنىڭ ئەقىل - بولىقىنى ئېچىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەيسىلەر، سىلەرنىڭ كەسپىڭلار باشقا كەسپلەرگە قارىغاندا، خەلق مۇھەببىتىنىڭ تىكلىنىشى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇستازلىرىمىزنى قەدىرلەيمىز، ئۇستازلىرىمىزنى ئاتا - ئانىمىز ئورنىدا كۆرىمىز...

ئالىمنىڭ گېپى ھەممە ئادەمگە ياقتى، ئوقۇتقۇچىلار قىزغىن چاۋاك چالدى.

— ياخشى سۆزلىدىڭ ئاداش، مەن ئىلگىرى سېنىڭ بۇنداق چوڭ سورۇنلاردا سۆزلىگىنىڭنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. سەن ھەقىقەتەن ناتىق ئىكەنسەن! — دېدى ۋەلى ئالىم ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— رەھمەت ئاداش، سەن بىلىسەن، مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمىتىم بار، ئۇلار بۇ جاھاندىكى ئەڭ قەدىرلىك ئادەملەر. . . — دېدى ئالىم خۇشخۇي ھالدا.

زىياپەت باشلىنىپ كەتتى، تاماقتىن كېيىن ئەر ئوقۇتقۇچىلار ئاز - تولىدىن ھاراقمۇ ئىچىشتى. قۇياشمۇ ئېگىز ئاسماندا ئاخىرقى نۇرلىرىنى ئۇلارغا چېچىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ بارماي قۇياش ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، يەنە بىر دۇنياغا كەتتى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، خىزمەتچىلەر گۈلخان ئۈچۈن تەييار قىلىپ قويغان ئوتۇنغا ئوت ياقتى، ئوت بىردەمدىلا تۇتۇشۇپ، گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار چىرايلىق، سىرلىق ئوت يالقۇنىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. كىمدۇر بىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ئارقىدىن باشقىلارمۇ جور بولدى. ئوت مۇڭلۇق ناخشىنىڭ مۇھەببىتىنى كۆك ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، مۇھەببەتلىك يۈلتۇزلار گۈلخان ئەتراپىدا ناخشا ئېيتىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاۋازى تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىچكى سىرىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان سىرلىق قاراڭغۇلۇق ئۇلارغا چىڭ چاپلاشقانىدى. ئوت ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئورتاق ئىدى، ئاسماننى قۇياش سورىسا، يەرنى ئوت سورايتتى. بىراق، ئۇلار ئىككىسى ئادەملەرنىڭ ئۇلاردىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلەلمەيتتى، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سىرىنى بىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئاخماقانىلىق، بەزىدە بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى شۇقەدەر ئاقىلانىلىق بولاتتى.

## 21

ئەتىسى ئالىم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ياغاچ ئۆيدىن تالاغا چىقتى. قۇياشنىڭ مۇھەببەتلىك نۇرلىرى مەرھابانىڭ تاتلىق لەۋلىرىگە ئوخشاش ئۇنى سۆيۈشكە باشلىدى. ئويغانغان قارىغايلار قۇياشقا رەھمەت ئېيتىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇلۇغ ھاياتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كېلىۋاتقان تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى ئالىمنى ئۆزىنىڭ سىرلىق تورىغا سېلىۋالدى. ئالىمنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئەركىن، ئازادىلىق نۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېرىق سېغىش ئۈچۈن تەييارلانغان قازاق ئاياللىرى بىردىن ــ ئىككىدىن بولۇپ قازاق ئۆيلىرىدىن چىقىپ، سېرىق سېغىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ سۈتىگە تەشنا بولۇپ تۇرىۋاتقان باغلاقلىق موزايلار سۈت سېغىۋاتقان ئاياللارغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىشاتتى. تاغ باغرىدىكى چىرايلىق قىزىل گۈللەر كىشىنى ھەر خىل ئويغا سالاتتى. تاغ شەھەر مەدەنىيىتىگە ئەسىر بولۇپ كەتكەن كىشىلەرگە جاھاننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ۋە ياشاشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى قايتا تونۇتۇشقا ياكى ئېسىگە سېلىشقا تىرىشاتتى. ئالىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تاغدەك گۈزەل ماكاننى ئىككىنچى بىر يەردىن تاپقىلى بولمايتتى، ئادەمدەك يېقىملىق قارىغايلار ئالىمنىڭ ئېسىگە نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى كەلتۈرەتتى. . .

چۈشتە ئاشپەزلەر ئوخشىتىپ تونۇر كاۋىپى چىقاردى. ۋەلى ئوقۇتقۇچىلارغا سۈت ئېلىۋاتقان ئۆيدىكى سەيسەنباينى تاماققا چاقىرىپ قويدى. سەيسەنباي سالام بېرىپ، ئالىملار بىلەن

كۆرۈشۈپ، داستىخانغا ئولتۇردى.

— سىلەر تاغقا چىقىپمۇ هاراق ئىچىدىكەنسىلەر، تاغ دېگەندە قىمىز ئىچىشىمىز كېرەك،— دېدى سەيسەنباي كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيتتى.

ئوقۇتقۇچىلار بىر داستىخاندا ئوندىن ئولتۇرۇپ غىزالىنىشىۋاتاتتى. ئالىملارنىڭ سورۇنى سەل چەتتىرەك ئىدى، ئۇلارنىڭ سورۇنىغا سەيسەنباي قوشۇلغاندىن كېيىن، سورۇن جانلىنىپ كەتتى. سەيسەنباي ئوچۇق، گەپچى ئادەم ئىدى.

— هاراق ئىچىپ ئۆگىنىپ قاپتۇق ئاقساقال، بىز شەهەردە هەر كۈنى سىلەرگە ئوخشاش قىمىز ئىچەلمەيمىز ـ دە،— دېدى ۋەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— توغرا دەيسىز. مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئەر كىشى هاراق ئىچمىسە قانداق ياشايدۇ؟ بىزمۇ تاغدا زېرىكىپ هاراق ئىچىمىز. مېنىڭچە، ئەر كىشى هاراقتىن قورقماسلىقى كېرەك، هاراق ئىچەلىشى، لېكىن، مەست بولماسلىقى كېرەك. ياخشى ئەر ئۆزىنى ئاياشنىمۇ بىلىشى كېرەك ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر ياخشى ئەرنىڭ بىر ياخشى خوتۇنى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياخشى بىر ئاشنىسىمۇ بولۇشى كېرەك، خوتۇن بىزگە بالا تۇغۇپ بېرىدۇ، ئاشنا بىزنى زېرىكتۇرۇپ قويمايدۇ، بىزنى ياشارتىدۇ،— دېدى سەيسەنباي قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— بىرىنچى گېپىڭىز بولىدىكەن ئاقساقال، كېيىنكى گېپىڭىز بولمىدى،— دېدى ئالىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز هازىر كىچىك، دېگەنلىرىمنى چۈشەنمەيسىز، سىز يەنە ئون يىلدىن كېيىن بۇ گېپىمنى چۈشىنىپ قالىسىز. تۈنۈگۈن ۋەلى سىزنى ماڭا تونۇشتۇرغان، سىز هەقىقەتەن بىر ئازامات ئىكەنسىز، ياخشى ئازاماتتا خوتۇندىن باشقا بىر ئاشنا

بولمىسا قانداق بولىدۇ؟!
ئالىم بىلەن ۋەلى ئۆزىنى تۇتىۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.
— ئەمىسە ئاقساقال، سىزنىڭمۇ بىرەر ئاشنىڭىز بار ئىكەن ـ دە؟ — دېدى ۋەلى سەيسەنبايغا چاقچاق قىلىپ.
— ئەلۋەتتە بار، سىلەردە «تۇل خوتۇننىڭ هاجىتىدىن چىقسا ساۋاب بولىدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ، بۇنداق سۆز بىزدىمۇ بار. سىلەر ساۋاب بولىدۇ، دەپ قارالغان ئىش بىزدىمۇ ساۋاب بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى بىز تومۇرداش خەلق، — دېدى سەيسەنباي.
— بۇ ئاكىمىز بىزگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئالىم.
— سىز ئەقىللىق بالا ئىكەنسىز، ساقىلىم بىرىيەرگە بارغاندا، مەندە ئۇنداق ئىش نېمە قىلسۇن دەيسىلەر، — دېدى سەيسەنباي كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سىزدىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ ئاقساقال، بۇ تاغدا نۇرغۇنلىغان دەرەخلەر ئۆرۈلۈپ، سېسىپ تۈگەپتۇ، نېمىشقا ئاشۇ ياغاچلارنى ئەكىلىپ ئوتۇن قىلمايسىلەر؟ — دېدى ئالىم. ئۇ سەھەردە تاغقا چىققاندا، ئۆرۈلۈپ، يەردە چىرىپ ياتقان نۇرغۇن دەرەخلەرنى كۆرگەنىدى.
— ئۇ ياغاچلارنىڭ گېپىنى قىلسەم گەپ تولا، ئۇكام. ئورمان ئىدارىسىدىكىلەر ئورماننى، دەرەخلەرنى بەك چىڭ باشقۇرىدۇ، شۇنداق قىلىشى توغرا، ئەلۋەتتە. بۇ جاهاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق غەلىتە بولىدىكەن، دەرەخلەر ئۆرۈلۈپ، سېسىپ تۈگىسە بولىدىكەن، لېكىن بىز ئۆرۈلۈپ كەتكەن دەرەخلەرنى ئىشلەتسەك بولمايدىكەن. مەن سىلەرگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بۇ ياغاچلار قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا ئۆرۈلۈپ كەتكەن. شۇ يىلى بۇ تاغدا ناهايىتى قاتتىق قارا بوران چىقتى، بوران شۇنچە دەهشەتلىك، رەھىمسىز، سۈرلۈك ئىدىكى، گويا تاغدىكى پۈتۈن دەل ـ دەرەخنى يىلتىزىدىن

قومۇرۇپ تاشلايدىغاندەك، ھەتتا تاغنىڭمۇ ئورنىدىن يۆتكىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۈركىرەيتتى، بىزمۇ بىر كېچە - كۈندۈز ئۆيدىن چىقالمىغان. سىز كۆرگەن سېسىپ ياتقان ياغاچلار شۇ قېتىمقى قارا بوران سۇندۇرغان، يىقىتىپ تاشلىغان دەرەخلەر ئىدى. سىزمۇ كۆرگەنسىز، ئاشۇ يىقىلىپ ياتقان ياغاچلارنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان يەرلىرىدىن نۇرغۇن كۆچەتلەر ئۆسۈپ چىقتى. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق ئاجايىپ بولىدىكەن. بىزنىڭ قەبىلىمىز — ئورۇقىمىز بۇ تاغدا ياشاپ كېلىۋاتقىلى يۈز يىلدىن ئاشتى. مېنىڭ ئاتا - ئانامىمۇ مۇشۇ تاغدا ئالەمدىن ئۆتكەن، مەن كىچىك چېغىمدا بۇ تاغ ھازىرقىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى، ئورمانلىق ئادەم كىرەلمىگۈدەك قويۇق ئىدى، ھەرخىل ھايۋانلارمۇ كۆپ ئىدى، ھەتتا ئېيىققا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئەمما، ھازىر ئۇلارنى ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئېتىپ تۈگىتىشتى، گۆشىنى يېيىشتى، تېرىسىنى سېتىشتى. ئورمان ئىدارىسى ئورماننى ئاسرايمىز، دەپ چىرايلىق گەپ قىلغىنى بىلەن خۇدايىمنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىپ سېتىشنىلا بىلدى، تىكىشنى بىلمىدى، نەتىجىدە ئورمان بۇگۈنكىدەك شالاڭلاپ كەتتى. ئورمان شالاڭلىسا، بۇغا - مارال، كېيىك دېگەندەك مۇلايىم ھايۋانلارمۇ تۇرمايدىكەن — قويۇق ئورمانلىققا كېتىدىكەن، بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى، بالا ۋاقتىمدىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، بۇ تاغ ھازىر قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ ماڭا. بۇ يەرنى ۋەيران قىلغانلارمۇ بىز — ئادەملەر. شۇڭا مەن ئېيتىمەن: ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەمما ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان.

ئۇلار قىزىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، يول ئۈستىدىكى كىچىك ماگىزىن تەرەپتىن ئىككى مېھمان كېلىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار،— دېدى ئالىم بىلەن

ۋەلى ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ.
يېڭى مېھمانلار سورۇندىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ياش قىزلىرى ئالىملاردىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيتتى.
— گېپىڭلارنى بۆلۈپ قويىدىغان بولدۇم، خاپا بولمايسىلەر، — دېدى ئېگىز بويلۇق مېھمان سۆز قىلىپ، — مەن سىلەرگە بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ كىشى، — ئۇ ھەمراھىنى كۆرسەتتى، — بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ھاكىمى پولات بولىدۇ، مەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولىمەن. سىلەرنى شەھەردىن چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، سالام بېرەيلى، دەپ كېلىشىمىز.
— بەك ياخشى بوپتۇ، قارشى ئالىمىز. قېنى، چاي ئىچىڭلار! — دېدى ۋەلى خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.
پولاتنىڭ چىرايىدىن يېقىشلىق ئادەملىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋەلى ئۇلارغا ئالىمنى، ئاندىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئالىم مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
— مەن تۇنۇگۈن تۆۋەن تەرەپكە بىرقانچە مېھماننى ئېلىپ چىققانىدىم، — دەپ گەپ باشلىدى پولات كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاڭلىسام، سىلەر بۇيەردە ئىكەنسىلەر، مەن ئىككىڭلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھەم ئالىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى بۇ يەردە سەيلە ـ ساياھەتكە ئېلىپ چىققانلىقىنى ئۇقتۇم. ئالىمنىڭ بۇ ئىشى ماڭا بەك تەسىر قىلدى. ھەممىمىز بىلىمىز، بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشىدا مائارىپ ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالىم، سىز بەك ياخشى ئىش قىپسىز. مەن مۇنداق ئىككى مەقسەت بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم: بىرى، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم، بىزنىڭ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ئالاھىدە ھۆرمىتىمىز بار. يەنە بىرى، سىلەرنى ناھىيىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ساياھەت ئورنى بولغان «قوش بۇلاق» ساياھەت ئورنىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە

رەھمەت ئېيتىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق، كۆپ يىللاردىن بېرى ناھىيىمىزنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرى سۇپەت قوغلىشىپ، شەھەرگە كىرىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى ۋە ئوقۇۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سەرخىل، شارائىتى ياخشى مەكتەپلىرىڭلاردا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان بالىلىرىمىز ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ناھىيىمىزگە قايتىپ كېلىپ، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلىرىدا نەتىجە قازاندى. بۇ بىز ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش، ئەڭ مۇھىمى، ئاشۇ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىش. دېمەك، ئاشۇ يىللاردا ھەم بۈگۈنكى كۈنلەردە، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئاشۇ مۇناسىۋەتلىك مەكتەپلەر بىزنىڭ ئېغىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، بىزگە ياردەم بەردى، سىلەر مەكتەپلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرالمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ بالىلىرىمىزگە ياخشى كۆڭۈل بۆلدۈڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ناھىيىمىزنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگىنىڭلار. بۇ ياردىمىڭلار ئۈچۈن، مەن ناھىيىمىزدىكى پۈتۈن خەلقكە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن!

ۋەلى پولاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى. ئۇ ئادەتتە خېلى تەسىرلىك گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ تەسىرلەنمەيتتى، چۈنكى شۇ يىللاردا ئۇنى ئىزدەيدىغان ئادەم بەك جىق ئىدى. بولۇپمۇ مەكتەپلەر ئوقۇش باشلايدىغان ۋاقىت بولغاندا، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار، ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتىپ، بالامنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسىڭىز، يۆتكەپ بەرسىڭىز، دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋېتەتتى. بەزىلەر ئۇنى ئالدىدا ماختاپ ئۇچۇرۇۋېتەتتى، ياخشى گەپلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇچاتتى، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى غىدىقلايتتى. ئەقىللىق ۋەلى بۇنداق ماختاشلارنىڭ مەقسىتىنى بىلەتتى، ئاشۇ دەردمەن

ئادەملەر ئۆز مەقستىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاغزىغا كەلگەن ۋە ئۆزلىرى بىلىدىغان ياخشى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقاتتى. ۋەلى بۇ ئادەملەرنى توغرا چۈشىنەتتى، قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىلاتتى، قىلغاننى بىلىدىغان دېھقانلار بولسا، ئۇنى تاشلىماي ئىزدەپ تۇراتتى. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى شەھەردىكى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغۇچە شاتۇتىدەك سايراپ، ۋەلىنى ماختىغىنى بىلەن، بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قىلغاننى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بۇنداق يارىماس قىلىقى ۋەلىنى خاپا قىلاتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دەپ تەسەللى بېرەتتى: «مەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمەن، ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئىشلەيمەن، ئىشنى توغرا قىلسام، ئۆزۈمگىمۇ، خەلقىمۇ ياخشى، بالىلىرىمۇ جەمئىيەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ ياشايدۇ. ئەگەر نەپسىمگە چوغ تارتىپ يامان نىيەتتە بولسام، ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە قىلىپ قويىمەن، قىلمىۋالدىم، ئىتتىۋالدىم، دېگەن بىلەن بولمايدۇ، كېيىردىن يامان گۇناھ، نەپسانىيەتچىلىكتىن شەرمەندە ئىش يوق، پاكلىق ئەڭ ئېسىل پەزىلەت. خۇداغا شۈكرى، دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەنمەن، ھازىر كېيىدىغان كىيىمدىن، يەيدىغان ئاش ـ نېنىمدىن غېمىم يوق. . . »

— رەھمەت پولات ھاكىم، بىزمۇ سىزنى سىرتىڭىزدىن تونۇيمىز. ياخشى گەپلىرىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، سىز بىزگە يۇرتىڭىزدىكى گەپنى قىلدىڭىز، سىزنىڭ ھەقىقەتەن بىلگۈچىلىكىڭىز بار ئىكەن. سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى ۋەلى.

— شۇنداق، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز پولات ھاكىم، رەھمەت سىزگە، — دېدى ئالىممۇ ھۆرمەت بىلەن.

— ئەرزىمەيدۇ، مەن ئەمەلىيەتتە سىزدىن ئىلھام ئالدىم.

مەن سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنى بىلگەندىن كېيىن، ئاخشاملا كېلىپ سىلەر بىلەن كۆرۈشكۈم كەلگەنىدى، قارىسام، ئاخشام ئويۇنۇڭلار بەك قىزىپ كېتىپتۇ، پەيزىڭلارنى ئۇچۇرۇپ قويماي دېدىم. ئەمدى ئۆزۈم ھەققىدە ئېيتسام، ئىزچىل ھالدا مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىمەن. مەندە مۇنداق بىر قاراش بار: ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، ئاياغلىشىدۇ، لېكىن مائارىپنىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ، بالىلارنى ئوقۇتۇش ــ تەربىيىلەش ئەۋلادمۇ ــ ئەۋلاد داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىش. شۇڭا، خەلق مائارىپ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقان ئادەمنى قەدىرلەيدۇ، ئۇلارغىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغىمۇ ئوڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ. مەن مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋېتىپمۇ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كادىرلارنى ياقتۇرمايمەن، ئۇنداقلارنى ياخشى كادىر دەپمۇ قارىمايمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇرلۇك مەقسىتىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ماڭا خۇشامەت قىلىپ ئايناقشىپ كېتىدۇ، مەن ئۇلارغا ھەلا دەپ قويىمەن. بۇ ئادەملەر ئاساسەن ئارتىس مىجەز كىشىلەر، ئۇلار ھەق ــ ناھەق قارىشىنى كۆڭلەكلىرى ئاستىدا ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە ئورۇنىدۇ، مەقسىتى سۈنى لېيىتىپ، بېلىق تۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىر بىزنىڭ ئەخلاقىمىز بۇزۇلۇۋاتىدۇ، داپ بىر، ئارتىس تولا، بۇنداق بولغاندىن كېيىن قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ، بۇ ئىشقا سەل قارىساق بولمايدۇ. ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ ئالىجانابلىقىم چاغلىق، لېكىن ئۆز دائىرەمدە ئاشۇنداق كالتە ئىشتىنى ئۈچۈن، كۆڭلىكى ئۈچۈن، نەپسى ئۈچۈن ياشايدىغان، شۆھرەتنى بىردىنبىر مەقسەت قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەرگە يۈز ــ خاتىرە قىلمايمەن. . . ، خوش، مەن باشقا گەپكە چۆشۈپ كەتتىم، يەنە مائارىپ ئىشلىرىغا كېلەيلى. مەن بالىلىرىنى ئوقۇتمايدىغان ئادەملەرنى كۆرسەم، گاچىلىشىپ گەپ قىلالماي قالىمەن، ئادەملەرنى دەسلەپتە

گۆدەكلىك بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان نەرسە مائارىپ، مائارىپ ئادەمنىڭ غورۇرلۇق بولۇشى بىلەن ئۇلۇغ ئىشلارغا ئىنتىلىشىگە ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئادەملەرمۇ مائارىپنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بىر كۆڭۈللۈك، بەختلىك ئائىلە ئۈچۈن مۇھەببەت زۆرۈر بولغىنىدەك مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئادەملەرنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى - كۆيۈنۈشى مۇھىم. مەن مۇنداق ئويلايمەن، بىزدە خېلى كۆپ باشلىقلار مائارىپ ساھەسىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ، مائارىپنى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەن، ھەم يېڭىلىقتا ئىنتىلىدىغان ئادەملەرلا مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىزمەت شۇ ئادەمدىن بىر ئۆمۈر قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى ئۇلار ئۆزى مەسئۇل بولغان سىنىپتىكى قىرىق - ئەللىك بالىنىڭ، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەكتەپتىكى نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇلار بۇ بالىلىرىنى تەربىيىلەپ، ياخشى، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئىشىغا — مائارىپقا ئۆزلىرىنى — بىلىمىنى، ئەقلىنى، ئۆمرىنى، قىسقىسى، ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك. ئەمما، «ئوقۇتقۇچىلار، مائارىپقا ئۆزۈڭلارنى ئاتاڭلار. . .» دەپ تەلەپ قىلىپ قويۇپ، قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. چۈنكى، كونىلار ئېيتقاندەك، «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» يەنى قارا تىلىمىز بىلەن ئېيتساق، ئاچ قورساق ئادەم ئىش قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆيۈنىشىمىز، تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. مەن ئادەتتىمۇ مائارىپ توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيمەن، دەيدىغان گەپلىرىمنى يوشۇرماي، ئوچۇق - ئاشكارا دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىمەن، يەنى ئاغزىمنىڭ ئۈچىغا

ٔكىلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتمەيمەن. شۇڭا، كەينىمدە گەپمۇ تولا، لېكىن مەن قىسمەن كىشىلەرنىڭ ئۇنداق گەپ ـ سۆزلىرىگە پىسەنتمۇ قىلمايمەن. چۈنكى، مېنى خەلق سايلىغان، يەنى مەن خەلقنىڭ ۋەكىلى، شۇڭا خەلقنىڭ گېپىنى قىلىشىم، مېنى سايلىغان خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشىم كېرەك. جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرى تۈگەيدۇ، ئۆزگىرىدۇ، بىزمۇ ئۆلۈپ تۈگەيمىز، ئۆزگىرىمىز، يەنى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىمىز. لېكىن، قىزىل قېنىمىزنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ، قىزىل قېنىمىزنى سەھەردىكى قۇياش ھەر كۈنى زېمىندىن ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، پۈتۈن ئالەمگە داملاپ، ئەزىزلەپ، ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئەنگۈشتەر سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. يۈرىكىنى تېنىگە بېرىۋەتكەن ئادەملەركۆزى ئوچۇق بولسىمۇ بىزنىڭ قېنىمىزنى كۆرەلمىگىنى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ۋىجدانلىق ئادەملەر بىزدىن ئىلھام ئالىدۇ. بىزدىن كەلگۈسى ئىز باسارلارغا ۋىجدان بىلەن مۇھەببەت قالىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئالتۇن بەكمۇ ئاز، ئاز بولغىنى ئۈچۈن بەكمۇ ئەتىۋار، شۇنداقلا بەكمۇ ئاز ئادەملەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. ئالتۇنى بار ئادەملەر ئالتۇنغا تايىنىپ جان باقىدۇ، قولىدا ئالتۇنى يوق ئادەملەر ئەقىلگە تايىنىپلا جان باقالايدۇ. بىزگە بۇنداق ئەقىلنى — بىز جان باقالايدىغان ئەنگۈشتەرنى مائارىپ، يەنى ئوقۇتقۇچىلارلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، مەن دائىم: ئوقۇتقۇچى — بۇ جاھاندىكى ئەڭ تاتلىق ئادەم، ئۇلار بىزگە ئەقىل تېپىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىزگە بىلىم ئۆگىتىپ، دۇنيانىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بەخت دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ، دەيمەن.

گېپىم ئۇزىراپ كېتىدىغان بولدى، تولا سۆزلەپ، ۋاقتىڭلارنى ئالغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلار. ئەمدى

سىلەرگە ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان تەلىپىمنى سۆزلەپ بېرەي، مەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەكتەپلەرگە كۆپ بارىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمىگەن مۇدىرلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىمەن. ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلارنى مۇدىرلار، مۇدىرلارنى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرسا بولاتتى، لېكىن بەزى ئىشلار بىز ئويلىغاندەك، ئارزۇ قىلغاندەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتىدۇ، يەنى ئۆيدىكى — ئىدارىدىكى ھېساب بازاردىكى ھېسابقا توغرا كەلمەيۋاتىدۇ، شۇڭا مەن بەزى ئىشلارغا بىۋاستە ئارىلىشىپ قېلىۋاتىمەن. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلىقىنى ئۆزۈم بىۋاستە تەكشۈرۈپمۇ كۆرىمەن، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن خىيالى باشقا جايدا — ئويۇن ـ تاماشىدا، زىياپەتتە پالاز قېقىپ يۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا قايناپ سۆزلەپ كېتىمەن. كاللامدىن ئۆتمەيدىغىنى بىزنىڭ بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئارتىستەك ياسىنىپ يۈرۈشنى، كىيىمگە چاڭ ـ توزان قوندۇرماسلىقنى بىلگىنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىشنى بىلمەيدۇ، ئۆز كەسپىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ئۇنى سۆيمەيدۇ، «كۈن ئۇياقتا ئۆتتى، پۇل بۇ ياقتا» دېگەندەك ئىش قىلىدۇ. باللارنى كۆيۈنۈپ، قېتىرقىنىپ ئوقۇتمايدۇ. مەن مۇشۇنداق خانىم ـ قىزلارنى، غوجاملارنى تەنقىدلەپ قويىمەن، ئوقۇتقۇچى دېگەن ئوقۇتقۇچىدەك بولۇشى كېرەك ـ دە! باشقىلارنى ئوقۇتىدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى ئىزدىنىپ ئۆگىنىشى كېرەك، قورسىقىڭدا ئۈمچىڭ بولمىسا، باللارغا نېمىنى ئۆگىتەلەيسەن؟ مەن ۋاقىت چىقىرىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ تۇرىمەن، بەزى گەپلەرنى ئۇلارغا ئېنىق دەيمەن. «ئەگەر مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئىلمى بولالمىساڭلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بارلا ئەمەس، چارە

كۆرىدىغان ئۇسۇلىمىز بار، شۇڭا، مەنمۇ سىلەرگە باشقىچە باھا بېرىمەن، بالىلارنى جانلىق، ياخشى ئوقۇتۇڭلار!» دەيمەن. مەن مەكتەپلەرنى گەپ بىلەنلا ئەمەس، مەبلەغ بىلەن، ئۇنىۋان بىلەنمۇ باشقۇرۇپ تۇرىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى كەمچىل. بۇيەردە راست گەپ قىلمىساق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، جاپا تارتتى. ئۇ — بۇرۇنقى ئىشلار، كونا نەتىجىنى بېشىمىزغا ياستۇق قىلىپ قويۇپ يانقىلى بولمايدۇ. جاھان تەرەققىياتىغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز، يەنى تەرەققىياتقا يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك. ھازىرقى زاماندا ھەرقانداق ساھەدە جان - جەھلىمىز بىلەن تىرىشىپ ئىشلىمىسەك، دەۋرنىڭ كەينىدە قالىدىغان گەپ. مەن ھېيت - بايراملاردا مەقسەتلىك ھالدا ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ ئۆيىگە بارىمەن، ئۇلارنىڭ چىرايلىق بىزەلگەن ئۆيلىرىدە مېھمان بولىمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر كىتاب جازىسى كۆرەلمەيمەن. دېمەك، ئۇلار مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆگەنمەيدۇ، ئىزدەنمەيدۇ. مەكتەپتە ئوقۇغان نەرسە ئاساسىي بىلىم بولالايدۇ، ئۇنى يېڭى بىلىملەر بىلەن بېيىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۆگىنىش كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا بىر قازانغا ئىگە بولالىغان بولسا، ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئەمەلىي خىزمىتى ئارقىلىق شۇ قازىنىغا گۆش يىغالايدۇ. بىلىم يېڭىلاشنىڭ ئۆزى ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ، ئەگەر سۇ توختاپ قالسا سېسىيدۇ، بىلىممۇ شۇنداق نەرسە، ئادەملەر، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىزدىنىپ ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بىلىمى يوقىلىپ كەتمىگىنى بىلەن، كونىراپ، دەۋرنىڭ كەينىدە قالىدۇ. شۇڭا، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن، ھەممىمىز ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك،

ئۇلار ئىسمى جىسمىغا لايىق بولۇشى، ئۆيلىرىدە چىنە - قاچىلارنى پارقىرىتىپ تىزىپلا قويماي، كىتاب - ژۇرناللارنىمۇ كۆركەم ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن مۇدىرلارغا داڭلىق مۇدىرلاردىن بولۇڭلار، دەپ تەلەپ قويىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مېنى چۈشىنىدۇ، بەزىلىرى بۇ پايپاق ھاكىم نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىدۇ؟ دەپ غۇدۇڭشىيدۇ. مەن ئۇلارنى چۈشىنىمەن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچە، چۈنكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئالدى بىلەن شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرىغا باغلىق، مۇدىر ياخشى، بىلىملىك، تەدبىرلىك بولسا، مەكتەپنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشىدۇ، ئەكسىچە بولسا، جان باقار بولسا، ئۇنداق مۇدىرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئادەتتىكى قوشاقچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن ئۇلارغا سىلەر ئالدى بىلەن ئىشنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاشتىن باشلاڭلار، دەيمەن. داڭلىق مۇدىر دېگەن قانداق ئۇقۇم؟ باشقۇرۇش دېگەن نېمە؟ بۇنى تەتقىق قىلىڭلار؛ بولۇپمۇ بۈگۈنكى زامانىۋى مائارىپ، يەنى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا، باشقۇرۇشتا قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىڭلار، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەڭلار ۋە داڭلىق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىڭلار، داڭلىق ئوقۇتقۇچى دېگەن ئۇقۇم ئۈستىدە ئىزدىنىڭلار، دەپ تەلەپ قويىمەن. كېيىن ئاڭلىسام ئۇلار ماڭا «كوت - كوت» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. مەيلى، ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى بۈگۈنكى زاماننىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرمىسا بولمايدۇ، ئۇلار مەن بالا تەربىيىلەۋاتىمەن، دەپ يۈرمەي، ئۆزلىرىنىمۇ داۋاملىق تەربىيىلىشى كېرەك. كەچۈرسىلەر، مەن بەك كۆپ سۆزلەپ كەتتىم، چۈنكى مەن

«كوت - كوت» ئەمەسمۇ؟

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى. پولات ھەقىقەتەن ئۇچۇق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى سورۇندىكىلەرگە بەك ياقتى. بولۇپمۇ ۋەلى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەكمۇ كۆپ ئىلھام ئالدى، «بۇ ھاكىمنى ئەسلىدە بىزگە شەھەر باشلىقى قىلىپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتىكەن» دەپ ئويلىدى.

— بەك ياخشى سۆز قىلدىڭىز ھاكىم، مەن مۇشۇ كۈنگىچە بىزنىڭ باشلىقلارنىڭ ئاغزىدىن تېخى بۇنداق ياخشى گەپ ئاڭلاپ باقمىغان، سىز ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى ھېس قىلىپسىز. بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر مەسىلىمۇ بار، يەنى بىز ساپا مائارىپى دېگەن زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، بىز يىل بويى بالىلارنى سىنىپتىن باشقا يەرگە ئېلىپ چىقماي ئوقۇتىۋەرسەك، بۇ ساپا مائارىپى بولامدۇ؟ ئاشۇ بالىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا قانچىلىك ماسلىشالايدۇ؟ چۈنكى جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھەممە ئادەم بېلىق تۇتسام، دەيدۇ، لېكىن ھەممە ئادەم تولۇق دېگۈدەك مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، بۈگۈن بېلىق تۇتقان ئادەم ئەتىسى باشقىلار ئۈچۈن بېلىق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بالىلار بالدۇر يېتىلىشى كېرەك، ساپا مائارىپى بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئىگىلىتىشى كېرەك. ئۇلار مۇشۇ جەھەتتە بالدۇرراق پىشىپ يېتىلىشى كېرەك. ئۇلار ئاق قەغەزدەك ماڭا قايسىڭ خەت يازسەن، دەپ قاراپ تۇرسا زىيان تارتقىنى تارتقان، يەم بولغىنى بولغان. ساپا مائارىپى دېگەن ياپىلاق تىل بىلەن ئېيتقاندا، تالىشىپ يېيىشنى بىل، دېگەن گەپ، ئون ئىككى يىل ئوقۇپ، جەمئىيەتكە چىققاندا راھىبىدەك قاراپ تۇرسا، ئۇنداق ئادەمدە قانداقمۇ ساپا بولسۇن؟ ساپا مائارىپى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ خىزمەتنى سىنىپتا

ئولتۇرۇپلا ئىشلەپ كەتمەك بەك تەس، جەمئىيەتكە ئارىلىشىش كېرەك، باللارنى تۇرلۇك پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى كۇنسېرى ئاشۇرۇش كېرەك. باللار كىتابىي بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە باغلىيالىسا، ئاندىن ئۇلار جەمئىيەتكە تېز ماسلىشالايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىدىمۇ مەسىلە بار، بىزمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇچۇن، بەكمۇ كۆپ بەدەل تۆلەپ كەتتۇق، خىزمەتكە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تېزدىن ماسلىشالمىدۇق. بۇ مەسىلىنى، يەنى ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتكە، بۈگۈنكى تۇرمۇشقا ماسلىشالايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئىشىنى سىنىپتىن چىقماي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. يىقىندىن بېرى مەن بۇ ئىش ئۇستىدە ئويلىنىۋاتىمەن، — دېدى ۋەلى.

ئالىم گەپ قىلمىدى. مەيلى ھاكىمنىڭ گېپى بولسۇن، ياكى ۋەلىنىڭ گېپى بولسۇن، ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ بىردىنلا پولاتنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. «ئاتا ـ ئانىسى پاكىز باققان ئاداش ئىكەن بۇ!» دېدى ئۇ ئىچىدە پولاتقا قايىل بولۇپ.

— مەنمۇ سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلىمەن، ساپا مائارىپى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز، سىز دېگەندەك ئىشلارنى ھەل قىلىشتىن باشقا، ساپا مائارىپى ئادەمنىڭ روھى ھالىتىدىكى جۇشقۇنلۇق مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىشى كېرەك. ئادەمدە روھ بولۇشى كېرەك، ساپا مائارىپى ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى جۇشقۇن، روھلۇق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى كېرەك، — دېدى پولات.

— قېنى، ئەمىسە مەن پولات ھاكىمغا بىر رومكا ھاراق تۇتاي، سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمغا خۇشال مەن. سىزگە كۆز تەگمىسۇن، سىز قولىدا بىر پارچە نان بولمىسىمۇ بىر

ئامال قىلىپ بىر شەھەرنىڭ خەلقىنى بېقىپ كېتەلەيدىغان ئادەملەردىن ئىكەنسىز! — دېدى ئالىم قولىدىكى رومكىنى پولاتقا تۇتۇپ.

پولات ئالىمنىڭ قولىدىن رومكىنى ئالدى:

— «كوت - كوت» بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قورسىقىنى نان بىلەن تويغۇزالمىسام گەپ بىلەن تويغۇزۇپ كېتىۋېرىمەن - دە! — دېدى پولات چاقچاق قىلىپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى. پولات قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، رومكىنى ئالىمغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ۋەلىگە قارىدى:

— ئەمىسە مەن مېھمانلىرىمنىڭ قېشىغا باراي، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئەتە مەن سىلەرگە ئادەم ئەۋەتىمەن، بىزنىڭ ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ، مەن دېگەن «قوش بۇلاق» دېگەن ئورۇندا بىرلەشمە كۆڭۈل ئاچىمىز. ئەمىسە كېيىمىز گەپ.

پولات ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كەتتى.

— ھەرھالدا جېنى بار ھاكىم ئىكەن بۇ! — دېدى ۋەلى.

— يىلىكى تولغان ئاداش ئىكەن بۇ! — دېدى ئالىم پولات كېتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ.

## 22

سۇلتاننىڭ ئاشخانىسىنىڭ سودىسى ياخشى كېتىۋاتاتتى. شۇنداق تىنچ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىن قازاقىستانغا چىقىپ تىجارەت قىلىۋاتقان بىر كىشى ئۇنىڭغا بىر

خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى.
سۇلتان كەچتە ئاشخانىسىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ مەھەللىسىگە بېرىپ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچاي، دەپ تۇرۇشىغا، بىرسى دەرۋازىسىنى ئىچىپ قورۇدىن چىقتى.
— ھە، خالمەمەتقۇ بۇ، قازاقىستاندىن قاچان قايتىپ كەلدىڭ؟ — دېدى سۇلتان خالمەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ.
خالمەمەت سۇلتاندىن خېلى كىچىك ئىدى، ئۇ بۇ شەھەردە يېقىنقى يىللاردىن بېرى چېگرا سودىسىدا بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەر قاتارىدىكى جىگەرلىك بىر ئەزىمەت ئىدى. بۇ كۆلۈپ تۇرىدىغان ئەركەك ئىلگىرى بازاردا ئۇچەي كاۋىپى ساتاتتى، ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگىنى بىلەن، ئۆزى تېتىك، سودا ـ سېتىقتا ئېپى بار بولغاچقا تېز پۇل تېپىپ كەتتى. ئۇ كاۋاپچىلىقنى تاشلىغان دەسلەپكى يىللىرى پۇل تاپقان خوجايىنلار ئۇچۇن ئىشلىدى، ئاز ـ تولا پۇل تاپقاندىن كېيىن، قازاقىستانغا بىر ـ ئىككى تاغاردىن مال ئۆتكۈزۈپ، ئۇياقتىكى پۇل تاپقان ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، تۆت ـ بەش تەڭگىگە ئىگە بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىجارەت قىلىپ يۈرگەنىدى.
— سۇلتان ئاكا، — دېدى خالمەمەت تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن كۆلۈپ تۇرۇپ، — ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، مانا ئەمدى مۇرادىڭغا يېتىدىغان بولدۇڭ، ماڭا سۆيۈنچى بېرەرسەن؟
— سۆيۈنچە ئايلانسۇن ئۇكام، ئايلانسۇن. ئالدىراپ قايتىپسەنغۇ؟ يۈر، ئۆيگە كىر، ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، يەڭگەڭنىڭ لەغمىنى تەييار بولۇپ قالدى ھەقچان، — دېدى سۇلتان خالمەمەتنى ئۆيىگە باشلاپ.

خالمەمەت سۇلتاننىڭ باشلىشى بىلەن ھويلىغا قايتا كىردى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۇلتان ئالدىراپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى.

— ھە، نېمە خۇش خەۋەر ئۇكام ئۇ؟ — سۇلتان سەل جىددىيلەشكەندەك بولدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

— مەن قازاقىستاندا ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، مەلىكە ھەدەم سالام ئېيتتى...

— نېمە، ئاپام بىلەن كۆرۈشتۇڭمۇ؟...

سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق سۇلتان ئاكا، مېنىڭ قازاقىستاندىكى بىر شېرىكىم ئاپاڭنىڭ ئوغلى، يەنى ئىنىڭ چىقىپ قالدى، مەن شۇ ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە مەلىكە ھەدەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، ئاپاڭ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى، تېمەن تۇرۇپتۇ. ئۇ خېلى يىللاردىن بېرى سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار ئىكەن، ئۇ مەندىن سېنى سورىدى. ئاپاڭ: «سامسىپەز سۇلتان قۇلاقنى تونۇمسىز؟» دەپ سورىغۇندى، دەرھال سېنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، «سۇلتان ئاكىنىڭ لەقىمىنىمۇ بىلىدىكەنا؟» دەپ ھەيران قالدىم ۋە دەرھال: «تونۇيمەن، ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن سوپى قۇلاقنىڭ شاگىرتى سۇلتاننى دەيسىزغۇ؟» دېدىم. مەلىكە ھەدەم «شۇنداق، شۇنداق» دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئاپاڭ دۇنيادا سېنىڭدەك ئوغلى بارلىقىنى ئۆلۈپ كەتكەن يولدىشىغىمۇ، بالىلىرىغىمۇ ئېيتمىغانىكەن، ئۇ مېنىڭ سەن بىلەن بىر مەھەللىدە ياشايدىغانلىقىمنى بىلىپ، ماڭا ھەممە مەخپىيەتلىكنى سۆزلەپ بەردى. ئۆزۈڭمۇ ئاپام ئاشۇ تەرەپتە، دەپ يۈرەتتىڭ، خۇدا بۇيرۇسا، ئەمدى كۆرۈشىدىغان بولدۇڭلار، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن شۇ ـ دە، ئاكا.

سۇلتان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . . .

— يىغلىما سۇلتان ئاكا، بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولساڭ بولىدۇ،— دېدى خالمەمەت.

— يىغلىماڭ سۇلتان، يامان بولىدۇ،— دېدى سۇلتاننىڭ ئايالى ھەجەر ئىشىكنىڭ قېشىدا تۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇكام. سەن مېنى ئاپام بىلەن كۆرۈشتۇر، بىز قازاقىستانغا بىللە چىقايلى.

— ئاپاڭ ئۆزى كېلىدىغان بولدى سۇلتان ئاكا، يولغا چىققان كۈنى ماڭا تېلېفون قىلىدىغان، مېنىڭ ھېلىقى قەھرىمان دېگەن شېرىكىم ئاپاڭنى بىللە ئېلىپ كېلىدىغان بولدى . . .

سۇلتان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر ھازاغىچە كۆز يېشى قىلدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، خالمەمەت خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاپامنى تېپىپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن ساڭا مىڭ رەھمەت ئۇكام، بۇ ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا. ئەمىسە كۆرۈشۈپ تۇرايلى ئۇكام، مەن ئەتە سېنى يوقلاپ بارىمەن. . .— دېدى سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ، خالمەمەتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

— سەن خاتىرجەم بول سۇلتان ئاكا، مەلىكە ھەدەم يولغا چىققاندا مەن ئۆزۈم سېنى چېگرا ئېغىزىغا ئېلىپ چىقىمەن. خەير خوش، ئامان بول، ياخشى چوش كۆر! — دېدى خالمەمەت.

سۇلتان خالمەمەتنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىنى ھاياجان باسقانىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە يىغلىدى.

— يامان بولىدۇ سۇلتان، يىغلىماڭ. ھەر كۈنى خۇدادىن

ئاپام بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسام، دەپ تىلەيتتىڭىزغۇ، مانا خۇدايىم ئەمدى سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىدىغان بولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولسىڭىز بولىدۇ،— دېدى ھەجەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— سېنىڭ دېگەن داداڭمۇ، ئاپاڭمۇ بار، مېنى چۈشەنمەيسەن،— دېدى سۇلتان كۆز ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خالمەمەت ئۆيگە كىرىپتىكەن، ماڭا ھەممە ئىشنى دەپ بەردى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاپىڭىز مۇشۇ ئاينىڭ ئىچىدە چېگرىدىن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۆيلەرنى ئاقارتىپ تازىلاي، ئورۇن - كۆرپىلەرنى سۆكۈپ، يۇيۇپ، تەييار قىلىپ قوياي، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ. ئاپىڭىز كەلگەندىن كېيىن ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلار پەتە قىلىپ كېلىدىغان گەپ، ياخشىراق تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ،— دېدى ھەجەر.

— ھەي كوماك، ئاپىڭىز، ئاپىڭىز دەيسەنغۇ، ئاپام دېمەمسەن؟ — دېدى سۇلتان تېرىكىپ.

— خاپا بولماڭ . . .

— توغرا، ياخشى تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ خوتۇن، سەن تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىدىن بىرنەچچىنى چاقىرىپ كېلىپ، قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى قىلىۋەر. مەن ئەتە بازارغا كىرىپ، بىر - ئىككى قارا قوي ئېلىپ چىقاي، ئۇنى ئاپام كەلگۈچە باقايلى، ئاپام كېلىشى بىلەن نەزىر قىلمىساق بولمايدۇ،— دېدى سۇلتان.

ئانىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سۇلتاننىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئاشخانىسىنى ئېچىپ، شاگىرتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئايالى بىلەن بازار ئايلىنىپ سودا قىلىپ، ئانىسىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ

تەييارلىقى بىلەن ئالدىراپ يۈردى، ئىككى كۈندە بىر خالمەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئانىسىنىڭ چېگرىدىن قاچان ئۆتىدىغانلىق خەۋىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ تۇردى. ئۇ ھەر بارغاندا خالمەمەت ئۇنىڭغا ئانىسى بىلەن ئىنىسى قەھرىماننىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەتتى. كۈنلەر ئۆتمۈەردى، سۇلتان بۇ خۇشاللىقنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، ئەل ئاغىنىلىرىگە، تونۇش ـ بىلىشلىرىگە، ئاشخانىسىغا دائىم كېلىپ تاماق يەيدىغان چۆپقەتلىرىگە ئانىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى ھەققىدە سۆزلەپ يۈردى.

ئالىم سۇلتاننىڭ سامسىسىغا خۇمار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا پات ـ پات كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ سۇلتاننىڭ ئاشخانىسىغا كېلىپ سامسا يېدى. ئۇ سامسىنى يەپ بولۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، سۇلتان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، ئالىم ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ قالدى:

— ھە، سۇلتان ئاكا، بازاردىكى بالىلاردىن بىر خۇش خەۋەر ئاڭلايمەنغۇ؟

— شۇنداق ئۇكام، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاپام بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇم، ئاپام قازاقىستاندا ئىكەن. خالمەمەتنى تونۇيسەن، بۇ خۇش خەۋەرنى خالمەمەت ئېلىپ كەلدى. ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدى ـ دە! — دېدى سۇلتان خۇشخۇي ھالدا.

— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى خەۋەر ئىكەن سۇلتان ئاكا، ئاپاڭ كەلگەندە مەن يوقلاپ بارىمەن، چېگرىدىن پات يېقىندا ئۆتىدىغاندەكمۇ؟ — دېدى ئالىم.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى كېلىپ قالىدىغاندەك، تۈنۈگۈن خالمەمەت بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئاپامنىڭ قەھرىمان دېگەن ئوغلى بىلەن، يەنى ئىنىم بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپتۇ، قەھرىمان: خۇدايىم بۇيرۇسا مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يولغا چىقىمىز،

دەپتۇ،— دېدى سۇلتان.

ئالىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەپ قىلمىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايى سەل تۇتۇلۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالىم بىلەن ئۇزۇنراق پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى، ئەمما ئالدىرىغاندەك دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— خوش ئەمىسە سۇلتان ئاكا، مەن بازارغا باراي، ئاپاڭ كەلسە ماڭا خەۋەر قىلىپ قويارسەن، مەن ئاپاڭنى يوقلاپ بارىمەن. ھە راست، ئاپاڭنىڭ ئىسمى نېمىتى؟

— مەلىكە.

— ھە، مەلىكە دە.

ئالىم سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بازاردا بالىسىنىڭ ئىش ـ ئوقىتىگە ئىش پۇشقى ئورنىدا قارىشىپ بېرىۋاتقان ئەختەم سۇلتاننىڭ ئانىسىنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئوغلىدىن ئۈچ كۈن كېچىكىپ ئاڭلىدىيۇ، جىم بولۇپ قالدى، چۈنكى شۇھامان ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل ئوي ـ خىيال كىرىۋالدى. « ئۇ قېرىغاندا ۋەتەنگە قايتقۇسى كېلىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇ خوتۇن مەن بىلەن جېدەل قىلارمۇ؟ مىراس ئالىمەن، دەپ تۇرىۋالامۇ؟ » دېگەن سوئال ئەختەمنىڭ ئوي ـ خىيالىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى. بۇ توغرىدا ئۇ ئالىم بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىشنىمۇ ئويلىدى، ئەمما يالتايدى. سەۋەبى، ئوغلىنىڭ سۇلتان بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ ياخشى مەسلىھەت كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى. ئەختەم بۇ توغرىدا ئايالى بىلەنمۇ، قېرىنداشلىرى بىلەنمۇ پاراڭلاشمىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، خالمەمەت سۇلتاننى ئاشخانىسىغا ئىزدەپ كەلدى. سۇلتان كۈلۈپ كېلىۋاتقان خالمەمەتنى كۆرۈپ، كۆزلىرى بىردىنلا پارقىراپ كەتتى.

— خوش خەۋەر سۇلتان ئاكا، مەلىكە ھەدەم ئەتە يولغا

چىقىپ، چۈشتە چېگرىغا يېتىپ كېلىدىكەن،— دېدى خالمەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاغزىڭغا ناۋات ئۇكام، خۇدايىم تىلىگىنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرەر. ئەمىسە بىز قاچان چېگرىغا بارىمىز؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا، بىزمۇ ئەتە ناشتىدىن كېيىن يولغا چىقساق بولا، چېگرىغا بالدۇرراق بارايلى. قورساقنى ياخشى تويغۇزۇپ كۈتۈپ تۇرمامدۇق؟ ھەدەم ئۆيدە ھاردۇق ئېشى قىلىپ تۇرسۇن، بىز خۇدايىم بۇيرۇسا، مەلىكە ھەدەمنى چۈشتىن كېيىن ئېلىپ كېلىمىز،— دېدى خالمەمەت.

سۇلتان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ ئاشخانىنى شاگىرتلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇدۇل ئۆيىگە باردى ۋە ئانىسى ئەتە چېگرىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئايالىغا ئېيتتى.

— ئەمىسە مەن بۈگۈن تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىۋېتەي، ئۇلار ئەتە چۈشتە بىزنىڭ ئۆيگە يېتىپ كەلسۇن. بىز سىز دېگەندەك تاماق قىلىپ تەييار بولۇپ، يولۇڭلارغا قارايلى،— دېدى ھەجەر.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ياخشىراق تەييارلىق قىلىڭلار، ئەتە جىق ئادەم كېلىدۇ،— دېدى سۇلتان.

شۇ ئاخشىمى سۇلتان ئۇچۇن تاڭ ئاتماس بىر كېچە بولدى. ئۆتكەنكى يىللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئاشۇ ئېغىر يىللاردا ياكى كېيىنكى ئازادە يىللاردا بولسۇن، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. ئۇ قازاقىستانغا چىقىپ تىجارەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپمۇ ئانىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغانىدى. . . دېمەك، ئۇ دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما بىر ئۆمۈر كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئانىسى بىلەن ئەتە كۆرۈشىدۇ. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ يۈرىكى قىنىغا پاتماي قالغان، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئايالى ئاللىقاچان ئۇخلاپ

بولغانىدى. ئاشۇ ئېغىر كۈنلەر يەنە ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى، كۆز يېشى قورۇق باسقان يۈزلىرىگە سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىپ، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئاسماندىكى چىرايلىق يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەتراپ شۇقەدەر تىنچ ئىدى، ئۇ ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پېتىپ كەتتى.

— تۇرۇۋاپسىزغۇ؟ — دېدى ھەجەرمۇ ئويغىنىپ.

— ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ...

— ئەتە خالمەمەت كىچىك ماشىنىسىنى بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىغا ئەكىلىمەن، دەپتۇغۇ؟

— ھەئە...

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇنچە تەقەززا بولۇش ھاجەتسىز، يېتىپ ئۇخلاڭ.

— ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ خوتۇن. كاللامغا نۇرغۇن ئىشلار كىرىۋالدى، باللىق دەۋرىم، ئۇستام سوپىكام بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. رەھمەتلىك ئۇستام بولغان بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەتتى - ھە، خوتۇن! يەنە ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمۇ كاللامغا كىرىۋالدى. ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەپ، ئويلاپ باقسام، يېتىملىكتە جىق جاپا تارتىپتىمەن. بۇ دۇنيادا ھەققەتەن ياشىماق بەك تەس ئىكەن خوتۇن، بولۇپمۇ مەندەك يېتىملارنىڭ، ماڭا ئوخشاش ھارامدىن بولغان ئادەمنىڭ كۈن ئالمىقى بەكمۇ تەس ئىكەن، ھالال ئىش قىلساڭمۇ خەقلەر سېنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن. بەزىلەر ئۆزلىرىنى بىر مۇسۇلمان، دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇسۇلماندەك ئىش قىلمايدىكەن. ئىشتان بېغى بوش ئادەم

ئۆزىگىمۇ قىلمىدىكەن، بالىلىرىغىمۇ قىلىپ قويىدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا مەن مالىك دادامنىڭ ئالدىغا كىرىپ، «دادا» دېسەم، مېنى بىر ئېغىزمۇ «بالام» دەپ چاقىرىپ قويمىدى، مەن ئۇنىڭ مېنى «بالام» دەپ چاقىرىشىنى قانچە ئارزۇ قىلغانىدىم ـ ھە؟ ! ئەمما ئۇ ھاڭگا ئېشەك بالىسىغا ئىگە بولمىغاندەك ئىش قىلدى. ئۆزۈمنىڭ دادىسىدىن ماڭا كەلگەن ۋاپا شۇ تۇرسا، خەقلەر مېنى نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋېرىدۇ، نېمە قىلغۇسى كەلسە قىلىۋېرىدۇ ـ دە! كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىپ قالدى خوتۇن، ياۋاش ئادەم ھامان باشقىلارغا بوزەك بولۇپ كېتىدىكەن. ئەسلىدە مەنمۇ ئەختەم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قاتارىدا ياشايدىغان ئادەم ئىدىم، لېكىن ئۇ مېنى ئىت ئورنىدىمۇ كۆرمىدى. مەنمۇ بىر ئەر. . . ئەتە خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاپام بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسام، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئارمىنىم قالمايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ھازىرقىدەك كۈلۈپ ياشىغىنىنى بىر كۆرەي. . .

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز سۇلتان، توۋا دەڭ، ئۇلار قىلغان ئەسكىلىكنى بىز قىلمايلى، — دېدى ھەجەر.

— سېنىڭ گېپىڭ توغرا خوتۇن، بىراق مەن توۋا قىلغىنىم بىلەن بەزى ئادەملەر توۋا قىلمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن ئەختەم ئاقسۆڭەككە ھۈنەر كۆرسىتىمەن، — دېدى سۇلتان غەزەپ بىلەن.

— بۇنداق ياخشى كۈن، ياخشى ئايلاردا ئۇنداق گەپ قىلماڭ. كەتكەن ئىش كەتتى، خۇدايىم بۇيرۇسا تاڭ ئاتسا ئاپىڭىز بىلەن كۆرۈشىسىز!

سۇلتان ئايالىغا گەپ قىلمىدى، يەنە دېرىزە ئالدىدا يۇلتۇز قاپلىغان ئاسمانغا قاراپ ئولتۇردى. ھەجەر بېشىنى تەكيىگە قويۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. سۇلتان دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئارقا ـ ئارقىدىن

مەغرۇر خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلاندى. ھەجەر كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، سۇلتان ئاللىبۇرۇن قورۇغا چىقىپ كەتكەنىدى.

ھەجەر يۇز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، چايغا ئوت يېقىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا سۇ چاچتى، قورۇ ۋە دەرۋازا ئالدىلىرىنى سۇپۇردى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانىسىغا ياردەملەشتى.

سۇلتان بەش پەرزەنت كۆرگەنىدى، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل ئىدى. ئۇ ئۈچ ئوغلىنى ئۆيلۈك قىلىپ بولغانىدى، چوڭ ئوغلى بىلەن بىر قورۇدا ياشايتتى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوغلىغا ئايرىم - قورۇ - جاي قىلىپ بەردى؛ ئىككى كىچىك ئوغلى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئاشخانىدا ئىشلەيتتى. ھەجەر ھاياتىدا بىر قىز تۇغۇۋالسام بەك ياخشى بولاتتى، دەپ ھەسرەت چېكىپ ئۆتتى، لېكىن خۇدايىم ئۇنىڭ تىلىكىنى بەرمىدى. بەزى كۈنلىرى كەچتە ھەجەر ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندا، قىز تۇغۇش ئارمىنىنى سۆزلەپ ھەسرەت چېكىپ كېتەتتى، سۇلتان ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ ئوينايتتى:

— ئاۋارە بولما خوتۇن، سەن قىز تۇغالمايسەن، ئەگەر يەنە ئون بالا تۇغساڭ ھەممىسى ئوغۇل بولىدۇ. قارا، قوللىرىڭنىڭ بارماقلىرى نوغۇچتەك تۇرسا، قانداق قىز تۇغىسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتىگەندىلا بىر ئولتۇرۇشتا ماكىلدىتىپ شاما چايناپ، تۆت - بەش چىنە ئەتكەن چاي ئىچىسەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، قىز تۇغىدىغان خوتۇنلار باشقىچە بولىدۇ، زىلۋا، بەللىرى ئىنچىكە، ئاغزى كىچىك...

ھەجەر بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ تېرىكەتتى، ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ يېتىۋالاتتى، سۇلتان ئۇنى ئالداشقا چۈشەتتى، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنى ئېرىتىپ، ئۆزىگە قارىتاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەجەر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ،

«خۇدايىمنىڭ بەرگەن مۇشۇ كۈنلىرىگە شۈكرى» دەيتتى.

ناشتىدىن كېيىن، سۇلتان دەرۋازا ئالدىغا بىرنەچچە قېتىم چىقىپ كىردى. ئۇ خالمەمەتنىڭ ماشىنىسىنى كۈتۈپ تەقەززا بولماقتا ئىدى، خالمەمەت ھېچ كېلەي دېمەيتتى. ئىچى تىت ـ تىت بولغان سۇلتان قورۇغا كىرىپ، ئۆزۈم بارىڭىنىڭ ياغىچىغا ئېسىپ قويغان بىر كونا لۆڭگىنى ئېلىپ، دەرۋازىنىڭ كىشەك، قاناتلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— ۋاھ، سۇلتان ئاكا، بۈگۈن پەيزىڭ بارغۇ، دەرۋازىلارنى تازىلاپ كېتىپسىنا! — دېدى خالمەمەت ماشىنىسىنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇپ، ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ.

— ياخشى تۇرۇپسەنمۇ ئۇكا؟ دەرۋازىنى تازىلاپ قويدۇم. كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، باپامدىن بېرى بىرنەچچە قېتىم چىقىپ يولۇڭغا قارىدىم، كەلمىدىڭ، شۇنىڭ بىلەن دەرۋازىنى تازىلاشقا چۈشۈپ كەتتىم. ماڭىمىزما؟ — دېدى سۇلتان قولىدىكى لۆڭگىنى قورۇدىن چىقىپ تۇرغان ئايالىغا تۇتقۇزۇپ.

— ماڭايلى سۇلتان ئاكا، ئېغىزغا بالدۇرراق چىقىپ تۇرمايمىزمۇ، — دېدى خالمەمەت.

ئۇلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ھەجەر بىلەن باللىرى، كېلىن، نەۋرىلىرى ماشىنا چوڭ يولغا ئەگىلگۈچە كۆزلىرىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرۇشتى.

سۇلتانلار چېگرىغا يېتىپ باردى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغاندا، قازاقىستان تەرەپتىن كەلگەن يولۇچىلار چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتتى. ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى، خالمەمەت ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىدا شېرىكى قەھرىماننى كۆرۈپ قالدى.

— كۆردۈم سۇلتان ئاكا، ئاپاڭ بىلەن قەھرىمان كېلىۋاتىدۇ، — دېدى خالمەمەت.

— قايسىسى ئاپام بولىدۇ؟ مېنى ئاپامغا تونۇشتۇر

ئۇكا، — دېدى سۇلتان ھاياجانلىنىپ.

قەھرىمانمۇ خالمەمەتنى كۆرگەندى. ئۇنىڭ يېنىدا سەكسەن ياشلار ئەتراپىدا بىر ياشانغان ئايال بار ئىدى. بۇ كېلىشكەن ئايال روھلۇق قەدىمى بىلەن قەھرىمانغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. خالمەمەت خۇشخۇي ھالدا قەھرىمان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى چامىدانىنى ئالدى ۋە قەھرىماننىڭ يېنىدىكى ياشانغان ئايالغا سالام بەردى:

— سالامەت تۇرۇپسىز ھەدە، مانا بۇ ئاكامنىڭ ئىسمى سۇلتان بولىدۇ، سىزنىڭ ئوغلىڭىز. . .

— ئاپا! . . .

سۇلتان ھاياجىنىنى باسالماي، خالمەمەتنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن ئاپا، دەپ ۋارقىراپ مەلىكە ھەدىگە ئۆزىنى ئاتتى، مەلىكە ھەدىمۇ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئىسسىق ياش ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزلىرىگە ئېقىپ چۈشتى، سۇلتان ئانىسىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، ئۇ يۈزىنى ئانىسىنىڭ يۈزىگە يېقىپ ئۇن سېلىپ يىغلايتتى.

— سۇلتان، جېنىم بالام، مېنى كەچۈر . . . — دېدى مەلىكە ھەدە يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئۆيگە بارايلى ھەدە، تۇغقانلار ئۆيدە قاراپ قالدى . . . — دېدى خالمەمەت.

— قەھرىمان، مانا بۇ سېنىڭ ئاكاڭ سۇلتان. . . — دېدى مەلىكە ھەدە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى كۆرۈشتۈرۈپ.

— ئاپامنى ئېلىپ كەلگىنىڭىزگە مىڭ رەھمەت ئۇكام، — دېدى سۇلتان قەھرىماننى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى. كۈلۈمسىرەپ تۇرغان خالمەمەت ماشىنىسىنى قوزغاپ، شەھەرگە قاراپ ھەيدىدى. مەلىكە ھەدىنىڭ كۆز يېشى توختىمىدى، ئۇ سۇلتاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، چىرايىغا قاراپ ئولتۇراتتى. سۇلتاننىڭ كۆزلىرى

قويۇپ قويغاندەك ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى. ئۇ ئەينى يىللاردىكى ئىشلارنى ئويلىسا، ئۆزىنى كەچۈرمەيتتى، چۈنكى ئۇ سۇلتاننى بەكمۇ كىچىك تاشلاپ كەتكەنىدى...

— يىغلىماڭ ئاپا، — دېدى سۇلتان ئانىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— يىغلىماي دېسەممۇ ئۆزۈمنى تۇتالمايۋاتىمەن بالام، مەن يىغلىماي كىم يىغلايدۇ بالام؟...

سۇلتاننىڭ كۆزلىرىمۇ ئانىسىدا ئىدى، ئۇ ئانىسىغا ئەۋلىياغا قارىغاندەك قاراپ ئولتۇراتتى. ئاشۇ يىللاردا ئۇ ئانىسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپمۇ كەلتۈرەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئانىسىنى كۆردى، ئانىسى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مېھرىبانلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. سۇلتان يەنە ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاۋەتتى...

ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ماشىنا سۇلتاننىڭ قورۇسى ئالدىدا توختىغاندا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان تۇغقانلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، مېھمانلارنى قارشى ئالدى.

سۇلتان ئاۋۋال ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئانىسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ چۈشۈردى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا بارغاندا، ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام قىلىپ، يەنە بىر قولتۇقىنى تۇتقان ئايالنى ئانىسىغا تونۇشتۇردى.

— ئاپا، بۇ سىزنىڭ كېلىنىڭىز بولىدۇ، ئىسمى ھەجەر.

— ياخشى تۇرۇپسىز قىزىم، خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن! — دېدى مەلىكە ھەدە ھەجەرگە قاراپ.

مېھمانلار ساراي ئۆيگە كىردى، تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى، سۇلتاننىڭ ئوغۇل، كېلىن، نەۋرىلىرىمۇ ساراي ئۆيگە كىردى، سارايغا پاتمىغانلىرى دالان ئۆيدە ئولتۇردى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان مومايدا — مەلىكە ھەدىدە ئىدى.

— قېنى ئاپا ئەمىسە، بىر دۇئا قىلىپ بەرسىڭىز! — دېدى سۇلتان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

مەلىكە ھەدە قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

يىگىتلەر چاققانلىق بىلەن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ، داستىخان سالدى. بىر - ئىككى پىيالە چاي ئىچىلە - ئىچىلمەستىن سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى يوغان قۇيرۇقلۇق، سېمىز قارا قوينى بويىندىن تۇتۇپ دالانغا ئېلىپ كىردى، سۇلتان مېھمانلارنىڭ پەتە بېرىشىنى ئۆتۈندى، قەھرىمان قول كۆتۈردى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇ پەتە بېرىپ بولغاندىن كېيىن سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى قوينى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ سويدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە گۆشنى پارچىلاپ بولدى.

چايدىن كېيىن مېھمانلار ئۆي ئىگىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. شۇ ئارىدا ھەجەر كېلىنلىرى بىلەن ھاردۇق ئېشى — ئۇزۇپ تاشلىغان سۇيۇق ئاشنى تەييار قىلىپ ئۈلگۈردى . . .

تاماقتىن كېيىن سۇلتان ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى «ئارام ئېلىۋېلىڭلار» دەپ، ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىغان ئۆيگە باشلىدى.

تۇغقانلارنىڭ كېتىدىغىنى كەتتى، قالىدىغىنى قالدى. ھەممە ئادەم خۇشاللىقتا چۆمگەندى، سۇلتانمۇ ئانىسىنى كۆرگىنى ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن ئولتۇرالماي قالغانىدى. ئۇ بۇ كېچىمۇ بىر ۋاقىتلارغىچە كۆز يۇممىدى.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ مەھەللىدىكى قوشنا - قولۇملار پەتە قىلىپ كىرىشكە باشلىدى. سۇلتان ئايالى بىلەن كىرگەن - چىققان مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، بىردەممۇ ئارام ئالالمىدى. چۈشتە كېلىنلەر تاماق تەييار قىلدى. تاماقتىن كېيىن، مەلىكە ھەدە

سۇلتان بىلەن كېلىنىگە قاراپ:

— تۆتىمىز بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى بالىلىرىم. بەزى ئىشلارنى قەھرىمانمۇ بىلمەيدۇ. . . خوش، نېمە دەيمەن بالام ئەمدى؟ بەكمۇ ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئۆز ۋاقتىدا مەن سېنى تاشلاپ كېتىپ قالدىم، مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە ئىزا تارتماي سېنى بالام، دەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھەي، نېمىدېگەن رەھىمسىز جاھان بۇ، مەنمۇ نېمىدېگەن نادان، ئەخمەق ـ ھە؟ . . . ئەمدى «ئازماس ئاللا» دەپتىكەن، بىر لا ئېغىز گەپ قىلىمەن بالام، مېنى كەچۈر. مەن ساڭا بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ راستىنى ئېيتسام، مەن سەندىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈنلا كەلدىم بالام. مېنى كەچۈر، مەن سېنى تاشلىۋەتكىلى بەكمۇ ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتىغۇ بالام . . .

مەلىكە ھەدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. باشقىلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىمىدە ئولتۇرۇپ كېتىشتى، سۇلتانمۇ مىشىلداپ يىغلىدى. ھەجەر قېيىنانىسىغا سەپسېلىپ قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى.

سۇلتان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئانىسىغا قاراپ:

— يىغلىماڭ ئاپا، بىز خۇدا نېسىپ قىلىپ دىدار كۆرۈشتۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ كەلدىم، مانا ئەمدى مېنى خۇدايىم مۇرادىمغا يەتكۈزدى. . . — دېدى.

— مەن گۇناھىمنى ياخشى بىلىمەن بالام، سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكارمەن، سېنى تۇغقىنىم بىلەن، سېنى قېشىمدىكى بالىلىرىمغا ئوخشاش بېقىپ قاتارغا قوشالمىدىم. مەن ئۆز ۋاقتىدا سېنى تۇغقانلارغا تاپشۇرۇپ، ئاشۇ ياققا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقى ئايال خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى

قىلىپ ياشىدىم، ماڭا بۇنىڭدىن باشقا جان بېقىش يولى يوق ئىدى. مەن ئۇياقتا سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇم، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مەنمۇ تەڭ يىغلىدىم، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا چېگرا سودىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دائىم ئانا يۇرتۇمدىن بارغان سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردۇم. سېنى بىلىدىغان ئادەملەر بەك جىق ئىكەن، ئۇلار ماڭا يەنە سوپى قۇلاق دېگەن ئۇستاڭنىڭمۇ گېپىنى قىلىپ بەردى. خۇداغا مىڭ شۈكرى، مانا ماكان تۇتۇپسەن، بالىلىق بوپسەن، نەۋرە كۆرۈپسەن، سەن ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم بولساڭمۇ، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى بىلەن شۇنچىلىك كۆكلىگىنىڭنى ئۇقۇپ، كۆپ خۇشال بولدۇم، ئۆمرۈڭنى تىلەپ دۇئا قىلدىم. خۇدايىم بالىلىرىڭنىڭ رىزىقىنى بەرسۇن، ئۆمرىنى بەرسۇن بالام. . . . نېمىدەيمەن بالام ئەمدى؟ سېنى تاشلىۋەتكىنىمنى ئويلىساملا تۈگىشىپ كېتىمەن. تەقدىر شۇنداق ئىكەن بالام، خۇدايىم بېشىمغا شۇ كۈنلەرنى ساپتۇ. ئەمدى ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئۇ ياقتىكى تۇرمۇشۇمنى سۆزلەپ بېرەي: مەن ئۇ ياققا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇنغىچە ئاشۇ ئايال خوجايىنىم زەمىرە خانىمنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئايال خوجايىنىلا بىلەتتى، بەزى كۈنلىرى ئۇ مەندىن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورايتتى. مەن ئۇ خانىمنىڭ خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى قىلغانىدىم، يىللار ئۆتۈپ، خانىم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن دۇنيالىرىنى ماڭا بېرىۋەتتى. خانىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن خانىم بەرگەن پۇلغا تايىنىپ ياشىدىم، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مۇنۇ ئىنىڭ قەھرىمانىنىڭ دادىسى بىلەن توي قىلدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئابلىز، ئالمۇتادىكى چوڭ بىر باسما زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتكىلى بەش يىل بولدى. خۇدايىم

بۇپىرۇسا، ئۇياقتا ئۈچ ئىنىڭ، ئۈچ سىڭلىڭ بار، مانا بۇ قەھرىمان ئەڭ كىچىك ئىنىڭ بولىدۇ. رەھمەتلىكتىن ئايرىلغاندىن بېرى قەھرىمان بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن، ئىنىلىرىڭ، سىڭىللىرىڭ كۆڭدە دېگۈدەك مېنى يوقلايدۇ، ئۆيگە تېلېفون قىلىپ تۇرىدۇ. خۇداغا شۈكرى، تۇرمۇشۇم يامان ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بېرى قەھرىمان ئاكىسى قۇتلۇق بىلەن تىجارەت قىلىپ خېلى پۇل تاپتى، مەن سېنىڭ بارلىقىڭنى، سەن بالام ئىككەنلىكىڭنى ئابلىزدىن سىر ساقلاپ كەلگەن، ئۇ بۇيەردە بىر بالام بارلىقىنى بىلسە، مېنى تاشلىۋەتسە، ياقا يۇرتتا خارلىنىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، سېنىڭ گېپىڭنى قىلالمىدىم. ئۇ رەھمەتلىك سەندەك بىر ياخشى ئوغلۇم بارلىقىنى بىلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ھەي بالام، ھەي بالام، ساڭا نېمە دەيمەن ئەمدى؟ تۇرمۇش دېگەن بىر قارىساڭ بەكمۇ سىرلىق، مۇرەككەپ، بىر قارىساڭ، بەكمۇ ئاددى بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. شۇڭا مەن بەزى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئابلىزغا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئېيتمىغانىدىم. قازاقىستاندا قالغان ئىنىلىرىڭ بىلەن سىڭىللىرىڭمۇ مۇشۇ قېتىم ۋەتەنگە سېنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلمەيدۇ، مەن سەن توغرىلىق قەھرىمان ئۇكاڭغىلا دېگەنىدىم...

سۇلتان ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاۋەتتى، ھەجەرنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

— يىغلىما سۇلتان ئاكا، خۇدايىم ئاخىر بىزنى كۆرۈشتۈردى، يارانقان ئىگەمگە مىڭ رەھمەت، — دېدى قەھرىمان.

كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭ بولۇۋاتاتتى، بىرنەچچە كىشى پەتە قىلىپ كىرگەچكە، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

مەلىكە ھەدە ئۈچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ سەھراغا چىقتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى

سەھرادىكى تۇغقانلار سۇلتاننى تاشلىۋەتكەن، ئىزدىمەي قويغان، ئۆزئارا باردى ـ كەلدىمۇ توختاپ قالغاندى. ئۇلار مەلىكە ھەدە بىلەن ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى، ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، ئۇلار مەلىكەنى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتتى، دەپ قارىشاتتى. شۇڭا، مەلىكە ھەدىنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن خىجىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال بولۇشتى ۋە ئۆيمۇ ئۆي باشلاپ يۈرۈپ مېھمان قىلدى. مەلىكە ھەدە سەھرادا بەش كۈن تۇرۇپ، شەھەرگە قايتىپ كىردى. شەھەردە ئۇنىڭ باردىغان يېرى يوق دېگۈدەك ئىدى، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى سەھرادا، تاغدا ئۆتكەن، بۇ شەھەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يات ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر ئاي ۋاقتىنى سۇلتاننىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى.

بىر كۈنى سۇلتان ئانىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈزۈكنى مەلىكە ھەدىگە بەردى.

— بۇ دادامدىن قالغان ھېلىقى ئۈزۈك ئاپا، ئەمدى بۇ ئۈزۈكنى ئۆزىڭىز ساقلاڭ.

مەلىكە ھەدە ئۈزۈككە ئۇزۇنغىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇ سۇلتاننىڭ بۇ ئۈزۈك ئۈچۈن تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، سىلاپ تۇتۇپ كۆردى، ئۈزۈكتىكى «مالىك» دېگەن خەت بۇرۇنقىدەكلا پارقىراپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى ۋە ئۇ بۇ ئۈزۈكتىن نەپرەتلەندى.

— بۇ ئۈزۈكنى ئۆزۈڭ ساقلا بالام، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بۇ ئۈزۈك ساڭا ئەسقىتىپ قالىدۇ. مېنىڭچە بولسىغۇ بۇ ئۈزۈكنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ يوق قىلىۋەتكەن ياخشى، لېكىن داداڭنىڭ تەۋەررۈكى، ساقلاپ قوي. ئەسلىدە مەن بۇ ئۈزۈكنى ئۆز زامانىسىدا ساڭا قالدۇرمىسام، تاشلىۋەتسەم بوپتىكەن، بۇ ئۈزۈك ساڭا بەكمۇ كۆپ ئىش تېپىپ بېرىپتۇ.

كونىلارنىڭ «بىرنىڭ كاساپىتى مىڭگە» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ بالام، — دېدى مەلىكە ھەدە.

سۇلتان ئانىسىنىڭ قولىدىن ئۆزۈكنى ئالدى. دېمىسىمۇ ئۇ بۇ ئۆزۈكنىڭ كاساپىتىدىن جىق رىيازەت چەككەنىدى، ئۇ ئانىسىغا تەسەللى بەردى، لېكىن كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى . . .

## 23

مەلىكە ھەدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ ئانا تۇپراقتا ئۈچ ئاي ياشىدى. ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن يىغىسى كۆپ بولدى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشلار كۆز ئالدىدا تولا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئاجىزلىشىشقا باشلىغان يۈرىكىنى مۇجۇپ ئازابلىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئەينى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆزىدىن كۆردى، ئۆزىگە ئۆزى نەپرەتلەندى، ھەسرەت چەكتى. . . شۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇ سەھراغا ئىككى قېتىم چىقتى، ئىككىنچى قېتىم چىققىنىدا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزدى. بۇنداق نەزىرنى شەھەردە بالىسى سۇلتاننىڭ ئۆيىدە ئىككى قېتىم ئۆتكۈزدى ۋە چېگرىدىن ئۆتكىنىگە ئۈچ ئاي توشقان كۈنى سۇلتان بىلەن يىغلىشىپ خوشلىشىپ، قازاقىستانغا چىقىپ كەتتى.

سۇلتان ئانىسىنى يولغا سېلىپ بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇ روھلۇق، ئانىسىنى كۆرۈپ، ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەلىكە ھەدىنىڭ ئاشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئانىلىق

مېھرى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك روھىي ئوزۇق بولغانىدى. شۇڭا ئۇ شۇقەدەر خۇشال ئىدى، تېتىك كۆرۈنەتتى. مانا ئەمدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ياشاشقا باشلىدى.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان يەنە ئالىمنى پات - پات ئاشخانىسىغا چاقىرىپ مېھمان قىلىپ تۇردى. ئالىم ئەمدى تونۇر كاۋىپىغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى، سۇلتان ئۇنىڭ مىجەزىگە ماسلىشىپ، تۆت - بەش كۈندە بىر قېتىم بازاردىن پاقلاننىڭ گۆشىنى ئەكىلىپ، چۇشكە ئۇلگۇرتۇپ تونۇر كاۋىپى پۇشۇرۇپ قوياتتى.

بۈگۈن سۇلتان يەنە ئالىم ئۈچۈن بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى تونۇرغا سېلىپ پۇشۇرۇپ قويغانىدى، كاۋاپ تەييار بولۇشىغا ئالىم كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. سۇلتان ئۇنى ئۇستەلگە باشلىدى، چاي قۇيدى، دورا - دەرمانلىرى سىڭىشىپ، قىزىرىپ پىشقان بىر لىگەن تونۇر كاۋىپىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى.

— سۇلتان ئاكا، سىزنى بەك ئاۋارە قىلىپ كېتىۋاتىمەن جۇمۇ،— دېدى ئالىم ئالدىدىكى مېزىلىك پۇراپ تۇرغان كاۋاپقا قاراپ قويۇپ، خىجىل بولغاندەك بولۇپ.

— بۇ نېمىدېگىنىڭ ئۇكام، مەن كىم، سەن كىم؟ بىز ئۆزئارا بۇنداق سۆزلەرنى دەپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە سېنىلا كۆڭلۇم تارتىدۇ، مەن ساڭا ئامراق ئۇكام، سېنى كۆرسەم كۆڭلۇم ئارام تېپىپ قالىدۇ،— دېدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئالىمغا بۈگۈنكى تونۇر كاۋىپى بەكمۇ تېتىپ كەتتى. ئۇ توختىماي سۇلتاننىڭ كاۋىپىنى ماختىغىلى تۇردى.

— رەھمەت ئۇكام. سەن مېنى چۈشىنىسەن، شۇڭا مەن ساڭا ئامراق. قېنى، مېنىڭ مۇنۇ نوچى گىلىزەمدىن بىر تال چېكىپ قوي، ئامېرىكىنىڭ گىلىزىسى ئىكەن، تۈنۈگۈن بازاردىن ئالغانىدىم،— دېدى سۇلتان ئالىمغا بىر تال تاماكا

تەڭلەپ.

ئالىم سۇلتاننىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ تۇتاشتۇردى.

— ۋاھ، ئاجايىپ ياخشى تاماكا چېكىدىكەنسىنا ئاكا؟ پەيزىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، — دېدى ئالىم تاماكىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىگە تارتىپ.

— قېرىدىم ئۇكا، بۇ ئۆمرۈمدە تارتمىغان جاپايىم قالمىدى، ئەمدى تاماكىنىڭ بولسىمۇ ياخشىسىنى چېكەي ـ دە، — دېدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ. بىراق، ئۇنىڭ دىققىتى ئالىمنىڭ قولىدىكى تاماكىدا ئىدى.

— ئۆتكەندە مەلىكە ئاپىمىز كەلگەندە بىرنەچچە قېتىم ئۆيگە چاقىرىۋالاي، دېسەم ئۇنىماي كەتتىڭ، سەنمۇزە بەزىدە بەك جاھىللىق قىلىپ كېتىسەن جۇمۇ سۇلتان ئاكا.

— ئۇنداق ئەمەس ئۇكا، بەزى گەپلەرنى مەن دېمىسەممۇ سەن ياخشى بىلىسەن، ئاپام ئۇنىماي تۇرىۋالدى. ئەگەر ئاپام ئۇنىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە ئاپامنى ئۆيۈڭگە ئاپىراتتىم، ئۇنىڭ نېمىشقا سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى سەن چۈشىنىسەن.

— مەنغۇ بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنىمەن. سېنىڭ دادام بىلەن بولغان زىددىيىتىڭنىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن، بىراق مەن سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا ئارىلاشمايمەن. چۈنكى، بۇنداق ئىشلاردا مېنىڭمۇ تۇتقان يولۇم بار، مەن باشقىلارغا دۈشمەن بولۇشنىمۇ خالىمايمەن، ئۆزۈمگە دۈشمەن كۆپەيتىۋېلىشنىمۇ خالىمايمەن. مەن ئامال بار ھەممە ئادەم بىلەن قۇچاقلىشىپ ياشسام، دەيمەن، شۇڭا مەن سەن بىلەن غەرەزسىز باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. مېنىڭ بۇنداق قارىشىمنى نۇرغۇن ئادەملەر چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنسۇن، چۈشەنمىسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى، لېكىن مەن باشقىلارنىڭ مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلىشىشىنى

ياقتۇرمايمەن، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ تۇتقان يولى بويىچە ئىش قىلىشىم، ياشىشىم كېرەك ـ دە.

سۇلتان ئالىمنىڭ ئاغزىغا قاراپلا ئولتۇراتتى. ئالىمنىڭ گەپلىرى ئۇنى يەنە ئويلاندۇردى، ئۇ دېرىزە تەرەپكە قاراپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ ئالىمنىڭ گېپىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئالىمنىڭ قولىدىكى تاماكىدا ئىدى. ئالىم تۈگەي دەپ قالغان تاماكىنى ئۇزمەي بىرنەچچە قېتىم شوراۋېتىپ، كۆتىكىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا تاشلىدى.

— توغرا دېدىڭ ئۇكام، شۇڭا مەن ساڭا قايىل، سەن بىلەن مۇشۇنداق مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا ئامراق. سەن ئوقۇغان، ئالىي مەلۇماتلىق بالا، بۇنداق ئىشلارنى ماڭا قارىغاندا بەكرەك ياخشى چۈشىنىسەن، مەيلى كەتكەن ئىش كەتتى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات . . . ، رەھمەتلىك ئۇستام دائىم «جان باققان نوچى» دەيدىغان، جان باقايلى، — دېدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ۋاھ، تاماكاڭ ئاجايىپ ياخشى تاماكىكەنا! ئامېرىكىنىڭ دېدىڭ ـ ھە، مۇشۇ ئامېرىكىلىق گۈيلارمۇزە، ھەممە ئىشنى ئوخشىتىدىغان خەق ئىكەن، ئاجايىپ ئېسىل تاماكىكەنا، ئەكىلە يەنە بىرنى، ئاجايىپ پەيزە قىلىۋاتىمىنا! — دېدى ئالىم.

سۇلتان يېنىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ، ئالىمغا بىر تال تۇتتى، ئالىم تاماكىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇتاشتۇردى.

— ھەقىقەتەن ياخشى تاماكا ئىكەن، — دېدى ئالىم تاماكىنى كەينى ـ كەينىدىن شوراپ.

— ئالىم، بىر قورۇ ـ جاي ئالاي دېگەنىدىم، سىلەرنىڭ مەھەللە تەرەپتە ساتىدىغان ياخشىراق قورۇ ـ جاي چىقىپ قالسا، ماڭا خەۋەر قىلىپ قويساڭمۇ بوپتىكەن.

— ھە، قورۇ ـ جاي ئالاي، دەپسەن ـ دە، بولىدۇ، مەن ئاغىنىلىرىمغا ئېيتىپ قوياي. ياخشى قورۇ ـ جاي تاپالىشىمىزدا گەپ يوق، خاتىرجەم بول. ھە، ھازىرقى قورۇ ـ جايىڭدىن كۆچۈپ كېتەي دەپسەن ـ دە؟

— بۇ جاينى بالىلارغا بېرىپ، ئۆزۈم بىر جاي ئالاي، دەپ ئويلاۋاتىمەن. بالىلار چوڭ بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزلىرى قىلمامدۇ؟

— ياخشى گەپ. خاتىرجەم بول سۇلتان ئاكا، خۇدايىم بۇيرۇسا، ساڭا ياخشى بىر قورۇ ـ جاي تېپىپ بېرىمەن. بۇ ئىشىڭغا مەن ياردەم قىلىمەن،— دېدى ئالىم ھەدەپ تاماكا چەككەچ.

ئالىم قولىدىكى تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ، كۆتىكىنى تاشلىۋەتتى. بۇ تاماكا ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل تاماكا ئىدى، خۇش پۇراقلىق ئىدى. ئۇ سۇلتاندىن يەنە سورىدى.

— سۇلتان ئاكا، بۇ تاماكاڭ بەك ياخشى ئىكەن جۇمۇ، چەككەنسېرى چەككۈسى كېلىدىكەن ئادەمنىڭ، ئەكىلە يەنە بىر ـ ئىككى تال، ئالغاچ كېتىپ چېكەي.

— ئامېرىكىنىڭ تاماكىسى ـ دە، ئۇكام بۇ، بۇ تاماكىنى بىر چېكىپ قويغان ئادەم ئاسانلا خۇمار بولۇپ قالىدۇ. بوپتۇ بولمىسا، چەككۈڭ بولسا چەك، مە.

سۇلتان ئالىمغا يەنە بىرنەچچە تال تاماكا بەردى. ئالىم يان يانچۇقىدىن ئاغزى ئېچىلغان تاماكا قېپىنى چىقىرىپ، سۇلتان بەرگەن تاماكىلارنى سېلىپ قويدى.

— ئىش ـ ئوقىتىم ھەرھالدا ياخشى كېتىۋاتىدۇ سۇلتان ئاكا، خۇداغا شۈكرى. قورۇ ـ جايىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بول، ھەممە ئىشىڭنى ئۆزۈم توغرىلاپ بېرىمەن. ماڭا قىلىۋاتقان ياخشىلىقىڭنى بىلگۈچىلىكىم بار مېنىڭ. . .

ئالىم توساتتىن جىم بولۇپ قالدى، كۆزلىرى پارقىراشقا

باشلىدى. سۇلتان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:
— ئەمدى ساڭا دېمەيدىغان گەپ ئىدى ئۇكام، دېمىسەم بولمىدى، ئۆتكەندە ساڭا پاي قىلىپ قوشقان يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى بېرىۋەتكەن بولساڭ، يېقىندا ئۆيدە ئازراق ئىش بولۇپ قالدى. قارىسام، قولۇم قىسقا كېلىپ قالدى، ئۇياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ ئاشۇ پۇلنى ئىشلىتەي، دېگەن يەرگە كەلدىم،— دېدى سۇلتان.
— پۇلدىن قىسىلىپ قاپسەن - دە؟ مەيلى‍ـــــڭ ئاكا، دەسمىرىڭنى ئېلىۋالىمەن، دېسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، سومكىمدا پۇل بار، هازىر بېرەيمۇ؟
— مەيلى ئۇكا.
ئالىم قارا سومكىسىنى ئاچتى. سومكىنىڭ ئىچىدە لىق پۇل بار ئىدى، ئۇ ئون يۈەنلىكتىن ئىككى باغلام پۇلنى ئېلىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا قويدى.
— مانا سۇلتان ئاكا، بۇ پۇلنىڭ بىر باغلىمى ئون مىڭ، ئىككى باغلىمى يىگىرمە مىڭ، سانىۋال.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئۇكام، سانىۋال دېگىنى‍ـــــڭ نېمىسى، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەنمۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس سۇلتان ئاكا، «بىكارغا پۇل بەرسىمۇ سانىۋال» دېگەن گەپ بار، هېسابات ئىشى ئوچۇق - ئاشكارا بولغان ياخشى.
سۇلتان پۇلنى سانىمايلا ئېلىپ چاپىنىنىڭ يانچۇقى‍ـــــغا سالدى. ئالىم بىر پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن سۇلتان بىلەن خوشلاشتى، سۇلتان ئۇنى ئۇزىتىپ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغىچە چىقتى. ئالىم كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇردى، ماتورىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ماشىنىنى قوزغىدى - دە، بىردەمدىلا سۇلتاننىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. سۇلتاننىڭ چىرايى بىردىنلا سەتلىشىپ كەتتى. . .

ئەتىسى سەھەردە، ئالىم سۇلتاننىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇردى. سۇلتان دەرۋازىنى ئېچىپ ئالىمنى كۆردى.

— ھوي، بۇ ئالىم ئىكەنغۇ، ئۆيگە كىر ئۇكام، ئۆيگە كىر. ئەتىگەندىلا بۇياققا كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى سۇلتان جىددىيلەشكەندەك بولۇپ.

— باشقا ئىش ئەمەس سۇلتان ئاكا، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، تۈنۈگۈنكى ھېلىقى تاماكاڭ بەك خۇمار قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاشۇ تاماكاڭدىن بولسا بىرەر، ئىككى پاشكا بەرگەن بولساڭ، دەپ كېلىشىم، — دېدى ئالىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر كېچىدىلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

— ھە، تاماكا سوراپ كەپسەن ـ دە، ئۆزۈڭ ئاۋارە بولۇپ كەلگۈچە تېلېفون قىلىۋەتسەڭ بولماسمىدى ئۇكام، ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ تاماكامنى ياخشى كۆرۈپ قاپسەن ـ دە؟ ئۆيگە كىر، ئالدى بىلەن ناشتا قىلايلى، تاماكا ئاشخانىدا قالغان، مەن باللارنى ئەۋەتەي، — دېدى سۇلتان.

— بولدى سۇلتان ئاكا، چاينى كېيىن ئىچىۋالىمەن. ئىككىمىز ئاشخاناڭغا بارايلى، تاماكاڭدىن ماڭا ئېلىپ بەر! بەك خۇمار قىلىدىغان تاماكا ئىكەن بۇ. . .

سۇلتان ئالىمنى باشلاپ بازارغا كەتتى. ئۇلار ئاشخانىغا بارغاندا، ئاشخانىدا يېتىپ ئىشلەيدىغان شاگىرت باللار ئاشخانىنىڭ تازىلىقىنى قىلىۋاتاتتى، سۇلتان ئاشخانىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپ، ئالىمغا بىر پاشكا تاماكا ئېلىپ چىقىپ بەردى. ئالىم تاماكىنى بۇزۇپ، ئالدىراپ بىر تال تاماكىنى ئاغزىغا سېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ ھەدەپ چېكىپ كەتتى.

— بۇ تاماكا سېنى ئاجايىپ خۇمار قىپتا ئۇكام؟ — دېدى سۇلتان.

— بىرەرنى چېكىپ قويامسەن سۇلتان ئاكا؟ — دېدى

ئالىم.

— ياق ئۇكام، مەن تېخى ناشتا قىلمىدىم.

— ئەمىسە تاماكاڭغا رەھمەت ئاكا، مەن كەتتىم، كەچتە كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئالىم.

ئالىم ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى. سۇلتان ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى شۇقەدەر سەتلىشىپ كەتكەنىدىكى، كۆرگەن كىشىنىڭ قورققىسى كېلەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئالىم يەنە سۇلتاندىن تاماكا سوراپ كەلدى.

— ھېلىقى گىلىزەڭدىن بەرمىسەڭ بولمىدى سۇلتان ئاكا، مەن چوڭ بولۇپ تاماكىغا بۇنداق خۇمار بولۇپ باقمىغان.

سۇلتان ئالدىراپ ئالىمغا بىر نېمە دېمىدى، ئاشخانىدا ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈپ مۇلازىمەت قىلىۋاتقان بالا ئالىمغا چاي قۇيۇپ بەردى. ئالىم سۇلتاندىكى ئۆزگىرىشنى بايقىيالمىدى، ئىلگىرى ئۇ قاچان كەلمىسۇن، ئۇنىڭغا سۇلتان ئۆزى چاي قۇيۇپ بېرەتتى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئاشخانىسىدىكى چايچى بالا چاي قۇيۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— بۇ ئىشىڭ يامان بوپتۇ ئۇكام. مەندىكى تاماكا تۈگىدى، تاماكا دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ، باشقا تاماكا ئېلىپ چەكسەڭمۇ ئوخشاش خۇمارىڭدىن چىقىسەنغۇ؟ مەن بالىلارنى ماگىزىنغا چىقىراي، ساڭا تاماكا ئەكىرىپ بەرسۇن.

— نېمە دەيدىغانسەن سۇلتان ئاكا، ئەگەر باشقا تاماكا چېكىپ خۇماردىن چىقىدىغان ئىش بولسا، سېنى ئىزدەپ كېلەتتىممۇ؟ ماڭا ئاشۇ تاماكاڭدىن بەرمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ئالىم چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ.

— ئۇ تاماكا مەندىمۇ تۈگىدى، بارىنى ساڭا بېرىۋەتكەنىدىم.

— ئۇ تاماكىنى قەيەردىن ئالغانىدىڭ؟
— بىرىيەرگە بېرىپ ئالمىغان، بىر خېرىدار ئېلىپ كەپتىكەن، شۇنىڭدىن ئالغانىدىم. باھاسى دەھشەت قىممەتكەن، شۇڭا جىق ئالمىغانىدىم.
— چاتاق بولدىغۇ ئەمىسە، ئۇ ئاداشنى تونۇمامسەن؟
— ياق، تونۇمايمەن، بىراق ئۇ ماڭا پات - پات كېلىپ تۇرىمەن، دېگەن، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ قالار، بەلكىم.
— ئەمىسە ئۇ تاماكىچى كېلىپ قالسا، — دېدى ئالىم كۆزلىرىنى بىر قىسما قىلىپ، — ماڭا جىقراق ئېلىپ قويغىن، مانا پۇل، يۈز سوم بەرسەم يېتەمدا؟
— سەت بولىدىغان بولدى ئۇكام، ئەگەر يۈز سومغا بەرسە مەن ساڭا پۇلنىڭ گېپىنى قىلاتتىممۇ؟
— سەن قانچىگە ئالغانىدىڭ؟ — دېدى ئالىم چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ.
— مەن ئىككى پاشكىسىنى مىڭ سومغا ئالغان.
— شۇنداقمۇ؟ نېمە دېگەن قىممەت، مەيلى بوپتۇ. ماڭا تۆت پاشكا ئېلىپ قوي، مانا، ماۋۇ ئىككى مىڭ سوم پۇل.
— بولىدۇ ئۇكا، — دېدى سۇلتان پۇلنى قولىغا ئېلىپ، — كېلىپ قالسا ئېلىپ قويىمەن، كەلمەي قالسا ئامالىم يوق جۇمۇ.
— ئۇنداق دېمە ئاكا، ماڭا ئاشۇ تاماكىدىن تېپىپ بەرمىسەڭ، ساراڭ بولۇپ قالىمەن!
ئالىم سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.
ئەتىسى سەھەردە ئالىم يەنە سۇلتاننىڭ ئاشخانىسىغا باردى.
سۇلتان تېخى ئۆيدىن ئاشخانىغا بارمىغانىدى، ئالىم ئۇنى بىر

سائەت كۆتتى. سۇلتان ئاشخانىسىغا بېرىشىغا، ئالىم ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ:

— سۇلتان ئاكا، ھېلىقى ئاداش كەلدىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى.

— كەلدى ئۇكا، تەلىيىڭ بار ئىكەن. توختا، مەن ئاشخانىدىن ئاچىقىپ بېرەي، — دېدى سۇلتان. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇلتان ئالىمغا تۆت پاشكا تاماكا ئېلىپ چىقىپ بەردى.

— رەھمەت سۇلتان ئاكا!

ئالىم شۇنداق دېدىيۇ، بىر پاچكىنى بۇزۇپ، بىر قاپ تاماكىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، ھەدەپ ئىچىگە شوراشقا باشلىدى. خۇمارى سەل بېسىلغاندىن كېيىن سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

سۇلتان ئالىمنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى:

ئوينىۋالايلى،
كۈلۈۋالايلى،
بويىنىنى قەرىپ. . .
. . . . . . . . . . . . .

ئۇ بۇ ناخشىنى ئۇزۇن يىلنىڭ ئالدىدا خاتىدا خارلانغاندا ئۆگىنىۋالغانىدى. . .

## 24

ئالىم سۇلتاننىڭ ئاشخانىسـىـدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. . . ئۇ سۇلتان چەكتۈرۈپ قويغان تاماكىغا قاتتىق خۇمار بولۇپ قالغانىدى.

— سەن بۇ تاماكىغا ئۆگىنىپ قالدىڭ ئۇكام، بۇ ئىش يامان بولدى. بۇ تاماكا ساڭا توشمايدىغان ئوخشايدۇ، يەنە بىر خىل تاماكا بار ئۇكام، ئىسىنى بۇرۇن بىلەن ئىچىگە تارتىپ چېكىدۇ. ئۇنى ئاق تاماكا، دەپ قويىدىكەن. ئۇ قىـممەت بولغىنى بىلەن ئادەمنىـى بەك ھوزۇرلاندۇرىدۇ. ھازىر ساڭا ئوخشاش تۆت ـ بەش تەڭگىسى بار خوجايىنلار ئاشۇنداق ئاق تاماكا چېكىشىدۇ. مەن ساڭا شۇنىڭدىن تېپىپ بېرەي، چېكىپ كۆرۈپ باق، قانداق؟ — دېدى سۇلتان بىر كۈنى ئالىمغا.

— سەن چېكىپ باققانمۇ؟

— مەن بىر يىل چەككەن، قارىسام بەك قىممەت ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى گىلىزىگە چۈشۈپ قالغانىدىم.

— بولىدۇ ئەمىسە، چېكىپ باقاي. سەندە بارمۇ؟

— ئۇنداق تاماكا مەندە نىمە قىلسۇن دەيسەن، ساتىدىغان باللارنى بىلىمەن، دەپ قويسام ماڭا ئەكىلىپ بېرىدۇ.

— بولىدۇ ئاكا، مەن پۇلنـىـى ساڭا بېرەي، ئۆلۈپ تۇگەيدىغان جاھان بۇ، چەككەندىكىن نوچىسىنـى چېكىـش كېرەك، — دېدى ئالىم خۇمار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

سۇلتان ئالىمنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئالىمنى خىروئىن بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى.

كۆڭۈلىرىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالىم ئىش ـ ئوقىتىنى تاشلاپ، سۇلتانىنىڭ ئاشخانىســـــدىن كېتەلمەيدىغان بولدى. سۇلتان بۇنداق بولىۋەرسە، ئۆزىگە خاپىلىق تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى، شۇڭا ئالىمنى ئالداپ ـ سالداپ يۈرۈپ، ئۇنى ئاق تاماكا ساتىدىغان باشقا بىر بالىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئالىمدىن قۇتۇلدى.

بىر يىلدىن كېيىن، ئالىمنىڭ خىروئىن چېكــــۋاتقان ئىشىنى دادىسى بىلىپ قالدى. ئالىمنىڭ ئايالىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، ئېرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان مەرھابا ئۇنىڭ نېمە چېكىۋاتقانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ سەزگەن، بىلگەن، ئەمما ئىزا تارتىپ، ھېچ كىمگە تىنىمىغانىدى. ئالىم ئىش ـ ئوقىتىدىن قالغىنىنى ئاز، دەپ، ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى مەرھابا گويا يېنىدا يوقتەك، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي تامغا چاپلىشىپ ياتاتتى، خۇمارى تۇتقاندا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە ساراڭلارچە يۈگۈرۈپ، ئاپئاق، ئۇندەك نەرسىنى تاماكىنىڭ پارقىراق قەغىزى ئۈستىگە قويۇپ، ئاستىدىن ئوت يېقىپ، پارقىراق قەغەز ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئىسلارنى ئىنچىكە نەيچىدە شورايتتى.

بىر كۈنى ئەختەم ئالىم بىلەن يېرىم كۈن پاراڭلاشتى. بوۋىسى قۇربان ئاقسۆڭەك، دادىسى مالىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قانداق ياشىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزاق، تەپسىلى سۆزلىدى، ئائىلە تارىخىغا قوشۇپ ئۆزىنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ھالىنىمۇ ئېيتىپ بەردى، ئۇ بارلىق ئۈمىدىنىـــــى ئۇنىڭدىن كۈتۈپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئاق تاماكىنىڭ زەھىرىنى قايتا ـ قايتا سۆزلەپ:

— ئەمدى بۇ ئاق ئالۋاستىدىن ئىبارەت نىجىسنى تاشلا بالام، ئۆزۈڭنى رۇسلا، ئادەمدەك ياشا، جەمەتىمىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلا! — دېدى ئۇ ئاخىرىدا كۆز يېشى قىلىپ.

— تاشلايمەن دادا، مەن چوقۇم تاشلايمەن! — دېدى ئالىم بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ.

ئارىدا يەنە بىر باھار ئۆتتى. ئالىم ئاق تاماكىنى تاشلىيالمىدى، ئەختەم بالىسىنى بۇ يامان يولدىن ياندۇرالمىغىنى ئۈچۈن قايغۇردى، مەرھابانىڭمۇ يېشى توختىمىدى.

— ئالىم، مەن سىزنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن، نېمە كۈن بۇ بىزگە؟ ئەمدى ئۇ نېمىنى چەكمىسىڭىز، تاشلىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى مەرھابا يىغلاپ تۇرۇپ.

— تاشلايمەن دەۋاتىمەنغۇ، تاشلىيالمىسام قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ئالىم يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— غەيرەتكە كېلىپ، چىشىڭىزنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ تاشلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئاستا ـ ئاستا تاشلايمەن خوتۇن، ماڭا ئىشەن، مېنىڭمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا سەتلەشكۈم يوق، — دېدى ئالىم. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىللىق چىرايىنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئەختەم بالىسىنىڭ دەردىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالىمنىڭ ئىش ـ ئوقىتىدىن قالغىنى ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى، ئەڭ دەھشەتلىك ئىش ئالىمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە لاتىدەك بوشاپ كېتىشى ئىدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋەردى. مەرھابا ھەر كۈنى كېسەل ئادەمدەك روھسىز يۈرەتتى. ھېچ كىم ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ كۈلۈپ يۈرگىنىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئەتە ـ ئاخشاملىرى دوستلىرىغا دەردىنى تۆكۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى، بەزى دوستلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسە، بەزىلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئۇنىڭغا ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ كەت، دەپ مەسلىھەت بېرەتتى.

ئەختەمنىڭمۇ بىشى قاتتى، ئۇ ئۆزى ئارزۇلاپ بىقىپ چوڭ قىلغان بالىسىنىڭ بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى. مەرھابانىڭمۇ بىشى قاتتى، ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئالىم بولسا ئاق تاماكىنىڭ خۇماردا مايماق دەسسەپ يۈرەتتى...

## 25

بەزى كۈنلىرى مەرھابا ئالىم بىلەن ئاجرىشىپ كىتىش قارارىغىمۇ كىلىپ قالاتتى، لىكىن ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن، بۇ نىيىتىدىن يالتىياتتى. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، مەرھابا ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ئالىمنى ياخشى كۆرۈشىدە شەك يوق ئىدى، مەيلى توي قىلىشنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ياكى تويدىن كىيىنكى ئاشۇ ئالتۇندەك پارقىراپ ياشىغان كۈنلەردە بولسۇن، ئالىم ئۇنىڭ بىردىنبىر نىجاتچىسىدەك تۇيۇلغان، ئالىمنىڭ مۇھەببەتلىك قوللىرى ئۇنىڭ ھاياتىنى سۇغىرىپ، ياشارتىپ تۇرىدىغان ئەنگۈشتەردەك بىلىنگەنىدى، مەرھابامۇ ئاشۇ تاتلىق كۈنلەردە ئالىمنىڭ ھارارەتلىك يۈرىكىدە مايدەك ئىرىپ تۇرۇپ ياشىغانىدى. ئۇ كۈنلەردە بەخت ئۇنىڭغا دائىم «ئىچىل داستىخىنىم» غا ئوخشاش ئىچىلىپ تۇرغانىدى. لىكىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئالىمغا ئاق ئالۋاستى چاپلىشىپ، ئۇنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى سورۇپ، يىلىكىنى شوراپ، قۇرۇتۇشقا باشلىدى. مەرھابا بىر تۇرۇپ ئالىمغا ئىچ

ئاغرىتاتتى، بىر تۇرۇپ ئالىمدىن نەپرەتلىنەتتى، مەرھابانىڭ كاللىسى كۈندىن ـ كۈنگە قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دوستلىرى ئۇنىڭغا:

— سەن ئەمدى ئاخماق بولما، ئۇ مەڭگۈ بۇرۇنقى ئالىم بولالمايدۇ، ئەگەر سەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ قۇتۇلمىساڭ، ئۇ سېنىمۇ چېكىپ تۈگىتىدۇ،— دەيتتى.

مەرھابانى ھەقىقەتەنمۇ غەم ـ قايغۇ باستى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى، بالىسىنى ئويلىسا، بۇ چاغقىچە ئالىم بىلەن ئاجرىشىپ بولغان بولاتتى، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى، ئالىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆپ ياخشىلىق قىلغانىدى، ئالىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى قىش ـ ياز بازاردا ئەتكەنچاي سېتىپ جان باقىدىغان جاپالىق ئىشتىن ئازاد بولغان، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى ئىنىسى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئالىم يول مېڭىپ يۈرۈپ ئۇلارنى ياخشى ئورۇنغا — بىرىنى بانكىغا، يەنە بىرىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويغانىدى. قىسقىسى، يۇقىرىقى ئىشلار ئالىمنىڭ پۇلىنىڭ كۈچى بىلەن بولغانىدى. شۇڭا مەرھابا ئالىمدىن ئاجرىشىپ كەتسە، ئالىمنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى يۈزىگە سېلىپ ئەيىبلىشىدىن قورقاتتى. لېكىن، دوستلىرى ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىغا قوشۇلمايتتى.

— سەن نېمىلەرنى دەپ يۈرۈسەن ئاداش، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا كىممۇ خەقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قورقىدۇ؟ ھازىر ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، بىراۋنىڭ نېمە ئىش قىلىشى بىلەن نېمە چاتىقى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەق دەردىڭنى تارتىشىپ، قازىنىڭنى قاينىتىشىپ بېرەمتى؟ سەن تېخى ياش، ئاشۇ سولاش بىلەن ئۆتۈمەن، دېسەڭ

ئۆزۈڭگىلا ئەمەس، بالىلىرىڭغىمۇ قىلىپ قويىسەن. ئەر دېگەن ياخشى بولسا دوست، ياخشى بولمىسا دۈشمەن! ئۇ لاتىنى كەينىڭگە سېلىپ، بىر ئۆمۈر سۆرەشتۈرۈپ يۈرەمسەن؟ مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن سېنى ئالىدىغان ئەر چىقماسمۇ؟ ئاجرىشىپ كەت، كۆپ ئويلىما، خۇدايىم يارانقان ئاسمانمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئادەم ئۆزگەرسە نېمە بوپتۇ؟ ئەگەر مېنىڭ سېنىڭدەك چىرايىم بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە كەينىمگە بىرنەچچە نوچىنى سېلىپ بولاتتىم. مۇشۇ كۈندە كىم كىمدىن قورقىدۇ ئاداش؟ ئايالىغا سادىق ئەر نەدە بار، ئەرگە سادىق ئايالمۇ نەدەر بار؟ ھەممە ئادەم ئارتىس بولۇپ كەتتى ھازىر... ئاجرىشىپ كەتسەڭ، ئالىمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلمىدىغان كىشىلەر سېنى ئەيىبلىمەيدۇ، چۈنكى سەن ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلمىدىڭ، ئۇ ساڭا، بالىلىرىڭغا ئەسكىلىك قىلدى. ئالىم بىر پارچە لەش گۆشكە ئايلاندى، كۈندىن - كۈنگە سېسىشقا باشلايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتمىسەڭ، ئۇ سېنىمۇ، بالىلىرىڭنىمۇ سېسىتىدۇ! — دېدى بىر كۈنى مەرھابانىڭ قەمەر ئىسىملىك دوستى.

— ئاجرىشاي دەيمەنۇ، لېكىن ئۇ سۆزنى ئېغىزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايمەن. سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ بىزگە ئاز ياخشىلىق قىلمىغان، ئەڭ كىچىك ئىنىممۇ ئالىمنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىچىك خوجايىن بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىسەم، خەقلەر مېنى نېمە دېمەيدۇ؟ — دېدى مەرھابا.

— يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، ئەمىسە، ئاشۇ سېسىشقا باشلىغان لەش گۆشنى قۇچاقلاپ يېتىۋەر!

مەرھابا گەپ قىلمىدى، ئۇ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئاپاڭ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى قەمەر.

— ئاپام نېمە دەيتتى، ئاپام يىغلاپ ئولتۇرىدۇ شۇ.

— ھە بولدىغۇ، ئاپاڭ يىغلىغاندىن كېيىن ئاجرىشىپ

كەتمەمسەن ئۇ گۇيدىن؟ — دېدى قەمەر.
قەمەر كەتكەندىن كېيىن، مەرھابا ئۆزۈنغىچە ئويلىنىپ ئولتۇردى. قەمەرنىڭ گېپى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانىدى. «ئۆزۈمنى ئويلىمىسامىمۇ بالىلىرىمنى ئويلىشىم كېرەك» دېدى مەرھابا ئىچىدە ۋە ئالىمدىن ئاجرىشىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بۇ قارارىنى ئالىمغا ئېيتقاندا ئالىم بىرھازا گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاخىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى.
ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى، ئاجراشقاندىمۇ چىرايلىق ئاجراشتى. ئالىم ئوغۇل بالىلىق قىلىپ، قورۇ - جايىنى ھەم ئۆيدىكى مال - مۈلۈكنى مەرھاباغا قالدۇردى، ئۆزى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.
— مەن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە ئۆزۈمنى ئادەم قىلالمىدىم مەرھابا، مەندىن خاپا بولما. زەھەرنى تاشلايمەن، دەپ تاشلىغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ئىكەن. بالىلارغا ياخشى قارا، مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا سەندىن رازى! — دېدى ئالىم دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىش ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ.

## 26

ئالىم قۇرۇق قول دادىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ئەختەم بالىسىنىڭ ئاخىر مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغانىدى.
ئالىم دادىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپمۇ ئاق تاماكىدىن قول ئۈزەلمىدى. ئۇ تاماق يېسە يەيتتى، يېمىسە ئاق تاماكا

چېكىپ يۈرەتتى، ئۇ پۇل سورىغاندا دادىسى بەرمىسە، ئۆيدىن قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ ساتاتتى؛ بەزى كۈنلىرى مەرھابانىڭ قېشىغا بېرىپ پۇل سورايتتى، بەزىدە ھەتتا مەرھابانىڭ ئۆيلىرىدىنمۇ پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ ساتاتتى.

ئەختەم ئالىمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سوغۇلۇپ ـ قۇرۇپ، قورايدەك بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چىدىماي يىغلايتتى، بەزى كېچىلىرى ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ ئوغلىغا شۇنداق نىجىس نەرسىنى چەكتۈرۈپ، ئۆگىتىپ قويغان ئادەمدىن ئۆچ ئالغۇسى كېلەتتى. بىر كۈنى ئەختەم بالىسىغا:

— سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بالام، سەن نېمە دېسەڭ، شۇنى قىلىپ بېرىپ كەلدىم. ئاق تاماكىنى تاشلا دېسەم، تاشلىيالمىدىڭ، سېنىڭ خۇمارىڭ تۇتقان چاغدىكى ئازابلانغانلىرىڭنى كۆرۈپ، ئاپاڭ ئىككىمىز چىدىماي قالدۇق. . . ماڭا راست گېپىڭنى قىل، نەلەردە يۈرۈپ بۇ نىجىسنى چېكىشنى ئۆگىنىپ قالدىڭ بالام؟ — دېدى ئەختەم.

ئالىم راست گەپ قىلسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، يالغان گەپ قىلاي دېسە، دادىسى ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ بەرمەسلىكىدىن قورقاتتى. ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن يالغان سۆزلىدى:

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن دادا، ئولتۇرۇشلاردا ئولتۇرۇپ چېكىۋاپتىمەن. بىر كۈنى بىرسى تاماكا تۇتتى، ئېلىپ چېكىپتىمەن، كېيىن خۇمار قىلغاندەك قىلدى، يەنە سوراپ چەكتىم، شۇنىڭ بىلەن كىرىشىپ كېتىپتىمەن. كېيىن بىلسەم، ئۇ تاماكىلارنىڭ ئىچىگە ئوكۇل ئارقىلىق ئاق تاماكىنىڭ سۇيۇقلۇقىنى ئۇرۇۋەتكەنىكەن، ئۆزۈڭ بىلىسەن

دادا، تاشلىغۇم بار، لېكىن تاشلىيالمايۋاتىمەن. . .

— ياق بالام، سەن ماڭا راست گەپ قىلمىدىڭ، مەن بەزى ئىشلارنى سېزىپ ـ ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن! ئەگەر سەن ماڭا راست گەپ قىلمىساڭ، مەن بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ بىلەن كارىم يوق، بەلكى سېنى ساقچىخانىغا ئۆزۈم تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرىمەن، سېنى جازالاشنى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئاپىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىمەن. دادام مېنى قورقىتىپ شۇنداق دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما، مەن دېگىنىمنى چوقۇم قىلىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىم قورقۇپ قالدى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى:

— سۇلتان ئاكامدىن ئۆگەنگەن. . .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەختەمنىڭ يۈرىكى «قارت » قىلىپ قالدى. ئۇ بازاردا دۇكان ئېچىپ ئولتۇرىدىغان ئۆزى دىمەتلىك بەزى كىشىلەردىن «ئوغلىڭىزنى سۇلتان قۇلاق يولدىن چىقارغاندەك قىلىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما ئىشەنمىگەن، سۇلتان ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ مەندىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئوغلۇمدىن ئالماس، دەپ ئويلىغانىدى. مانا قاراڭ، ئالىمنى تۈگەشتۈرگەن، نابۇت قىلغان كىشى باشقا بىرى بولماي، ئەختەمنىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى ئىكەنغۇ؟ ! ئەختەم غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، ئۇدۇل بېرىپ، سۇلتاننى بوغۇپ تاشلىغۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى، سۇلتانغا كۈچى يەتمەيتتى. ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاخىر «سۇلتانمۇ چېكەمدىغاندۇ؟. . .» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كېچىپ سورىدى:

— سۇلتانمۇ چېكەمدۇ؟

— ياق، ئۇ ماڭا تېپىپ بەرگەن . . .

— ئۇ ھاراملىقنىڭ نىيىتىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

ئاربلاشما دېسەم، گېپىم قولىقىڭغا كىرمىدى. . .

— چۈشەندىم دادا، مەن ئادەم ئەمەس. . .

— بىراق، سەن ئادەم بالام، مەن چوقۇم سېنى ئادەم قىلىمەن! — ئەختەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي بالىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

## 27

نەچچە كۈنگىچە ئەختەم قاتتىق ئازابلىنىپ يۈردى. ئۇ سۇلتاننىڭ ئۆزلىرىگە ھەرقانداق يامانلىق قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ئەمما بۇنداق يامانلىق قىلىشى مۇمكىنلىكىنى، يەنى، ئۆزىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئالىمىغا خىرونىن چەكتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەزمۇ قىلىپ باقمىغانىدى. ئوغلىدىن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان كىشى دەل ئوغلىنىڭ كىچىك دادىسى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ئەختەم نەچچە كۈنگىچە ئېسىنى يىغالماي، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يۈردى. سۇلتاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئاشۇ يىللاردىكى سۇلتان بىلەن بولغان جېدەل - جېدەللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، سۇلتانغا بولغان غەزەپ، ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلخاندەك لاۋۇلداشقا باشلىدى. سۇلتاننى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى، قاغىدى. . .

ئەختەم بىر كۈنى سۇلتاننى ئىزدەپ ئاشخانىسىغا باردى.

— كەل ئەختەم ئاكا، بۈگۈن بۇ تەرەپكە قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى ئىشىك تۈۋىدە پۇل يىغىپ ئولتۇرغان سۇلتان چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەختەم ئۇنىڭغا گەپ ـ سۆزمۇ قىلماي، ئالىيىپ قارىدى. سۇلتان چاندۇرماي ئۇنىڭ ئۆز سالىمىنى ئىلىك ئالمىغىنىغىمۇ، ئالىيىپ قارىشىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۇستەلگە باشلاپ چاي قويدى.

— چاي ئىچ ئەختەم ئاكا، سامسىدىن بەشنى كەلتۈرەيمۇ؟

— سامساڭدا زەھەر باردۇر، سۇلتان قۇلاق! — دەپ ئەختەم گۈركىرەپ سۆزلەپ.

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن ئاكا، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ ئاخشام كېچىدە يامان چۈش كۆرۈپ قالدىڭمۇ نېمە، پەيلىڭ يامانغۇ سېنىڭ؟ — دېدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سۇلتان، ئىككىلىمىزنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، كەتكەن ئىش كەتتى، نوچى بولساڭ مەن بىلەن ئېلىش، ئۆچىڭ بولسا. مەندى ئالماي، نېمە ئۇچۇن مېنىڭ بالامغا قەست قىلىسەن؟ قولۇڭدىن كەلسە، ئاق تاماكىنى ماڭا ئۆگەتسەڭ بولمامدۇ! ؟

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ئەختەم ئاكا، ئەتىگەندە قاق پۇدا يىرتىق ئىشتاندىن بىر نېمە چىققاندەك غەلىتە گەپلەرنى دەپ يۈرسەنغۇ؟ ئالىمنىڭ ئاق تاماكا چېكىپ يۈرگىنىنى بىلىمەن، ئۇنىڭغا جىق تەربىيە قىلدىم، بىراق ئۇ بالاڭ كاللىسىغا كەلگىنىنى قىلىدىغان بالا بوپتۇ، ئەمدى سەن بۇ ئىشنى مەندىن كۆرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ گەپنى ئويلىشىپ قىل، سەن دېگەندەك كەتكەن ئىشلار كەتتى، مەنمۇ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم، شۇ كۈنلەردە مەن سېنى ئاكام دەپ ھۆرمەت قىلىپ يۈرسەم، «سەن بالامغا قەست قىلدىڭ» دەيسىنا ماڭا، ئىسپاتىڭ بارمۇ؟

— ئالىم ماڭا ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بەردى، خىروئىن چېكىشنى ئۇنىڭغا سەن ئۆگىتىپسەنغۇ؟

— ئۇ بالاڭ مۇشۇ كۈندە شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، ئاغزىغا

كەلگىنىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ. دەۋىرىدۇ ئۇ، گەپ — قولۇڭدا ئىسپات بولسا بولىدۇ!

— مېنىڭ ساڭا كۈچۈم يەتمەيدۇ ھازىر، بىراق ئۇستۇڭدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن، ئەرز قىلغۇدەك ماغدىرىم بار تېخى. قاراپ تۇر، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرى قارا تۈرمىدە ئۆتىدۇ!

— سەن قايسى زاماندا ياشاۋاتىسەن ئەختەم ئاكا؟ سېنىڭ ساقچىلارنى سېتىۋالىدىغان زامانىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، بەلكى كەلمەسكە كەتكەن. سەن ئۆزۈڭچە مەن يەنە ئاشۇ بۇرۇنقى زاماندىكى ئەختەم ئاقسۆڭەك، دەپ يۈرەمسەن؟ ماقۇل، بالاڭغا مەن ئۆگەتتىممۇ دەيلى، شۇنداق دەيدىغانغا پاكىتىڭ بولمىسا ئەرزىڭ ئاقامدۇ؟ . . . سەن ئۆزۈڭدىن باشقا ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتىڭ، باشقىلارنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭچىلىكمۇ كۆرمەيتتىڭ، مانا ئەمدى قانچىلىك ئادەم بولۇپ قالدىڭ؟ ئەسكىلىكنى سەنلا بىلمەيسەن، باشقىلارمۇ بىلىدۇ، سەن قىلغان ئەسكىلىكنى باشقىلارمۇ قىلالايدۇ. ئۆزۈڭچە ئوشۇقۇم دائىم ئالچۇ چۈشىدۇ، دەپ ئويلايدىكەنسەن ـ دە؟ جاھاندا ھەرقانداق ئادەم دائىم كۈلۈپ ياشايدىغان ئىش يوق. سەن ئاشۇ يىللاردا كۈلۈپ ياشىدىڭ، كۈلكۈڭ كەلمىسىمۇ ھىجىيىپ يۈردۈڭ، مانە ئەمدى يىغلايسەن، يىغلىمىساڭ بولمايدۇ! — دېدى سۇلتان.

ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقان خېرىدارلار ئۇلارنىڭ ۋاقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ تاماقلىرىنى يەپ چىقىپ كېتىشتى. سۇلتان ئاشخانىدا خېرىدارلارغا چاي قۇيىدىغان يارىغا قاراپ تۇرۇپ:

— يارى، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەت، مەن ئەختەم ئاكام بىلەن ئازراق مۇڭدىشىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن! — دېدى.

يارى ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ، ئەختەم بىلەن

سۇلتاننىڭ ئەتراپىدا ئۆرە تۇغان بالىلارنىسى باشلاپ، تاماق ئىتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— سۇلتان، سەن ھەددىڭدىن ئاشما! مەن سەن قۇلاقنى ئوبدان بىلىمەن ئىتنىڭ بالىسى، مەن ئۇستىڭدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن، كۆزۈڭگە ئانا ـ ماناڭنى كۆرستىۋېتىمەن! — دېدى ئەختەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ۋارقىراپ.

— چاغلىق ئەختەم،— دېدى سۇلتان كۇلۇپ تۇرۇپ،— كونا زاماندا بۇ شەھەرنى سەن سورايتتىڭ، دېگىنىڭ دېگەن، قىلغىنىڭ قىلغانىدى، شۇ ۋاقىتتىمۇ سەن مېنى ھېچ نېمە قىلالمىغان، ئەمدى نېمە قىلالايسەن؟ مەن دېگەن ھازىر ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلىدىغان يەككە ئەمگەكچى، ھۆكۈمەتكە باج تۆلەيمەن، يامان ئادەم ئەمەس مەن ھازىر. سەن سوتقا ئەرز قىلىمەن، دەيسەن، ئەرز قىل، ئەرز قىلساڭ سوتقا بېرىپ قىل، ئاشخانام سوت ئەمەس، ساڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ يا مېنى يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش قارامنى كۆرۈپلا ئالدىمغا بىر تەخسە سامسا كەلتۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ يا؟ ئېسىڭدە بولسۇن ئەختەم قارا سۆڭەك، ئەمدى ئۇنداق كۈنلەر ساڭا مەڭگۇ كەلمەيدۇ. . . نوچى بولساڭ، سوتقا بېرىپ ئەرز قىلىۋەر، مېنى نېمە دەپ ئەيىبلىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، بېرىپ ئەرز قىل، قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا!

— سەن بەك كۆرەڭلەپ كەتمە ھارامدىن بولغان ھىجىقىز! — دېدى ئەختەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— كۆرەڭلىسەم نېمە قىلالايسەن؟ — دېدى سۇلتانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ،— مەن بۈگۈن سېنى ئادەم قىلىمەن ئەختەم قارا سۆڭەك، سەن قارا نىيەت ئاقسۆڭەك دېگەن نامغا لايىق ئەمەس سەن. . . توغرا، مەن ھارامدىن بولغان، ئەمما مەن سېنىڭ داداڭنىڭ ھارامدىن بولغان بالىسى، سەن بۇنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلمايسەن. لېكىن، مەن بۈگۈن سېنى بۇ گەپنى

ئالدىمدا، يۈزۈمدىن يۈزۈمگە دېگىنىڭ ئۈچۈن پۇشايمەن قىلدۇرىمەن، توۋا قىلدۇرىمەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سەن ماڭا ئاز ئەسكىلىك قىلمىدىڭ، ئەمدى بۈگۈن ئەسكىلىك قىلىشىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەندىن كۆر.

سۇلتان ۋارقىراپ سۆزلەۋېتىپ، بىخەستە تۇرغان ئەختەمگە ئۇشتۇمتۇت كاللا قويدى، ئەختەم ئوڭدىسىغا چۈشتى ۋە بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى، ئورنىدىن تۇرغىچە ئارىلىقتا ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ئالدى قىزىل قانغا بويالدى. ئاشخانىدىكى تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ تاماق ئىچىدىغان ئۆيدىن شاگىرت باللار يارىغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئارىلاشماڭلار، ھەممىڭلار كىرىپ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى قىلىڭلار، — دېدى سۇلتان ئۇلارغا ۋارقىراپ.

يارى باللارنى تاماق ئىچىدىغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرغان ئەختەم پۇتلىرى تىترەپ، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى. سۇلتان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاشخانىدا گۆش ئاسىدىغان ئارغامچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكى بىلەن قوشۇپ باغلىۋەتتى.

— سۇلتان قۇلاق، مېنى نېمە قىلماي دەيسەن؟ ھەي ھارامدىن بولغان نجىس، مېنى قويىۋەت، بولمىسا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دېدى ئەختەم يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېقىپ چۈشىۋاتقان قانلار ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا دېدىمغۇ، — دېدى سۇلتان، — توختا، ئالدىرىماي گەپ قىل، بولمىسا بۇرنۇڭدىن چىققان ھارام قاننى يۇتىۋالىسەن. توختا، مەن سېنىڭ ئاغزىڭنى سۈرتۈپ قوياي ئاكا.

سۇلتان بىر لۆڭگە تېپىپ كېلىپ، ئەختەمنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،

بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ كۆرسەتتى:
— ماۋۇ ئۈزۈكنى كۆردۈڭمۇ؟ مانا، سەن بىر ئۆمۈر ئاۋارە بولۇپ مەندىن ئالالمىغان ئۈزۈك مۇشۇ، ئەمدى مەن بۇ ئۈزۈكنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن! بۇ ئۈزۈك مېنى بىر ئۆمۈر ئاۋارە قىلدى. ئەگەر سېنىڭ هارام داداڭ مېنىڭ هارام ئانامنى هارام قىلمىغان، بۇ ئۈزۈكنى مېنىڭ ئانامغا تۇتقۇزۇپ قويمىغان بولسا، مەن بۇ دۇنياغا كەلمىگەن، تۇرمىگە قامالمىغان، ئازابلانمىغان بولاتتىم، مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ دەردىدە مەن بىر ئۆمۈر دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە ياشىدىم. ئەسلى مېنىڭ تەلىپىم چوڭ ئەمەس ئىدى، مېنى ئېتىراپ قىلىپلا قويساڭ، مېنى ئىنىم، دەپلا قويساڭ ئىش تۈگەيتتى، مەنمۇ خاتىرجەم ياشايتتىم. ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى خۇدايىم بەرگەن بىر چىشلەم ناننىمۇ خاتىرجەم يېگەن بەندە ئەمەس مەن. ئەمدى بۇ ئۈزۈكنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم بىراقلا ئارام تاپىدۇ. ئاشۇ يىللاردا بۇ هارام ئۈزۈكنى نېمە ئۈچۈن ساڭا بېرىۋەتمىگەن بولغىيدىم ئەختەم ئاكا؟ هارامدىن بولغان ئادەمنىڭ كاللىسى ھەقىقەتەن ئىشلىمەيدىكەن . . . ئەمىسە، ئاغزىڭنى ئېچىپ تەييار بول، مەن هارام داداڭنىڭ بۇ ئۈزۈكىنى بولاق مانتىنىڭ يۇمشاق خېمىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاغزىڭغا سېلىپ قويىمەن، سەن ئۇنى يۇتىۋەت. گېلىڭدىن ئۆتمىسە ئاغزىڭغا سۇ قۇيىمەن، قانداق، بولامدۇ؟

— ھەي هارامدىن بولغان، كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن! — دېدى ئەختەم بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ، يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ۋارقىراپ.

— كۆزۈمنى ئويۇۋالمىسۇن، دەپ سېنى باغلاپ قويدۇم ئەختەم ئاكا، سەن ئالدىراپ كەتمە، ساڭىمۇ پۇرسەت كېلىدۇ تېخى! ئالدى بىلەن بوگۇنكى ئىشىمىزنى تۈگىتىۋالايلى!

سۇلتان قاسقاندىن سوۋۇپ قالغان بىر بولاق مانتىنى ئېلىپ، ئۈزۈكنى ئىچىگە پاتۇردى ۋە مانتىنى ئەختەمنىڭ

ئاغزىغا تىقتى. ئەختەم ھۆ قىلىپ، ئاغزىدىكى ئۆزۈك بار مانتىنى چىقىرىۋېتىشكە ئۈرۈندى، سۇلتان ئۇنىڭ بېشىنى كەينىگە قايرىپ تۇرۇپ، ئاغزىغا سۇ قۇيدى، بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئۆزۈكنى كانىيىغا ئىتتىردى. ئۆزۈك مانتىنىڭ گۆش - خېمىرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كانىيىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىلا سۇلتان ئۇنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتى.

ئەختەم ئاغزىنى بۇزۇپ، سۇلتاننى تىللىغىلى تۇردى.

— ئالدىرىما ئەختەم ئاكا، يەنە قىلىدىغان بىر ئىش بار، بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن مېنى قانغۇچە تىللاۋالساڭ بولىۋېرىدۇ. مەن سېنى بۇ ئاشخانىغا چاقىرىپ كەلمىگەندىمەن - ھە؟ قوشاقنى قىسىپ، ئىشىڭنى قىلساڭ، بۇ كۈن يوق ئىدى ساڭا!

سۇلتان سۆزلىگەچ ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى قىغراقنى قولىغا ئالدى، ئەختەم قىغراقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— سەن ئوغرى نېمە قىلماقچى؟ ! — دېدى ئەختەم ۋارقىراپ، — قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم ئۆلدى، ئادەم!

تاماق ئىتىدىغان ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان يارى:

— ئۇستام، نېمە قىلاي دەيسىز؟ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئەكېلىڭ، چەيدونى ماڭا بېرىڭ! — دېدى جىددىيلىشىپ.

— سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما يارى، ھەم قورقما، مەن بۇ گۆينىڭ جېنىنى ئالمايمەن، خاتىرجەم بول، بېرىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر. بولمىسا سەنمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشقان بولۇپ قالىسەن، كېيىن ساقچىلار سېنىمۇ ئاۋارە قىلىدۇ، — دېدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىلىكمۇ جىددىيلىك يوق ئىدى.

يارى تاماق ئىتىدىغان ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئەمما، ئۇستىسىنىڭ بىرەر قورقۇنچلۇق ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆت قەدەم چامدىغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. ئۇ

قايتىدىن ئۇستىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— مەن كىچىك بولساممۇ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ ئۇستام، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، ئۇنداق قىلماڭ،— دېدى يىلىنىپ.
— سەن بىزنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ، بىزنىڭ ئىشىمىز جىق چاتاق. شۇڭا سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما، بېرىپ ئىشىڭنى قىل. گۆشلەرنى توڭلاتقۇغا سېلىۋېتىڭلار!
— يارى بالام، ساقچىغا تېلېفون قىلىۋەت، مەن چوقۇم سېنى ياخشى رازى قىلىمەن، بولمىسا بۇ هارامدىن بولغان ئۇستاڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ،— دېدى ئەختەم تىترەپ تۇرۇپ.
يارى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، تاماق ئىتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— هە، ئەختەم ئاقسۆڭەك، گەپ قىلە، سەن ئۆزۈڭچە مەن ئاقسۆڭەكنىڭ ئەۋلادى، نەگە بارسام مېنىڭ گېپىمنى قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ، دەمسەن؟ قارا سېنى، يارى مېنىڭ ئادىمىم تۇرسا، ئۇ قانداقلارچە سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ؟ سەن شۇ تاپتىمۇ پۇلۇڭغا ئىشىنىۋاتىسەن - هە؟ مېنىڭ ئادەملىرىم سېنىڭ پۇلۇڭغا سېتىلمايدۇ. بىلىپ قوي، سەن ئاقسۆڭەك ئەمەس، ئاللىقاچان قارا سۆڭەك بولۇپ بولغان! خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، سېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈڭ ئاياغلىشىدۇ ئەمدى. سەن ئۆزۈڭ يىللاردىن بېرى ماڭا بەكمۇ ئەسكىلىك قىلدىڭ، سەن ئاشۇ ئەسكى ئىشلارنى ئالدى بىلەن مۇشۇ ئوڭ قولۇڭ بىلەن قىلغان، لېكىن مەن ساڭا ئوخشاش ئۇنداق قارا نىيەت ئەمەس، قىلماقچى بولغان ئىشىمنى سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىمەن. چۈنكى، قانداق بولمىسۇن، سەن مېنىڭ ئاكام، مەن سېنىڭ ئىنىڭ. ئەلۋەتتە سەن بۇنى ئېتىراپ قىلمايسەن، لېكىن بۇ ئىشنى سېنىڭ هەم مېنىڭ هارامدىن بالا

تاپقان دادىمىز ياخشى بىلىدۇ. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، قانداق قىلىسەن ئاكا، ئۆزۈڭ كېلىپ قاپسەن ئالدىمغا، ئەمدى ئوڭ قولۇڭنى ماڭا بەرمىسەڭ بولمايدۇ، چانايدىغان يەرنى ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ بەرگىن، ئۇزۇنراق چانامدىمەن، يا قىسقىراق چانامدىمەن، ئۆزۈڭ ئەقىل كۆرسەت ئاكا. گەپ قىلمايسەنغۇ خۇدايىم بەرگەن ئاكا؟ رەھمەتلىك مالىك دادام قولىدا تۆت ـ بەش تەڭگىسى بولغاندىن كېيىن ئاپامنى توقاللىققا بولسىمۇ ئېلىپ، مېنى تاپقان بولسىمۇ مەن بۇنچە ئاۋارىچىلىق تارتمىغان بولاتتىم، ئېغىلدا تۇغۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭ كۈنى تەس بولىدىكەن ئاكا...

— سۇلتان ئوغرى، سەن سارالڭ بوپسەن!

— جېنىم ئاكا، سەن ئۇنداق دېمە، بۇ شەھەردە ساق ئادەم تاپقىلى بولامدۇ هازىر؟ ھەممىمىز سارالڭ، سارالڭ بولمىساق بىر ـ بىرىمىزنى مۇشۇنداق ئەپلەپ ـ جايلاپ يۈرەلەتتۇقمۇ؟ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سەن ماڭا بەك ئەسكىلىك قىلىپ كەتتىڭ، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ قىلدى، ئەمدى چانايدىغان يەرنى ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ بەرگىن ئاكا!

ئەختەم قورقتى. ئۇنى تەر باستى، ئۇ سۇلتان مېنى قورقىتىپ قويىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، سۇلتاننىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنى قويىۋېتىدىغان ئەلپازى يوق ئىدى، ئۇ سۇلتان ئوڭ قولىنى چانايدىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى.

— جېنىم ئۇكام، مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، مېنى قىينىما، مېنى قويىۋەت! — دېدى ئەختەم يالۋۇرۇپ. ئۇ سۇلتاننىڭ ئالدىدا ناھايىتى بىچارە بولۇپ قالغانىدى.

— نېمە، مېنى ئۇكام دېدىڭما؟ راست دەۋاتامسەن، يالغانمۇ؟ — دېدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راست دەۋاتىمەن ئۇكام، مېنى قويۇۋەت. قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇزۇك ئۇچىيىمنى تىشىۋەتسە ئۆلۈپ قالىمەن، ئۆلۈپ قالسام ساڭىمۇ ياخشى ئەمەس.

— خاتىرجەم بول، ئۆلمەيسەن، مەنمۇ سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدا؟ مېنى بۇرۇنراق ئۇكام دېگەن بولساڭ مۇشۇ ئىشمۇ بولمايتتى، ئەمدى كېچىكتىڭ. ئېيتىپ باقە، قورسىقىڭدىكى ئۇزۇك كىمنىڭ ئۇزۇكى؟

— دادامنىڭ . . .

— ئەمىسە مەن داداڭدىن بولغان بالىمۇ، ئەمەسمۇ؟

— دادامدىن بولغان بالا.

— ئەمىسە نېمە ئۇچۇن مېنى ئېتىراپ قىلمايسەن؟

— مېنى قىينىما ئۇكام، كەتكەن ئىشلار كەتتى، سېنىڭمۇ بالىلىرىڭ بار، مېنىڭمۇ بالىلىرىم بار. ھازىر ئويلىسام، مەن بۇرۇن بەك نادانلىق قىلىپتىمەن. . .

— ئاناڭنىڭ قېشىدا كەتكەن ئىش كېتەمدا ئاكا؟ سەن مېنىڭ غورۇرۇمنى دەپسەندە قىلىپ ياشىدىڭ! مانا ئەمدى سەن ئاشۇ ئىشلىرىڭ ئۇچۇن بەدەل تۆلىمىسەڭ بولمايدۇ. سېنىڭ ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭگە جامائەت ھەغدا، مۇشۇ كۆزىنى ئېچىپ تۇرغان شەھەرمۇ ھەغدا، سەن بۇ جىنايىتىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! ئاشۇ يىللاردا مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، كەل ئۇكام، دەپ ماڭا ئالىقانچىلىك يەر ئېلىپ بەرگەن بولساڭ، ئىككى ئېغىز مايماق ئۆي سېلىۋېلىپ خاتىرجەم ياشايتتىم ئەمەسمۇ؟ ساڭا يۈز كېرەك بولسا، ماڭا جان كېرەك ئەمەسمۇ؟

— مەن ناماقۇل ئۇكام، ئازماس ئاللا، دەپتىكەن. مەن ساڭا بىر قورۇ ـ جاي ئېلىپ بېرەي. ئاڭلىسام، ئۆزۈڭمۇ بىر قورۇ ـ جاي ئالماقچى بولۇۋېتىپسەن، ئالىم بۇ ئىشنى ماڭا دېگەن. ھەي، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا. . .» سەنمۇ ئوغۇل بالا ئەمەس ئىكەنسەن سۇلتان، دەردىڭ بولسا،

مەندىن ئائساك بولمامدۇ؟ مەن مۇشۇ شەھەردە دائىم بارغۇ! نېمە ئۈچۈن ئالىمغا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟
— قارا گېپىڭنى ئاكا، سەن قىلغان ئەسكىلىكنى مەن قىلسام بولمامدىكەن؟ مېنى ئوغۇل بالا ئەمەس ئىكەنسەن، دېدىڭ، سەن ئوغۇل بالىمۇ؟ بۇ شەھەردە ئوغۇل بالا يوق ئەمەس، بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى جان باقار بولۇپ كەتتى. ھەتتا، سېنىڭ ھارامدىن بالا تاپىدىغان داداڭمۇ ئوغۇل بالا ئەمەس. بوۋاڭنى ئوغۇل بالا دېسەڭ بولىدۇ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىككى بېلىكىگە تايىنىپ باي بولغان، يۇرتىنىڭ غېمىنى يېگەن. سەنچۇ؟ سەن بوۋاڭنى دورىيالىمىدىڭ، نېمە ئۈچۈن دورىيالمىدىڭ؟ شەيتىنىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىڭ! مانا ئەمدى سەن كىرگەن شەيتاننىڭ كەينىگە مەنمۇ كىرىپ قويسام نېمە بوپتۇ؟!
— مەن ناماقۇل ئۇكام، مېنى قويىۋەت.
— ئۇنداق ئاسان قويىۋېتىدىغان ئىش يوق ئاكا، سەن مىڭ تەسلىكتە ئاشخانامغا دەسسىدىڭ، مەن سېنى قۇرۇق يولغا سېلىپ قويسام قانداق بولىدۇ؟
— مېنى قويىۋەت، ئىككىمىز بىللە ئۆيگە بارايلى، ساڭا يۈز مىڭ سوملۇق ئالتۇن تارتىپ بېرەي، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ جېدىلى تۈگىسۇن!
— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشلار ئەمدى پۇل بىلەن پۈتمەيدۇ ئەختەم ئاكا، پۇل بىلەن پۈتىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى. سەن مېنى چۈشەنمەيسەن، مەنمۇ ساڭا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم. ئەمدى ئالتۇنۇڭنى چېكەڭگە تاڭ. گەپ قىلە، قولۇڭنىڭ قەيىرىدىن چانايمەن؟ ئاز - تولا ئادىمگەرچىلىك قىلىپ قوياي، ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ بەر، مەنمۇ ئەسكىلىكنى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەي!
— جېنىم ئۇكام، مېنى قورقۇتما!

— سېنى قورقىتىپ ئويناپدىغان ئاخماق سۇلتان يوق بۇ جاھاندا، مەن قىلىمەن، دېگەن ئىشىمنى قىلىمەن. مەن ئەللىك يىلدىن بېرى مۇشۇ كۈننى، مۇشۇنداق بىر ئىش قىلىشنى كۈتۈپ كەلدىم.

ئەختەم تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى قارا تەر باستى.

— يارى! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلتان.

— مانا مەن، — يارى تاماق ئىتىدىغان ئۆيدىن ئىتتىكلا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئىشىكنىڭ قېشىدىن كەتمىگەنىدى.

— بىلەيىنى ئېلىپ چىقە ئۇكام، چەيدو قاشىرىپ قاپتۇ، ياخشىراق بىلەۋىتەي. ئاكام نازۇك ئادەم، ناننىڭ يۇمشىقىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، گال چەيدودا قىينىلىپ قالمىسۇن يەنە!

يارى ھە دېگەندە ماڭماي تۇرۇۋالدى، سۇلتان بىر ئالىيىپ قويۇۋېدى، ئامالسىز كىرىپ، بىلەيىنى ئېلىپ چىقىپ بەردى.

— ئەمدى سەن بېرىپ ئىشىڭنى قىل، سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالما، — دېدى سۇلتان.

يارى تاماق ئىتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— گەپ قىلە ئاكا، ئەگەر چاناپدىغان يەرنى كۆرسىتىپ بەرمىسەڭ، ئۆزۈم بىلگەن يەردىن چانايمەن! — دېدى سۇلتان قولىدىكى قىڭراقنى بىلەپ تۇرۇپ.

— ھەي ھارامدىن بولغان گۆي، كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن جۇمۇ سېنىڭ! — ئەختەم ۋارقىراپ كەتتى.

— گەپ بولدى ـ دە، ئاكا بۇ، تازنى تاز دەپ كەينىگە كىرىۋالغاندەك بىر ئىش بولدى ـ دە! مەن ھېچ قاچان ئۆزۈمنى ھارامدىن بولمىغان، دېگەن يېرىم يوققۇ، يەنە دېسەڭ يەنە شۇ گەپ، يېڭىراق گېپىڭ يوقمۇ؟ مەسىلەن، ئىشتاننىڭ تېشىدىن بولغان، دېگەندەك!

— بار، يېڭى گېپىم بار،— ئەختەم شۇنداق دەپلا كۇلۇپ ئولتۇرغان سۇلتاننىڭ قورسىقىغا بىرنى تەپتى.

سۇلتان ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. تاماق ئېتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان يارى يوگۈرۈپ چىقىپ ئۇستىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— يارايسەن ئاكا، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك،— دېدى سۇلتان يەنە كۇلۇپ تۇرۇپ،— يارى، سەن كىرىپ كەت ئۇكا.

يارى تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سۇلتان تامغا قارىدى، تامدا ئىككى چوڭ مىخقا ئىككى قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى، ئۇ بىر قۇلۇپنى ئېلىپ، تاماق ئېتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلىدى.

— مانا ئاكا، ئەمدى بۇ ئاشخانىنىڭ ئىچىدە ئىككىمىز قالدۇق، ئەمدى مېنىڭ كارامىتىمنى كۆر. قورقۇپ، ئىمان ئېيتىپ يۈرمە يەنە، مەن جېنىڭنى ئالمايمەن، ماڭا بىر قولۇڭنى بەرسەڭ بولدى!

سۇلتان ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇپ، ئەختەمنى يېرىم يەشتى، ئوڭ قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن ئۇنى ئورۇندۇققا يەنە ماتاپ تېڭىۋەتتى. ئەختەم ھەر قانچە يۇلقۇنۇپ باقسىمۇ بولمىدى، بوشىنالمىدى. شۇ ئارىدا سۇلتان يۆلەنچۈكسىز بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ كېلىپ، ئەختەمنىڭ ئالدىدا قويدى، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا قويۇپ تۇرۇپ، بىغىشىغا دەسسەپ تۇردى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىلەپ تەييار قىلغان قىڭراق بىلەن ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ ئوڭ قولىنىڭ تۆت بارمىقىنى چاپىۋەتتى. ئەختەمنىڭ بارماقلىرىدىن ھەدەپ قان ئېقىشقا باشلىدى. يارى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغانىدى، ئۇ باللار بىلەن ئىشكنى تېپىپ بۇزۇپ ئېچىپ، ئۇستىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئۇستام، يامان قىلدىڭىز، قانسىراپ كەتسە ئەختەمكام ئۆلۈپ قالىدۇ. مىجىت، قولنى تاڭىدىغان بىرنەرسە تېپىپ كەل، — دېدى يارى.

مىجىت بىر لۆڭگە تېپىپ كەلدى. يارى لۆڭگىنى يىرتىپ، ئەختەمنىڭ قان ئېقىۋاتقان بارماقلىرىنى تاڭدى.

— قورقۇپ كەتمە يارى، ئاكامنىڭ جېنى چىڭ، قېنىمۇ جىق، ئاسانلىقچە ئۆلمەيدۇ، — دېدى سۇلتان، — سەن تالاغا چىقىپ بىر تاكسى توسا، بىز ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

ئەختەم هوشىدىن كەتكەنىدى، سۇلتان ئۇنى باغلىغان ئارغامچىنى يېشىۋەتكەندە يەرگە دۈم يىقىلىپ، قىمىرلىماي ياتتى.

يارى هايال بولماي بىر تاكسى تېپىپ كەلدى. يارى بىلەن مىجىت ئەختەمنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، تاكسىغا سالدى. سۇلتان ئايرىم بىر تاكسى چاقىرىپ ئولتۇردى، ئۇلار ئەختەمنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

ئۇلار بىردەمدىلا دوختۇرخانىغا يېتىپ باردى. يارى مىجىت بىلەن ئەختەمنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى، دوختۇرلار ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىي داۋالاشقا كىرىشتى.

— يارى، — دېدى سۇلتان ئەختەمنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان يارىنى زالغا چاقىرىپ چىقىپ، — تۇتە ماۋۇ تۆت مىڭ سوم پۇلنى، يېنىمدا بارى مۇشۇ ئىكەن، بۇ پۇلنى ئەختەمكامنى داۋالىتىشقا ئىشلەت، يەتمىگەن قىسمىنى ئۆيگە بېرىپ ھەدەڭدىن ئال. مەن هازىر ساقچىخانىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن. ئەمىسە ئاشخانا ساڭا قالدى، مەن تۈرمىدىن چىققۇچە چاندۇرماي ئاشخانىنى ئېچىپ تۇرغىن، ئۆلمەي قالسام كۆرۈشەرمىز! — دېدى سۇلتان.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ئۇستام، ساقچىغا بارماڭ، بۇ ئىشنى ئۆز ئىچىمىزدە تۈگىتەيلى، ھەرگىز ساقچىغا بارماڭ! — دېدى يارى جىددىيلىشىپ.

— ياق، بارمىسام بولمايدۇ ئۇكام. يەتمىش نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپتىمەن، يەيدىغان رىزقىممۇ تۈگەپ قالدى، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ مۇرادىمغا يەتتىم. يامانلىق قىلىپ چىدىغان ئادەم، يامانلىقنىڭ جازاسىغىمۇ چىداش كېرەك!

—ئۇستام، بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ، ساقچىغا بارماڭ. سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس، ئۆزىڭىزنى ئويلىمىسىڭىزمۇ باللىرىڭىزنى ئويلاڭ! — دېدى يارى.

— رەھمەت ئۇكام، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت. ئەختەمكامغا ياخشى قارىغىن، دوختۇرلارغا ئېيتىپ قوي، قورسىقىدا دادامدىن قالغان، مەن قولۇمغا سېلىپ يۈرگەن ھېلىقى ئۈزۈك بار، دوختۇرلار قورسىقىنى ئاپىراتسىيە قىلىپ، ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئەختەمكامغا بەرسۇن. ئۇنىڭ باللىرى بۇ ئىشنى ئاڭلىسا ھەممىسى يېتىپ كېلىدۇ. سەندىن نېمە بولدى؟ دەپ سورىسا، مەن بولغان ئىشنى بىلمەيمەن، ئاشخانىغا كىرسەم يەردە ۋايجان، دەپ يېتىپتىكەن، باللار بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدىم، دەپ قويساڭ بولدى. قالغان ئىشلارنى ئۇلار ساقچىلار ئارقىلىق بىلىۋالىدۇ. ئەمىسە مەن ساقچىخانىغا ماڭدىم ئۇكام، كۆرۈشەلمىسەك مەندىن رازى بولغىن، بىر كىمگە بېرىشىم يوق، روزاخۇن كېپەكتە ئىككى مىڭ سوم ئېلىشىم بار. . .

سۇلتان چىقىپ كەتتى. يارى كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، ئۇستىسىنى ئۇزىتىپ قويدى.

سۇلتان ئۇدۇل بازاردىكى ساقچىخانىغا باردى، ساقچىخانىدا ئوتتۇز ياش چامىسىدىكى بىر ساقچى ئۇنى كۈتۈۋالدى.

— سۇلتانكامغۇ بۇ، ھە، بۇياقلارغا قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى ساقچى سۇلتان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ.

— مېنى تونۇيدىكەنسىز ـ دە، ئۇكام،— دېدى سۇلتان بوش سۆزلەپ.

— سىزنى بۇ شەھەردە كىم تونۇمايدۇ، بىز سىزنىڭ سامسىڭىزنى يەپ چوڭ بولغان تۇرساق. . .

— رەھمەت ئۇكام، مەن بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم. نېمە دەيمەن ئۇكام ئەمدى، مەن بۈگۈن بىر كەم ئەقىللىق قىلىپ قويدۇم، ھېلىقى ئەختەم ئاقسۆڭەك دېگەن ئادەمنى بىلىسىز، ھېلىقى قىش ـ ياز ئاق ئۆتۈك كىيىپ، بازار ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئادەمچۇ، ئەسلى ئۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ، بىز بەزى زىددىيەت تۈپەيلىدىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جېدەل قىلىشىپ كەلگەن. بۈگۈن دومباق يېرىلدى، بۈگۈن چىڭراق تۇتۇشۇپ قالغانتۇق، ئاچچىقىمغا چىدىماي ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ تۆت بارمىقىنى چەيدو بىلەن چاناپ سالدىم. ئۇنى تېخى بايىلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويدۇم، ھازىر جىددىي قۇتقۇزۇۋاتىدۇ. بولغان ئىش شۇ ئۇكام، ئەمدى مېنى ئۆزۈڭلار بىرتەرەپ قىلىڭلار، — دېدى سۇلتان.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز سۇلتان ئاكا. . . — دېدى ساقچى ئۇنىڭ ئىشتان ـ چاپانلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ئىشەنمىسىڭىز، خەلق دوختۇرخانىسىغا تېلېفون بېرىڭ ئىنىم، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنى ئېلىپ، دوختۇرلاردىن سوراڭ،— دېدى سۇلتان.

ساقچى يىگىت سۇلتاننىڭ گېپى بويىچە خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىپ، ئەختەمنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. دوختۇرلارنىڭ دېگىنى بىلەن سۇلتاننىڭ دېگىنى ئوخشاش چىقتى.

ساقچىلار سۇلتاننى قولغا ئالدى.

— سىزگە دېمەيدىغان گەپ ئىدى سۇلتان ئاكا، ئەمدى گەپ شۇنداق توغرا كېلىپ قالدى. بۇ دۇنيانى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن ئاكا، مېنىڭچە، بۇ جاھاندا ساق ئادەم يوق، ھەممىمىز ساراڭ بولغان ئوخشايمىز، ساراڭ بولمىساق، بىر - بىرىمىزگە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرەتتۇقمۇ؟ ئاداۋەت ساقلاش ئادەمنى قۇرىتىدۇ ئاكا، ئاداۋەت ساقلىغان يامان، ئاداۋەت ساقلىمايلى، دەپ چىرايلىق گەپ قىلىمىزيۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن نېرى بولالمايمىز، تېخى پات - پات ئاداۋەت پەيدا قىلىپ تۇرىمىز. بۇ بىزدىكى ئەڭ يامان كېسەل، — دېدى ساقچى.

— توغرا ئېيتتىڭىز ئۇكام، ئادەم توۋا قىلمىسا ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدىكەن... — دېدى سۇلتان ساقچىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

## 28

ئەختەم دوختۇرخانىدا بەش ئاي داۋالاندى. دوختۇرلار ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، قورسىقىدىكى ئۈزۈكنى ئالدى. دوختۇرلار سۇلتاننىڭ تەلىپى بويىچە ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. بەش ئايدىن كېيىن بالىلىرى ئەختەمنى ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇ كۆزلىرىنىڭ خۇنى كەتكەن، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئالىم بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ پاراڭلاشتى.

— مەن سېنى بۇنداق بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلىمىغان

بالام، ھېچ قاچان بۇنداق بولۇپ كېتىشىڭنى خىيالىغىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن. مەن بولسام ياشىنىپ قالدىم، تۆت كۆنلۈك ئۆمۈرۈم قالدى. ساڭا ئۇ نىجىسنى چەكمە، تاشلا، دەپ بەكمۇ كۆپ سوزلىدىم، لېكىن سەن بۇ يامان ئادىتىڭنى تاشلىمىدىڭ بالام. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن سەندىن بەكمۇ ئۈمىد كۈتەتتىم، سېنى باشقا باللىرىمدىن كۆپرەك ئەتىۋارلاپ باقتىم، تەربىيىلىدىم، ئوقۇتتۇم، خىزمەتكە چىقتىڭ، كېيىن سېنى ئۆيلەپ قويدۇم، باللىق بولدۇڭ، بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى تۇرمۇش بولمايدۇ بالام. لېكىن، سەن ئۆزۈڭنى بىلمەي قالدىڭ، خىزمىتىڭنى تاشلىدىڭ، بازاردا تىجارەت قىلىمەن، دېدىڭ، بوپتۇ دېدىم، ئوقۇدى، ئەقىل تاپتى، بىر ئىشنى ئويلايدىغاندۇ، دېگەن ئويدا بولدۇم. ئەلۋەتتە تىجارىتىڭ ياخشى بولدى، پۇلمۇ تاپتىڭ. قىسقىسى، ئۆزۈڭ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلىدىڭ بالام. بىراق، سەن ئاق تاماكىغا ئۆگىنىۋالدىڭ، ئاشۇ ئالۋاستى سېنى بۈگۈنكى ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، مەنمۇ سېنىڭ دەردىڭدە تۆت بارمىقىمدىن ئايرىلدىم، ئوپېراتسىيە بولدۇم، يېرىم جان بولۇپ قالدىم. بىز جامائەتچىلىك ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە سەتچىلىككە قالدۇق، بۇ شەھەردە ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۆتىنىڭ كەينى بولسا، تۆتىنىڭ ئالدى بولۇپ ياشىغان، بىزمۇ ئەل قاتارى بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ياشاپ كەلگەنىدۇق. لېكىن، كېيىنكى كۈنىمىز ياخشى بولمىدى، سۇلتان رەسۋا بىزگە چاپلىشىۋېلىپ جىق ئەسكىلىك قىلدى، ئۇ ماڭا تەڭ كېلەلمەي ئاخىر سېنى يولدىن چىقاردى، مەندىن ئالالمىغان ئۆچىنى سەندىن ئالدى. ئەمدى ھوشۇڭنى يىغمىساڭ بولمايدۇ بالام، مەن سېنى داۋالىتاي دەۋاتىمەن، ساڭا ئەمدى دورا پايدا قىلىشى ناتايىن. شۇنداق بولسىمۇ داۋالانمىساڭ بولمايدۇ. خوتۇنىڭدىن ئايرىلدىڭ، باللىرىڭدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى داۋالانمىساڭ، ئاق

تاماكىنى تاشلىمىساڭ، جىنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

— مېنى كەچۈر دادا، مەن ئازدىم، دېسەم گەپ تولا. ئەمدى مەن ئاق چېكىشنى چوقۇم تاشلايمەن، مەن سەن دېگەندەك ياخشى ئادەم بولىمەن، — دېدى ئالىم چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— خۇدايىم ئىنساپ بەرسۇن بالام ساڭا. بالىلىرىڭغا قارىمىساڭ بولمايدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالىدەك ياشىشى كېرەك. ئاق تاماكىنى تاشلا، تۇرمۇشۇڭنى يېڭىدىن باشلا، ئايالىڭ بىلەن يارىشىۋال. ئۇ بىچارىدە نېمە گۇناھ بار، دەيسەن؟ ئۇ يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىدۇ. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەنە ئۈچ ئاي دورا ئىچىپ دەم ئالسام، بارماقلىرىم ساقىيىپ كېتىدىكەن، مەن ساقايغاندىن كېيىن سېنى ئىچكىرى ئۆلكىگە ئاپىرىپ داۋالىتىپ كېلەي. مەن شەھەرلىك زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىدىن ئەھۋال ئىگىلىدىم، شىئەن شەھىرىدە بىر زەھەر تاشلىتىش ئورنى بار ئىكەن، ئۇيەردە زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن نۇرغۇن بالىلار داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن سېنى شۇ يەرگە ئاپىرىمەن، قانچە پۇل كەتسە مەيلى بالام، سەنلا تۈزەلسەڭ، ئائىلىمىزنىڭ، جەمەتىمىزنىڭ چىرىغى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن بەكمۇ چوڭ ئىش. مەن ساڭا ئىشىنىمەن بالام، سەن چوقۇم چاپلىشىۋالغان بۇ ئالۋاستىنى تاشلىۋېتەلەيسەن! — ئەختەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى...



ئاردىن يەنە يېرىم يىل ئۆتتى. ئەختەم ئالىمنى شىئەنگە

ئاپىرىپ داۋالاتماقچى بولدى. باھاردا ئۇ سەپەرگە جابدۇۋاتقان كۈنلەردە، سۇلتاننى شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى يەتتە يىل كېسىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر ئەختەمنى نېمىشقىدۇر خۇش قىلالمىدى، ئۇ ئىچىدە بۇ ھارامدىن بولغاننى مەڭگۈ تۈرمىدىن چىقالمايدىغان قىلىپ جازالىغان بولسىچۇ، دېدىيۇ، ئەمما كۆڭلى بىر قىسما — غەمكىن بولۇپ قالدى.

ئالىم دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ قويۇپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «بۇ جاھان ئەسلىدە مەن ئويلىغاندەك جاھان ئەمەس ئىكەن» دېدى ئۇ ئىچىدە. لېكىن ئەتە - ئۆگۈن شىنجاڭغا يولغا چىقىمىز، دەپ يۈرگەن كۈنلەرگىچە ئاق تاماكىدىن قۇتۇلالمىدى.

شەنبە كۈنى ئىدى، ئەختەم ئاقسۆڭەك ئالىمنى ئېلىپ، بىسمىللا دەپ يولغا چىقتى. ئالىمنىڭ ئانىسى مەريەم بالىسىغا ئېسىلىپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغىنىڭ ئىچىدە دېگىلى بولىدىغان ھەم دېگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار ئىدى. ئەختەم ئۇلۇغ تىلىكى بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى.

ئون كۈندىن كېيىن، ئۇلار شىنجاڭ شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئالىم دادىسى بىلەن ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ زەھەر تاشلىتىش ئورنىنى تاپتى. ئەختەم بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن ئالىمنى زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى.

— ئەمىسە بالام، مەن ئەتە كېلىمەن، سەن بۇ ئورۇندا ياخشى داۋالان. بۇ يەرنىڭ شارائىتى ياخشى ئىكەن، مۇسۇلمانچە ئاشخانىسىمۇ بار ئىكەن، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى مەن ئاڭلىغاندەك ئوبدان ئىكەن. غەيرەت قىل بالام، بۇنداق ياشىساڭ بولمايدۇ. يەنە دېسەم، يەنە شۇ گەپ، مەن بازارغا كىرىپ ئازراق بىر نەرسە يەۋالاي، ئاندىن بۇ يەرگە يېقىنراق بىر مېھمانخانىغا چۈشەي،

ساڭا كۆندە ھەمراھ بولىمەن بالام. . .

— مەن بۇ يەردە بىر يىل داۋالىنىمەنكەن دادا، سەن ئۆيگە كېتىۋەرگىن، مەن ساڭا خەت يېزىپ تۇرىمەن،— دېدى ئالىم نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— بۇ گەپلەرنى ئەتە قىلىشايلى بالام، سەن ئالدى بىلەن بۇ ئورۇنغا كۆنىۋال،— دېدى ئەختەم.

ئەختەم بازارغا بېرىپ، بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ قورساق تويغۇزدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ خىيال قىلىپ دېرىزىدىن يولغا قاراپ ئولتۇردى. يولنىڭ ئۇ قانتىدا كاۋاپ سېتىۋاتقان ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى، ئاشخانىدىن چىقىپ، يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ، كاۋاپچىنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم،— دېدى ئۇ كاۋاپچىغا سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدى كاۋاپچى كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەلسىلە، بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرسىلا ئاكا!

كاۋاپچى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئىدى، خۇشخۇي، كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم بىردىنلا ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى.

— كاۋاپتىن تۆت ـ بەش زىخ پىشۇرۇپ بېرەيمۇ ئاكا؟ — دېدى كاۋاپچى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇكام، مەن ھازىر تاماق يەۋالدىم. يولنىڭ ئۇ قانتىدىكى خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرگەنىدىم، سىزنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قېلىپ، سىز بىلەن سالاملىشىپ، بىردەم مۇڭدىشاي، دەپ كېلىشىم.

— ياخشى بوپتۇ ئاكا. كاۋىپىممۇ تۈگەي دەپ قالدى، ئۆزىڭىز شىنجاڭدىن تېخى يېڭىدىن كەلگەندەك قىلىسىز، مەن سىزنى ئۆيۈمگە باشلاپ باراي، تونۇشۇپ قالايلى، ئۆيۈمنى

كۆرۈۋېلىڭ. ئىسمىم ياسىنجان بولىدۇ، — دېدى كاۋاپچى ئەختەمگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇكام. . . ئۆيىڭىزگە بارسام باراي، بىردەم مۇڭدىشىپ كېلەرمەن.

ياسىنجان يېرىم سائەتكە قالماي كاۋىپىنى سېتىپ بولدى، كاۋاپدېنىنى يىغىشتۇرۇپ، قېشىدىكى خۇيزۇ ئاشخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئەختەمنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.

— يۇرۇڭ ئاكا، ئەمدى ئۆيگە بارىمىز، مەن دوختۇرخانىنىڭ قېشىدىكى كوچىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدىم. ئۆي ئىگىسى خۇيزۇ، ئۆزى بەك ياخشى نەرسە، دوختۇرخانىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدۇ. ئېتى مايۈەن، مەن لوما دەپلا چاقىرىمەن. ئۆزى ئانچە - مۇنچە ئىچىپمۇ قويىدۇ، ئىككىمىز تازا ئېپىشتۇق دەڭە، مەن تاماكا چەكمەيمەن، ئەمما ئازراق ئىچىپ قويىمەن. قانداق قىلىمىز ئاكا ئەمدى، يالغۇزچىلىق يامان ئىكەن، ئۆزىڭىزنىڭ ئىسىم - شەرىپىڭىز كىم بولىدىكىن؟! — دېدى ياسىنجان.

— ئىسمىم ئەختەم.

— ئۆزىڭىز شىنجاڭنىڭ قەيېرىدىن بولىسىز؟

— غۇلجا شەھىرىدىن بولىمەن.

— مەنمۇ گەپ - سۆزىڭىزگە قاراپ، سىزنى غۇلجىلىقمىكىن، دەپ پەرەز قىلغان، دېگەن بىلەن خاتا پەرەز قىلماپتىمەن.

ياسىنجان ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان قورۇ خېلى چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆزى كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى ۋە ئۆينى خېلى ياخشى تۇزەشتۇرۇۋالغانىدى، ئىچكىرىكى ئۆيگە تاختايدىن ئېگىز سۇپا چىقىرىپ، ئۈستىگە چوڭ ئىككى پارچە گىلەم سېلىپ قويغانىدى. ياسىنجان ئەختەمنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلىدى.

ئەختەم تاختايلىق سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ياسىنجاندىن يەنە تىنچ - ئامانلىق سورىدى.

— ئولتۇرسىلا ئەختەم ئاكا، — دېدى ياسىنجان ئەمدى ئەختەمنى سىلىلەپ سۆزلەپ، — ئۆينى مۇشۇنچىلىك تۇتۇپ ئولتۇردۇم، قارىسلا.

— ياخشى تۇتۇپ ئولتۇرۇپسىز، بۇ ئۆيدە ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى ئەختەم ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ ئولتۇرۇپ.

— شۇنداق. ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرىمەن.

ياسىنجان ئەختەمنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇردى.

— بۇ نان بەك ئوخشاپتۇ ياسىنجان ئۇكام، ئۆزىڭىز ياقتىڭىزمۇ، نېمە؟ — دېدى ئەختەم بىر چىشلەم ناننى هۇزۇرلىنىپ چايناپ تۇرۇپ. نان بىلەن ئېغىزلانغان بۇ ئادەم نان يېمىگىلى خېلى كۈن بولغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، قولىدىكى نان بەكمۇ تېتىپ كەتتى.

— بازاردىن ئالدىم. بىزنىڭ يۇرتلۇق بىر ناۋاي بار، ئۇ هەر كۈنى ئەتىگەندە نان يېقىپ بازارغا ئەكىرىدۇ، قالغان ۋاقىتتا ماڭا ئوخشاش بازاردا كاۋاپچىلىق قىلىدۇ. مەن ئىككى كۈندە بىر قېتىم بېرىپ، شۇ ئادەمنىڭ نېنىدىن ئېلىۋالىمەن. بۇ يەردە هازىر شىنجاڭدا بار نەرسىنىڭ هەممىسى تېپىلىدۇ. بۇ شەهەرنىڭ بىر ياخشى يېرى خۇيزۇلار كۆپ. خۇيزۇلار كۆپ بولسا بىزگە ياخشى بولىدىكەن. مەن سىلىگە ئۆزۈمنىڭ ئەهۋالىدىن ئازراق سۆزلەپ بېرەي: مەن مۇشۇ شەهەرگە كېلىپ تۇرىۋاتقىنى ئىككى يىل بولاي، دەپ قالدى، شۇنىڭدىن بېرى بازاردا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتىمەن، تاپاۋىتىم يامان ئەمەس. خۇداغا شۈكرى، كىشىنىڭ يۇرتىدا خارلانماي مۇشۇنچىلىك

ياشاپ تۇردۇم. مەن قەشقەر يېڭىساردىن، ئۆزۈم دېھقان، يەر تېرىيتتىم، بىراق يېرىم ئاز، ئالتە بالام بار، يۇرتتىمۇ ئانچە - مۇنچە كاۋاپچىلىق قىلاتتىم. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز دېمەملا ئاكا، بالىنىڭ غېمى، بالامنى دەپ مۇشۇ يەردە كاۋاپ سېتىپ يۈرىمەن. باللىرىم ئىچىدە بىرلا بالامنى ئوقۇتقاندىم، ئۇنىڭ ئىسمى توختىيار، ئۆزى بەك ئەقىللىق بالا، تۆت - بەش ياشقا كىرگەندىلا چوڭ ئادەمدەك گەپ قىلاتتى، شۇڭا ئۇنى ئوقۇۋالسۇن، دەپ مەكتەپكە بەرگەنىدىم. باللىرىمنىڭ ئۈچى قىز، ئۈچى ئوغۇل، ئىككى ئوغلۇمنى موللامدا ئوقۇتتۇم، قىزلىرىمنى تەربىيىلەپ ماشىنىچى قىلدىم. توختىيار بىر ئوقۇپ قالسۇن، ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەپ قالار، دەپ مەكتەپكە بەرگەنىدىم، ئارزۇ قىلغىنىمدەك ياخشى ئوقىدى. ئۇنىڭ ئۇستازى بىلىملىك ئادەم ئىدى، ئۇ بالىنى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە تىل ئۆگەتتى. ئۇ ھازىر خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە تىللارنى خېلى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇستازى ئۇلارغا تىل ئۆگىنىڭلار، تىل ئۆگەنسەڭلار چىقىش يولى تاپالايسىلەر، دەيدىكەن. بالام توختىيار ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزىگە بەك قايىل. ئۇ ماڭا تىل ئۆگىنىش توغرىسىدا بەكمۇ جىق گەپلەرنى قىلىپ كېتىدۇ. گېپىنىڭ تەگدىن تولىسىنى چۈشەنمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇ بىر ئەقىللىق بالا بولدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنىدى، قەشقەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنى ئۆزاتقاندا ناھىيىمىزنىڭ ھاكىمى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا بەش مىڭ كوي پۇل مۇكاپات بەردى، بۇ پۇل بىزگە خېلى دال بولدى. بالام توختىيار بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىدۇ. كاۋاپچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ، شۇ بالىنى خاتىرجەم ئوقۇتۇۋالاي، دېگەن ئويدا، ئۇ بالا بېيجىڭگە كېتىپ، ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا يەرلەرنى باللارغا تېرىپ بېرىپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدىم، تاپقان پۇلۇمنى يىغىپ ئايدا

بالام توختىيار بىلەن ئۆيگە ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمەن. توختىيارمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بالا بولدى. يازلىق تەتىلدە بۇ يەرگە كېلىپ، ماڭا ياردەملىشىدۇ، ئىككىمىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىككى كاۋاپداندا كاۋاپ ساتىمىز، ھەرھالدا ئوقىتىمىز ياخشى. بىز شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، يەرگە تايىنىپ بالامنى ئوقۇتالمايمەن دېسىلە. بىزنىڭ يۇرتتا ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، پۇلى يوق ئوقۇيالماي قالغان بالىلار بەك كۆپ. بالام بولسىمۇ ئوقۇپ قالسۇن، دەپ بۇ يەردە دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ ئىشلەپ يۈرىمەن دېسىلە، شۇ بالىنى دېمىسەم ماڭا كىشىنىڭ يۇرتىدا نېمە بار دەيلا ئاكا؟

ئەختەم ياسىنجاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ توختىيار بىلەن ئالىمنى سېلىشتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ بالا تەربىيىلەشتە قايسى تەرەپلەردىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلالمىدى.

— قېنى، باقسىلا ئەختەم ئاكا، كۆز يېشى قىلىپ قالدىلىغۇ؟ — دېدى ياسىنجان.

— ھەي، بالا دەردى بولمامدۇ ئۇكام. . .

ئەختەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاۋەتتى. ياسىنجان ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئەختەم بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، ئاكا، بۇ گەپلىرىچە بالىلىرىنى بۇگۈن زەھەر تاشلىتىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇپلا ـ دە، بىر ـ ئىككى ئاي داۋالىنامدىكەن يا؟

— بىر يىل داۋالانمىسا بولمايدۇ، دەيدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا، زەھەر ئۇنىڭ ئۇستىخىنىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ساقىيىپ قالا ئەختەم ئاكا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئازماس ئاللا، دەپتىكەن،— دېدى ياسىنجان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— بالا دېگەننى بەك راھەت تۇرمۇشتا بېقىپ چوڭ قىلسىمۇ بولمايدىكەن ئۇكام. . . — دېدى ئەختەم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق ئاكا، بالا دېگەننى ئەركىلىتىپ چوڭ قىلغۇلۇق ئەمەس، بولمىسا بالا چوڭ بولغاندا بالا بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ، بالىلىرى ئوڭشىلىپ قالا. قانداق قىلىمىز ئەمدى، پېشانىسىغا پۈتۈلگىنى شۇ بولغىيدى. خوش، ئۆزلىرى بىرەر مېھمانخانىغا چۈشتىلىمۇ يا؟

— ياق، تېخى مېھمانخانا ئىزدەپ بارغۇدەك بولمىدىم ئۇكام . . .

— ھە، مۇنداق دېسىلە،— دېدى ياسىنجان ئىچىدە بىر ئىشلارنى ئويلاپ،— ئەمىسە، مەن سىلىگە ئازراق مەسلىھەت بېرەي ئاكا، ئويلىشىپ باقسىلا. ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىكەنلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەكمۇ كۆپ جاپا تارتىپلا، يالغۇز يېتىپ - قوپۇپ يۈرسىلە بولماس، ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيىنى تۇتۇپ ئولتۇرمايمىزمۇ، بىللە كاۋاپچىلىق قىلىمىز. شۇنداق قىلسىلا بىرىنچىدىن، زېرىكىپ قالمايلا، ئىككىنچىدىن، قوللىرىغا تۆت - بەش تەڭگە پۇل كىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولىمىز قانداق؟

ئەختەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىچى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

— رەھمەت ئۇكام، بۇ گېپىڭىز بەك ياخشى گەپ بولدى. ئەمىسە، سىز دېگەندەك قىلايلى، مەن ئەتە بېرىپ بالامنىڭ قېشىدىن سومكىلىرىمنى ئەكىلەي، سىزگە قارىشىپ بېرەي.

ياسىنجاننىڭ كۆزلىرىدە ئىللىق نۇرلار چاقناپ تۇراتتى، ئەختەم ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھاياجانلىنىپ كەتتى. . .

# 30

بىر يىلدىن كېيىن ئەختەم بالىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئالىمنىڭ چىرايىغا خېلى قان يۈگۈرۈپ قالغانىدى، ئانىسى ئۇنى شۇ هالدا كۆرۈپ ئالىمغا ئېسىلىپ يىغلىدى، ئوغلىنىڭ دەردىدە بىچارە ئانىنىڭ يۈرىكى زىدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئەختەم شىئەندە تۇرغان بىر يىل ئىچىدە ئۆيىگە هەپتىدە بىر قېتىم تېلېفون بېرىپ تۇرغان، مەريەم هەر قېتىم تېلېفوندا مەنمۇ شىئەنگە بېرىپ ئالىمنى كۆرۈپ كېلىمەن، دەپ جېدەل قىلغان، لېكىن ئەختەم ئۇنىڭ شىئەنگە بېرىشىغا يول قويمىغانىدى، شۇڭا ئۇ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ ئۇزاققىچە كۆز يېشى قىلدى، ئۇنىڭغا بىرهازا سەپسېلىپ قارىدى.

— ئەمدى بۇ نىجىس تاماكىدىن قول ئۈز بالام. قارا، چىرايىڭنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكىنىنى، ئىش ـ ئوقۇتىڭنى قايتا باشلىۋال، مەن دەسمى ئۈچۈن داداڭدىن ئالتۇن ئېلىپ بېرەي. ئايالىڭ بىلەن يارىشىۋال، بالىلىرىڭنى ئۆزۈڭ باق، مەرهابا بىچارە پات ـ پات مېنى يوقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. تۇرمۇشۇڭنى يېڭىۋاشتىن باشلا بالام، مەن قېرىپ قالدىم، ئاخىرقى ئۆمۈرۈمدە سەندىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆتەي ... — دەپ يىغلىدى مەريەم.

— ئەمدى بۇ ئالۋاستىنى تاشلىمىساڭ بولمايدۇ بالام. مەن دۇنيادا سېنى دەپ ياشاۋاتىمەن، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، مەن يەيدىغىنىمنى يەپ بولغان، كىيدىغىنىمنى كىيىپ

بولغان ئادەم، شۇڭا ئەمدى كۆندىن ـ كۈنگە كەينىمگە دەسسەۋاتىمەن، دېمەك، كۆرۈدىغان كۈنلىرىم ئاز قالدى. سەن بىزنىڭ هايات ۋاقتىمىزدا، ئۇ نېمىدىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئادەم بولۇپ، تۇرمۇشۇڭنى ئىزىغا چۈشۈرۈۋالمىساڭ، بولمايدۇ بالام. . . — دېدى ئەختەممۇ بالىسىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ماقۇل دادا، مەن ئەمدى چەكمەيمەن، ئۇ نىجىسنى ئاغزىمغا ئالسام ئادەم بولماي كېتەي. قېرىغاندا سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەمدى ئوقەت قىلىپ پۇل تاپىمەن، ئايالىم بىلەن يارىشىۋالىمەن، يۈز ـ ئابرۇيىمنى قايتىدىن تىكلەيمەن، مەنمۇ ئادەم، ئادەمدەك ياشايمەن! — دېدى ئالىم كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

ئالىم ئۆيىدە ئۈچ كۈن دەم ئالدى، تۆتىنچى كۈنى بازارغا چىقىپ ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاغىنىلىرى ئۇ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇ كېلىپ ئەتىسلا خەۋەر تاپقانىدى. چۈشتە ئاغىنىلىرى ئۇنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېهمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن نۇرمەمەت دېگەن ئاغىنىسى ئۇنى «ساڭنا» مۇنچىسىغا باشلىدى.

— مۇنچىغا چۈشۈپ بىر راهەتلىنىۋال ئاداش. باغچىنىڭ قېشىدىكى «ساڭنا» غا كىرىمىز، ئىچىدە كۆلىدىن كەلگەن چىرايلىق تەتەيلەر بار، ئۇلار ئۇۋۇلاپ قويسا بەكمۇ راهەتلىنىپ قالىسەن، بىر هوزۇرلىنىۋال. بىر يىل دوختۇرخانىدا ياتماق ئاسانمۇ؛— دېدى نۇرمەمەت.

— ئۆيگە كەتسەڭلار بولارمىكىن ئاداش، ئالىمنىڭ دادىسى ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاز پۇل خەجلىمىدى. ئۆزۈڭنىڭ گۇناهى ئۆزۈڭ بىلەن كەتسۇن، ئەمدى ئۇنى ئەگەشتۈرمە! — دېدى ئالىمنىڭ يەنە بىر يېقىن ئاغىنىسى شۆهرەت.

— ئاغزىم بار، دەپ سۆزلەۋەرمە شۆهرەت، مەن ئۇزۇن

بولدى تاشلىدىمغۇ، بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلىپ قويسا ئۆمۈر بويى مايلىق قاپاق بولۇپ قالامدىكىن؟ — دېدى نۇرمەمەت خاپا بولۇپ.

— مۇمكىن ئەمەس نۇرمەمەت، سەن ئەمدى تاشلىيالمايسەن، ئۇستىخىنىڭغا ئۆتۈپ كەتتى بۇ ئوقەت. بۇ ئىشنى ۋىجدانى يوق ئادەم قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار تاشلىيالمايدۇ. شەھەر بويىچە ئاق تاماكا چەككەنلەردىن بىرەرسى تاشلاپ ئادەم بولۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدىڭمۇ سەن؟ ئەگەر بۇنى تاشلىغىلى بولسا زەھەر دېمەيدۇ. زەھەرلىك يىلان چېقىۋالسا قانداق بولىسەن؟ ئۆلىسەن! ئۇمۇ ئوخشاشلا زەھەر،— دېدى شۆھرەت مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا.

— ئاغزىڭنى بۇزما گۆي! — دەپ ۋارقىرىدى نۇرمەمەت ئۆزىنى تۇتىۋالالماي.

— بولدى قىلىڭلار، سەت ئەمەسمۇ، چوڭ كوچا تۇرسا بۇ. ئالىم، سەن نۇرمەمەتنىڭ كەينىگە كىرمە، ئاز ئەجىر قىلمىدى داداڭ ساڭا، ئۆزۈڭنى ئويلىمىساڭمۇ، قېرى داداڭ بىلەن ئاپاڭنى ئويلا. كىشىنىڭ يۇرتىدا بىر يىل داۋالاندىڭ، توۋا قىل ئەمدى! — دېدى ئالىمنىڭ يەنە بىر ئاغىنىسى تاھىر.

— سىلەرگە نېمە بولدى باللا، مەن ئالىمنى مۇنچىغا ئاپىراي دېدىمغۇ، مەن تاشلىدىم، دېسەم ئىشەنمەيسىلەرغۇ! بولمىسا بىز بىلەن «ساڭنا»غا بىللە بېرىڭلار! — دېدى نۇرمەمەت.

— بولمىسا «ساڭنا» غا ئەتە بىللە چۈشەرمىز ئاداش، مەن باللار بىلەن بىللە كېتەي! —— دېدى ئالىم.

— ئەمدى سەنمۇ ماڭا ئىشەنمەي، ئاشۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەمسەن؟ بولىدۇ ئاداش ئەمىسە. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزنى ئىزدىمەيلى، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ يولىغا ماڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ يولىغا ماڭاي! — دېدى نۇرمەمەت خاپا بولۇپ.

شۆھرەت بىلەن تاھىر ئالىمنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئالىم ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ نۇرمەمەت بىلەن كۆڭلى بەك يېقىن ئىدى. ئۇ نۇرمەمەتنى خاپا قىلىشنى خالىمايتتى، شۇڭا يەرگە قاراپ تۇرىۋالدى.

تاھىر ئالىمنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ بولدى. ئۇ شۆھرەتكە قاراپ:

— يۈرە ئاداش، كېتىمىز. خۇدادىن قورقمىسا، نېمە قىلسا قىلمامدۇ بۇ گۇيلار، — دېدى.

تاھىر شۆھرەتنى باشلاپ كەتتى.

ئالىم نۇرمەمەتكە ئەگىشىپ، «ساقىنا» مۇنچىسىغا كىردى. ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇتكۈچى يىگىت ئۇلارنى ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان كىچىك ئىككى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيدە كۈلۈپ تۇرىدىغان قىزلارغا يېتىپ بەردى، قىزلار ئۇلارنى ئەرلەر قىلىشىدىغان گەپكە سېلىپ قويۇپ، مۇزدەك قوللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى، يۈز ـ كۆزلىرىنى، بەل ـ بويۇنلىرىنى تۇتۇپ ـ ئۇۋۇلاپ قويدى. ئالىم بىلەن نۇرمەمەت تازا راھەتلەنگەندىن كېيىن، چوڭ زالغا چىقىپ چاي ئىچكەچ سافادا سىڭايان يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈشتى.

نۇرمەمەت شىمىنىڭ يانچۇقىدىن تەييارلاپ قويغان خىروئىن ئوكۇلىنى چىقىرىپ، شپرىس بىلەن بېلىكىگە ئۇرۇۋالدى. ئالىم ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ سەل جىددىيلەشتى. شۇنىڭدىمۇ ئۇ كۆرمەسكە سېلىپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— بىرەرنى ئۇرىۋالامسەن؟ — دېدى نۇرمەمەت بوش ئاۋازدا سۆزلەپ.

— ياق ئاداش، ئەمدى تاشلىمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئالىم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش، كىمنىڭ تاشلىغىنىنى كۆردۈڭ سەن، مۇشۇنداق ياخشى نەرسىنىمۇ تاشلامدۇ كىشى؟ تىرىك تۇرۇپ جەننەتكە كىرىدىغان ئىش تۇرسا بۇ. ئەكە قولۇڭنى، مەن ئۆزۈم ئۇرۇپ قوياي،— دېدى نۇرمەمەت.

ئالىم گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. ئەسلىدە ئۇ چۈشتە نۇرمەمەتنى كۆرۈپلا بەدەنلىرى قىچىشىپ، ئاق تاماكىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندەك بولغانىدى. شۇتاپتا نۇرمەمەت ئالىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغانىدى، ئۇ ئالىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېلىكىگە بىر ئوكۇل سېلىپ قويدى.

— يامان قىلدىڭ ئاداش، مەن بۇ ئىشنى تاشلىغان،— دېدى ئالىم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ، بىر كۈن بولسىمۇ راھەتلەنگەنگە يېتەمدۇ؟ — دېدى نۇرمەمەت.

— ئازراق چاي ئىچىۋال ئاداش. مۇشۇ زالنىڭ كەينى تەرىپىدە يەنە نۇرغۇن كىچىك - كىچىك ئۆيلەر بار، كىرەيلى، قىزلارغا يەنە بىر قېتىم پۇت - قوللىرىمىزنى ئۇۋۇلىتايلى. ئۇ ئۆيلەردە بېلىقتەك قىزلارمۇ بار ئاداش، بەدەنلىرىنى تۇتىدىغان بولساڭ، ئون ياش ياشىرىپ كېتىسەن! — دېدى نۇرمەمەت.

— هازىر كېسەل جىق، مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن،— دېدى ئالىم.

— سەنمۇ تولكى يوق گەپ قىلىدىكەنسەن ئاداش. ئويۇن دېگەن ئويۇن، ئەمىسە مەن شۇنچە ئويناپ يۈرۈپمۇ نېمە ئۈچۈن كېسەل بولمايمەن؟!

دەل شۇ چاغدا، بىرەيلەننىڭ بار ئاۋازى بىلەن «ئالىم» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. بۇ ئالىمنىڭ دادىسى ئەختەمنىڭ ئاۋازى ئىدى، شۆھرەتلەر چۈشتە ئاشخانىدىن چىقىپ ئالىمغا

گېپىنى ئۈتكۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئۇدۇل ئالىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دادىسىغا ئەھۋالنى ئېيتقانىدى. ئالىم دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مەن مايەردە دادا. . .

— ھەي جېنىم بالام، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن، بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دېدى ئەختەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ.

— مۇنچىغا كىرگەن . . .

— بۇ قانداق مۇنچا، بىلەمسەن؟ سەن ئەمدى، مۇشۇنداق مۇنچىغا كىرەمسەن؟ مەن نەچچە زاماندىن بېرى تامغا گەپ قىلدىممۇ بالام؟ قېنى نۇرمەمەت ئەبلەخ! ؟

— كەتتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭلار، چەكتىڭمۇ؟!

— ياق، چەكمىدىم. . .

— چەكمىسەڭ نۇرمەمەتنىڭ قېشىدا نېمە بار ساڭا؟ ماڭە ئۆيگە!

دەرغەزەپكە كەلگەن ئەختەم ئالىمنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەتتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، ئالىم زەھەردىن قۇتۇلالمىدى. پۇل تاپالىسا ئوغرىلىقچە چېكىپ، بولمىسا، زەھەرلىك سۈيۈقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ يۈرۈۋەردى. ئەختەم ئوغلىغا يىغلاپ يۈرۈپ نەسىھەت قىلىپمۇ تاشلاتقۇزالمىغاندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئاخىر ئالىمنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئاپىرىپ بەردى.

ئالىمنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا كىرىپ قالغانلىق خەۋىرى ئەختەمنىڭ جەمەتى ئىچىدە تېز تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغرىسىدا ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەر پەيدا

بولدى. مەريەم دەردكە چىدىماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

— مەن تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈم قالغان ئادەم، هاياتىمدا بىرمۇ ئادەمگە ئەسكىلىك قىلمىغانىدىم، ماڭا نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟ — دېدى مەريەم يىغلاپ.

ئەختەممۇ مەست ئادەمدەك مۈدۈرۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

## 31

ئالىم بىر يىلدىن كېيىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن قايتىپ چىقتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا زەھەردىن قۇتۇلالمىغانىدى، ئۇ قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۆيدىن قولىغا چىققان نەرسىلەرنى ئۇدۇل بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، جىقراق پۇل قىلالىسا چېكىپ، ئازراق پۇل تاپالىسا خىروئىن سۈيۈقلۇقىنى بىلىكىگە ئۇرۇپ يۈردى. بىر كۈنى دادىسىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئانىسىنى قاقشىتىپ، دادامنىڭ تىقىپ قويغان ئالتۇنلىرىنى تاپىمەن، دەپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، ئۆي ئىچىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى.

كەچتە ئەختەم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، نېمە ئىش بولغىنىنى بىلدى ـ دە، ئالىمنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە بۇنداق سەت گەپلەر بىلەن بالىسىنى تىللىغان ئىنسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئالىم ئاق تاماكىدىن قول ئۈزىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئالىمنىڭ بۈگۈنكى قىلىقى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى، دەرغەزەپكە كەلتۈردى.

— سەن ھارىمى ئادەم بولمىدىڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن مېنىمۇ سېتىۋېتىدىغان ئوخشايسەن! — دېدى ئەختەم ئالىمغا ۋارقىراپ.

ئالىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك دادىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يالغان سۆزلىدى:

— بىرسىگە قەرز بولۇپ قالغانتىم دادا، مىڭ سوم پۇل بەرمىسەڭ بولمىدى.

ھەي ھارىمى، سەن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ، نېمە ئۈچۈن تاشلىمايسەن بۇ ئىپلاس نېمىنى؟ مەن ساڭا ئاز ئەجىر قىلدىممۇ؟! مېنىڭ تۆت كۆنلۈكۈم قالغان ئادەم، ئەمدى مېنىڭ جېنىمنى ئالامسەن؟ سەن ماڭا نېمە دەپ ۋەدە بەرگەن، گەپ ئاغزىڭدىن چىقتىمۇ، نەدىن چىقتى؟

— مەن چەكمىدىم دادا، — دېدى ئالىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپ. ئۇنىڭ مىجەزى بۇرۇنقىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن، خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، بىر پارچە تاپقا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ھەي بىزەڭ، سەن مېنىڭ جېنىمنى ئالسەڭمۇ بىر كۈنى! — دېدى ئەختەم ئاقسۆڭەك ۋارقىراپ تۇرۇپ يىغلاپ.

ئەختەملەرنىڭ مەھەللىسى بۇرۇندىن تىنچ، ھويلا ـ ئاراملاردىكى خېلى پۇللۇق نەرسىلەرمۇ يوقالمايدىغان مەھەللە ئىدى. ئەمدى بۇ مەھەللىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوغرى ـ يالغان يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇگۈن بىرى «ئاخشام ھويلىدىكى ۋېلىسىپىتىمنى ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ» دېسە، ئەتىسى بىرى «كېچە ساراي ئۆيدىكى بىر پارچە گىلەمنى ئوغرى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتى» دەپ قايغۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى. بەزى ئادەملەر ھەتتا ئەختەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە «يىتكەن نەرسىلىرىمىزنى بالاڭ ئالدى، بالاڭنى باشقۇرساڭ باشقۇر، باشقۇرالمىساڭ باشقۇرالمىدىم دە،

مانا بىز باشقۇرالايمىز!» دەپ ئۇنى يەرگە قاراتتى.

— بۇ ئىش بولمىدى خوتۇن،— دېدى ئەختەم بىر كۈنى ئاخشىمى ئايالى مەريەمگە،— بۇ بالا بىزگە بالا بولدى، بىر ئامال قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مەھەللىدىكى خەقنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ ئارام بەرمىدى، مەن يۇرت ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىزدە ئەمدى نېمە ئامال قالدى ئەختەم؟ — دېدى مەريەم كۆز يېشى قىلىپ،— شىئەن دېگەن يەرگە ئاپىرىپ داۋالاتسىڭىزمۇ تۈزۈۋا قىلمىدى، بىر يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا خارلىنىپ ئىشلەپمۇ ئادەم بولمىدى ئۇ دەيۇز، مەن ئۇ مۇناپىق بالىنىڭ دەستىدە قوشنىلارنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولدۇم. قانداق قىلساق بولىدىكىنتاڭ ئۇ دەيۇزنى؟

— يا بولمىسا مۇنداق قىلايلى، مەن بازارغا بېرىپ، تۆمۈرچىگە كىشەن، زەنجىر ياسىتىپ كېلەي، ئۇنى ئۆيگە سولاپ پۇتىغا كىشەن سېلىپ، پوق - سىيدۈكىنى تۆكۈپ باقايلى. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئەمدى! — دېدى ئەختەم.

— شۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ — دېدى مەريەم ئۆكسۈپ يىغلاپ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئوغلىنى باغلاپ قويۇشقا ئانىنىڭ يۈرىكى چىدىمايۋاتاتتى.

— بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق خوتۇن. سەن بىلەن مېنىڭ تۆت كۆنلۈكىمىز قالدى، مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ باقايلى، ئۇ ئاق تاماكىنى تاشلاپ قالسا تېخى ياخشى، شۇنداق قىلساق ھېچ بولمىغاندا ئۇنى قولۇم - قوشنىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشتىن توسۇپ قالىمىز.

ئەختەم ئەتىسى سەھەردە بازارغا چىقتى. تۆڭگان مەسچىتنىڭ كەينىدىكى تۆمۈرچى بازىرىغا بېرىپ، بىر تۆمۈرچىگە كىشەن، زەنجىر بۇيرۇتتى. تۆمۈرچى ئۇنى تۆت

كۈندىن كېيىن كېلىڭ، دەپ يولغا سالدى.

تۆت كۈندىن كېيىن، ئەختەم بۇيرۇتقان كىشەن بىلەن زەنجىرنى ئېلىپ كەلدى.

— خوتۇن، بۇ ھارىمىغا كۈچۈم يەتمەيدۇ ھەقىچان، ئەگەر ئۇ كىشەن بىلەن زەنجىرنى كۆرۈپ قېچىپ چىقىپ كەتسە، تۇتالمايمىز، ئۇ چاغدا ئۇ بىزنى تېخىمۇ رەسۋا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىغا كىشەننى قانداق سالارمىز؟ قوشنىلاردىن بىر ـ ئىككىنى ياردەمگە چاقىرايمۇ؟ — دېدى ئەختەم ئايالىغا مەسلىھەت سېلىپ.

— ياق ئەختەم، بۇ ئىشنى قوشنىلار بىلىپ قالسا سەت تۇرىدۇ. مۇنداق قىلايلى، ئۇ ئاخشاملىقتا ئۇخلاپ قالغاندا پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ قۇلۇپلىۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنى كارىۋاتقا باغلاپ قويساق مىدىر قىلالمايدۇ. بۇ ھارىمىنى كارىۋاتقا باغلاپ قويۇپ باقايلى، يوق ـ سۇيدۇكىنى ئۆزۈم تۆكەي، مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق ئوخشايدۇ قارىغاندا، — دېدى مەريەم.

— ماۋۇ ئەقلىڭ بولىدىكەن خوتۇن، بۈگۈن يېرىم كېچىدە سەن دېگەندەك قىلايلى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئەختەم ئايالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالىمنىڭ پۇت ـ قولىغا كىشەن بىلەن كويزا سېلىپ، كارىۋاتقا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويدى. ئالىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دېدى ئالىم ۋارقىراپ.

— ئۆزۈڭدىن سورا مۇناپىق، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا مەنمۇ قىلغان ئىشىمنى بىلمەي يۈرىمەن!

— ئاپا، قولۇمدىكى زەنجىرنى چىقىرىۋەت، جېنىم ئاپا، مەن ئەمدى چەكمەيمەن! — ئالىم يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

مەريەم يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تالاغا چىقىپ كەتتى.

— دادا، مېنى بوشىتىۋەت، مەن ئىككىنچى ئاق تاماكا چەكمەيمەن، ماڭا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم پۇرسەت بەر دادا!
ئەختەممۇ يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تالاغا چىقىپ كەتتى.
ئالىم ئۆيدە ۋارقىراپ قالدى...
ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە باغلاپ قويۇلغان ئالىم ھە دېسىلا دەھشەتلىك ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئارامىنى قويمىدى. ئۇ خۇمارى تۇتۇپ كەتكەندە قولىدىكى زەنجىر بىلەن ئۆزىنى ئۇراتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ، يەردە دومىلاپ چىرقىرايتتى، ئۇنىڭ نالە - زارىغا چىداپ بولمايتتى. بىر ئاي شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى ۋە شۇ بىر ئاي ئىچىدە، ئالىمنىڭ باش - كۆزلىرى قاناپ يارىلىنىپ، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەريەم چىدىيالمىدى.
— ئەختەم، بالىنى قويىۋەتەيلى. تامىقى كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، بىرەر ئىش تېپىۋالمايلى يەنە ئۆزىمىزگە. قوشنىلارمۇ ئالىمنى باغلاپ قويغىنىمىزنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، رەسۋا بولمايلى يەنە، — دېدى مەريەم.
— ھەممە ئادەم بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ خوتۇن، بىز بۇ ھارىمنى مۇشۇنداق باشقۇرمىساق ئاق تاماكىدىن قۇتۇلالمايدۇ. سەن ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىدىن قورقۇپ كەتمە، بىزگە مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا يول يوق! — دېدى ئەختەم.
ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى ئىككى ساقچى ئۇلارنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەختەم ئاكا، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى نۇرى ئىسىملىك ساقچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئەختەمگە سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆيگە كىرەيلى ئۇكام نۇرى.
ئەختەم مېھمانلارنى چايخانىغا باشلىدى.
— خوش، ئەختەم ئاكا، مەن سىزگە بۇ يېڭى خىزمەتدىشىمنى تونۇشتۇرۇپ قويااي، بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئابلەت بولىدۇ، بۇ يىل ساقچى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىزنىڭ ساقچىخانىمىزغا تەقسىم قىلىنىپ كەلدى. ھە، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— خۇداغا شۈكرى ئۇكام. ئەھۋالىمنى دېمىسەممۇ سەن بەك ياخشى بىلىسەن، مۇشۇ كۈنلەردە دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن ئۇكام. بالا باقماق بەك تەس ئىكەن، ئالىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇمۇ مۇشۇ شەھەردە تۆتىنىڭ ئالدى بولۇپ ياشاۋاتاتتى، ئۇ دۆلەتنى كۆتۈرەلمىدى، بۇ بالىغا سۈتتەك ئاق نان زىيان قىلدى. بالا دېگەننى بەك ئەتىۋارلاپ باقمىدىغانمۇ ئىش ئەمەس ئىكەن، بىر ئايدىن ئاشاي دەپ قالدى، ئۇنى ئۆيدە داۋالىتىۋاتىمەن، بىر نەچچە ئورۇننىڭ دوختۇرىنى تەكلىپ قىلدىم، دورا ئىچىۋاتىدۇ، ئۇنۇمى يامان ئەمەس. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بېرە ئۇكام، ئۇ دەيۇزنىڭ. . .
ئەختەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاۋەتتى.
— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ئەختەم ئاكا، — دېدى نۇرى تەسەللى بېرىپ، — بىز سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلىمىز، سىز ئالىمنى كۆپ داۋالاتتىڭىز، لېكىن بۇ بالا ھازىرغىچە زەھەر چېكىشنى تاشلىيالمىدى. ئەسلىدە ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئەگەر ئۇ زەھەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى بىلگەن بولسا، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ چەكمەس بولغىيتتى. مېنىڭچە، سىز يەنىلا بالىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىڭ، شۇنداق قىلغاندا بالا زەھەر تاشلىيالايدۇ.
— مېنىڭچە، بۇ بالا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان

ئوخشايدۇ ئۇكام، سىلەر ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، بەش ـ ئون يىل كېسىۋەتسەڭلار بولامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ئۇنىڭ قىلغان گۇناھى ئۇنى قانۇنىي جەھەتتىن جازالىشىمىزغا توشمايدۇ، چۈنكى ئۇ پەقەت چېكىدۇ، ساتمايدۇ ئەمەسمۇ.

— بۇ بالا ماڭا بالا بولدى ئۇكام، ئۇنىڭ دەردىدە، غەم ـ قايغۇسىدا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى موماي ئىككىمىز بىر چىنە تاماقنىمۇ ئارام خۇدا ئولتۇرۇپ يەپ باققان بەندە ئەمەسمىز!

— مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن ئەختەم ئاكا. بالا يەنىلا سىزنىڭ بالىڭىز، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قاراش كېرەك، ئەمگەك بىلەن جازالاش بىلەن دورا بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرمىسەك بولمايدۇ. خوش، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ گېپىگە كېلەي ئەختەم ئاكا، بىز مۇشۇ ئىش بىلەن كەلگەنىدۇق. خەۋىرىڭىز بار، بۇ يىل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر بويىچە زەھەر چەكلەش جېڭى قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ خىزمەت ناھايىتى مۇرەككەپ خىزمەت، شۇنداقلا يەنە ناھايىتى ئىنچىكە خىزمەت. چۈنكى، بىر تەرەپتىن، زەھەر ساتقانلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشكە، يەنە بىر تەرەپتىن، چېكىۋاتقانلارغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىندا بىزگە بەزى ئىنكاسلارمۇ كەلدى. ئەختەم ئاكا، سىز بولسىڭىز يۇرتنىڭ چوڭى، دادامدەك ئادەم، مەن سىزگە گەپنى ئوچۇق قىلاي، ئالىمنى كىشەنلەپ، ئۆيدە بېقىۋاتقان ئىشىڭىز بولماپتۇ ئاكا، قانۇن بۇنداق ئىشلارغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، بىز سىزنىڭ ھالىڭىزغا يېتىمىز، بىراق سىز بالىڭىزنى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتىمەن، دېسىڭىز بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ قىلمىش. بۇ ئىشنى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىمۇ بىلىپ بوپتۇ، بىز

قېشىڭىزغا بۇگۇندىن قالماي بالىنىڭ پۇت - قولىدىكى كىشەن - زەنجىرلەرنى ئېلىۋېتىڭ، دەپ ئېيتىپ قويغىلى كەلدۇق، ئۇنى ئازاد قىلىڭ. ئەتە شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر مۇشۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن بۇ مەھەللىگە كېلىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئوغلىڭىزنى بۇگۇنلا بوشىتىۋېتىڭ ئاكا.

— مەن گېپىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن ئۇكام، بىراق ئۇنى قويىۋەتسەم ئۇ يەنە چېكىدۇ ئەمەسمۇ؟

— سىزگە دەۋاتىمەنغۇ ئاكا، شۇڭا ئۇنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىش كېرەك، تەشكىللىگە تايانمىسىڭىز، ئالىمنى ئادەم قىلالمايسىز!

— ئۇ يەردىمۇ بىر يىل تۇردىغۇ ئۇكام، چىقىپلا چېكىۋالدىغۇ بۇ گۇي!

— بۇ ئىشقا بەك ئالدىراپ كەتمەڭ ئاكا، بۇ ئىشتا مەن سىزگە ياردەم بېرىمەن. سىز بۇگۇن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىۋېتىڭ، ئوغلىڭىزنى باغلاپ قويغىنىڭىز هازىر شەھەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بوپتۇ. مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار ئەتە مەھەللىگە تەكشۈرۈشكە كېلىپ كەتسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى ئىزدەيمەن، ئەڭ ياخشى چارە — ئۇنى داۋالاش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىش، — دېدى نۇرى.

— قارىغاندا، بۇ ئىشنى سەن دېگەندەك قىلماي ئامال يوق ئوخشايدۇ ئۇكام، ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلاي، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىۋېتەي، ئەتە كېلىدىغانلار كېلىپ كۆرسۇن. نېمە دەيمىز بۇ ئىشلارغا ئەمدى؟ بىز بالا ۋاقتىمىزدا بەك قېنىمىزغا پاتماي كەتسەك بەش - ئونىمىز يىغىلىپ، بىر ئورام نەشە چېكىپ قوياتتۇق، ئاق تاماكا دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان، نەدىن پەيدا بولدى بۇ نىجىس؟

— خوش ئەمىسە ئەختەم ئاكا، مەن ئەتە ئۇلارنى باشلاپ

كېلىمەن، گېپىمىز گەپ بولسۇن ـ ھە.
ساقچىلار خوشلىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئەختەم ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى ئايالىغا ئېيتتى.
— بالا ئۆزىمىزنىڭ، قانداق باشقۇرساق ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، بۇ ئىشقا ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئارىلىشىدىغاندۇ؟ — دېدى مەريەم.
— بۇنداق دېسەڭمۇ بولماس خوتۇن، بالىنى باغلاپ قويۇشىمىز، قارىغاندا قانۇننىڭ بىرەر يېرىگە توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. نۇرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئاق تاماكىنى سانقانلارنى جازالايدىكەن، چەككەنلەرنى جازالىمايدىكەن.
— ئەمىسە، ھۆكۈمەت ئاق تاماكا سېتىۋاتقان ئاشۇنداق ئىپلاسلارنى تۇتۇپ ئېتىۋەتسە بولمامدۇ؟
— تۇتىۋاتىدۇ خوتۇن، تۇتىۋاتىدۇ، ئېتىۋاتىدۇ. بىز ساقچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. كېيىنچە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بىز يەنە ئاشۇ ساقچىلارنى ئىزدەيدىغان گەپ ئىكەن، شۇڭا ئۇلار دېگەندەك قىلايلى، مەن كىرىپ ئالىمنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى بوشىتىۋېتەي.
ئەختەم ئالىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئاق تاماكىنى تاشلىشى لازىملىقى ھەققىدە بىر ھازا سۆزلەپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى بوشىتىۋەتتى.
— رەھمەت دادا،— دېدى ئالىم. بۇ سۆز ئۇنىڭ زەنجىر، كىشەندىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايى ئىپادىسىز، خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك ئىدى.
— ئاڭلاپ تۇر، ئاق تاماكىنى تاشلىمىساڭ، يەنە داۋاملىق ئەسكىلىك قىلساڭ، ساڭا ئەمدى ھەرگىز رەھىم قىلماي، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا قۇتۇلىمەن،— دېدى ئەختەم غەزەپ بىلەن.
بىر ھەپتىدىن كېيىن، نۇرى ياش ئىككى ساقچى بىلەن

كېلىپ، ئالىمنى تۇتۇپ كەتتى. ئالىم يەنە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا بىر يىل ئىشلىدى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەختەم ئوغلىنىڭ ئاق تاماكىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، بىراق ئالىم قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتە بولغاندا يەنە ئاق تاماكا چېكىۋالغانلىقىنى بىلىپ قالدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەختەم تاڭ ئاتقۇچە قان يىغلاپ چىقتى - دە، ئەتىسى ئۇنى — ئاززۇلۇق ئوغلى ئالىمنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

ئالىم يېرىم يىلدەك يوقاپ كەتتى. بەزىلەر ئۇنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ، زەھەر تاشلاپتۇ، باي بولۇپ كېتىپتۇ، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئالىمنى خاڭدا كۆردۇق، خاڭدا ئىشلەۋېتىپتۇ، دېگەن سۆزلەرنى تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە ئالىم شەھەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بىر شەخسنىڭ ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلەپ يۈرگەنىدى. ئۇ زاۋۇتتا كۆزەتچىلىك قىلاتتى، دەسلەپتە ئۇ تىنچ ئىشلىگەندەك بىلىنگەنىدى، كېيىنچە ئەتە - ئاخشاملىرى ئېپىنى تاپسىلا ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۇن - پۇن دېگەندەك نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ سېتىۋاتقانلىقى سېزىلىپ قالدى. زاۋۇتنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خوجايىنى ئاخىر ئۇنى قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوقمۇشلاردا، ئاشخانىلاردا، تونۇر بېشىدا يېتىپ - قوپىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەم سىياقىدىن چىقىپ كەتكەن، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، ساراڭغىلار ئوخشاپ قالغان، تونىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. قورسىقى ئاچسا ئاشخانىلارغا كىرىپ خېرىدارلاردىن ئاشقان - تاشقان تاماقلارنى يەيتتى، خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن يەردىلا يىقىلىپ، دومىلايتتى، نالە - پەرياد قىلاتتى. . . بەزى كۈنلىرى ئۇ قورسىقى ئېچىپ يەيدىغان نەرسە تاپالمىغاندا، كۆز ئالدىغا دادىسى بىلەن ئانىسى كېلەتتى - دە، ئاستاغىنە تام ياقىلاپ مېڭىپ مەھەللىگە باراتتى، دوقمۇشتا ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ

كېتەتتى، لېكىن ئۇ ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. مەھەللىدىكىلەر دەسلەپتە ئۇنى تونىمىدى، كېيىنچە چوڭلار تونۇپ قالدى، بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، تاماق - نان ئېلىپ چىقىپ بەردى، لېكىن ئۇلار ئالىمنى ئۆيگە يېقىن يولاتمىدى، ئۇنىڭ بىر نەرسىلىرىنى ئوغرىلىۋېلىشىدىن قورقتى. ئەختەم ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى، بىراق ئۇ ئالىمدىن شۇنچە سەسكىنىپ كەتكەنىدىكى، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈردى، دەردىنى ئۆزى بىلدى. ئىچىدە قان - قان يىغلاپ، خۇدادىن ئوغلىغا ئۆلۈم تىلەپ، نالە قىلىپ يۈردى.

بىر كۈنى نۇرى يەنە ساقچى ئابلەتنى ئەگەشتۈرۈپ ئەختەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەختەم نۇرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلاتتى، شۇڭا ئۇلارغا چىراي ئاچمىدى.

— ... بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ئەختەم ئاكا، مۇشۇ كۈندە سىزگە گەپ خوشياقمايدۇ. مەن ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلاي، بىرلا ئېغىز گەپ، ئالىمنى ئۆيگە ئەكىرىۋېلىڭ. ئالىمدا ھازىر ئەخلاق قارىشى دېگەن نەرسە يوق، ئۇ ئەمدى سەتچىلىكنى بىلمەيدۇ، كەلگۈلۈك يەنە سىزگە كېلىدۇ. كىشىلەر سىزنى ئەيىبلەيدۇ، مەھەللىگىزدىكىلەر سىزنى ھېلىمۇ ئەيىبلەۋاتىدۇ. جاھاندا يامان ئىشنى يۇغۇشتۇرماق تەس. «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيتۇ» دېگەن گەپ بار، مېنىڭ گېپىمنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ قويۇڭ! — دېدى نۇرى.

— ئۇ ئۆزىنى ۋەيران قىلىپ بولدى، بىزنىمۇ ۋەيران قىلىپ بولدى نۇرى ئۇكام. ئەگەر ئۇنى ئۆيگە يەنە ئەكىرسەم، بىزنى تېخىمۇ ۋەيران قىلىپ، تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئۇكام، ئۇ توخۇ پوقىنى كۆزۈم كۆرمەيدىغان يىراق يەردىكى بىر تۈرمىگە ئاپىرىپ، بەش - ئون يىل سولىتىۋەتكىن! ئۇنى ئەمدى كۆزۈم كۆرمىسۇن جېنىم

ئۇكام،— دېدى ئەختەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ.

— سىزنى چۈشىنىمىز ئەختەم ئاكا. لېكىن، بىر ئادەمنى تۇرمىگە سولىتىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئالىمنىڭ جىنايى قىلمىشى بولمىسا، ئۇنى قانداق سولىغىلى بولسۇن؟ ئەگەر ئۇ زەھەر ئېلىپ ساتقان بولسا، ئۇنى تۇتۇپ ئەيىبلەپ، سوتقا تارتساق بولاتتى.

— بۇ گەپنى ياخشى قىلدىڭ ئۇكام نۇرى،— دېدى ئەختەم دەقىقە ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ،— يېقىندىن بېرى ئاڭلىسام ئۇ گۆي ھەم ساتىدىكەن، ھەم چېكىدىكەن، ئاق سېتىپ تاپقان پايدىسىغا چېكىدىغان ئوخشايدۇ. ماڭا بىر نەچچىسى شۇنداق دەپ كەلدى، گۇۋاھچىلىقتىن ئۆتىدىغان ئادەممۇ بار.

— ئوغلىڭىزنى خەقنىڭ ئاغزىدىكى گەپ بىلەن قولغا ئالغىلى بولمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، گۇۋاھچىلىقتىن ئۆتىمىز، دېگەن ئادەملىرىڭىز سوتتا تىلىنى چايناپ تۇرسا، ئىشەنچىلىك پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، ئۇنى قولغا ئالغىنىمىز بىكار ئىش بولىدۇ، بىزمۇ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغان بولىمىز. ئەگەر ئۇنى ئاق سېتىۋاتقان نەق مەيداندا تۇتىۋالالىساقمۇ ياخشى بولاتتى، گەپ - سۆزسىز جازالايتتۇق. مۇشۇ كۈندە سىزگە ئوخشاش بىزنى ئىزدەپ بېرىپ، بالىلىرىمىزدىن تويدۇق، ئۇن يىللىق سولاۋېتىڭلار، دەۋا - دەستىرىمىز يوق، ئېتىۋېتىڭلار، ئوقنىڭ پۇلىنى بىز بېرەيلى . . . دەۋاتقانلار ئاز ئەمەس، لېكىن بۇنداق سۆز بىلەن بىر ئادەمنى قولغا ئالغىلى بولمايدۇ. بىز قانۇن بويىچە ئىش قىلمىساق، تەربىيە بېرىش بىلەن زەربە بېرىشنى تەڭ ئېلىپ بارمىساق بولمايدۇ،— دېدى نۇرى.

— بۇنى چەككەن ئادەم تەربىيە ئاڭلىمايدىغان ئوخشايدۇ ئۇكام. ئالىمنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ئاق چەككەن باشقىلارنىڭمۇ ئەھۋالىنى ئاڭلاۋاتىمىز. قارىغاندا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئوخشايدۇ، شۇڭا مەن ئۇ گۆينى

قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن.

— بالا ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى ئاكا، ئۇنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراڭ!

ئەختەم ئاخىر نۇرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئالىمنى ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى. ئالىم يۇيۇنۇپ، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، خېلى ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. لېكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ مەريەمنىڭ كۆز يېشى توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى، ئەختەم ئالىمنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دېگەندەك ئۆيدىن سەھەر چىقىپ كېتىپ، كەچ بولغاندا بىراق قايتىپ كېلەتتى، پۈتۈن دەرد ـ ئەلەم، تارتقۇلۇق مەريەمگىلا بولاتتى. ئالىم يەنە ئۆينى ئاختۇرۇپ، قولىغا چىققۇدەكلا نەرسە تاپالىسا، بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ يۈردى. چۈنكى، ئۇ بىر كۈن چەكمىسە ياكى خىروئىن سۈيۈقلۇقىنى بېلىكىدىن ئوكۇل قىلىپ سالمىسا، غالجىر ئىتتەك ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قالاتتى.

چۈشتە مەريەم ئوخشىتىپ مانتا ئەتتى. ئالىم داستىخانغا كەلمىدى، مەريەممۇ ئۇنى چاقىرمىدى، ئانىنىڭ ئالىمغا بولغان مېھرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. مەريەم تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، چىرايىدا قان قالمىغان ئالىم ئېغىلدىن چىقىپ كەلدى، مەريەم ئۇنى كۆرۈپ تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئاپا، قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى ماڭا بەرگىن! — دېدى ئالىم ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرپىيىپ تۇرۇپ.

— ئۈزۈكنى نېمە قىلىسەن؟

— ئۈزۈك بىلىسەنغۇ، چىدىماي قېلىۋاتىمەن، خۇمارىم قىيناپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي نىجىس، بۇ ئۈزۈك موماڭدىن قالغان تەۋەررۈك. ئەمدى كۆزۈڭ مۇشۇ ئۈزۈككە چۈشتىمۇ؟ يوقال كۆزۈمدىن!

— ئەگەر ياخشىلىقچە ئۈزۈكنى بەرمىسەڭ، تارتىۋالىمەن

هېلى . . .

— كۆزۈمدىن يوقال نىجىس!

مەريەم ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئالىمغا قارىدى، ئانىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭماقچى بولدى، لېكىن توساتتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەنىدى، بولالماي يىقىلىپ چۈشتى. ئالىم يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنى يۆلەپ قويۇشنىڭ ئورنىغا بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قورۇدىن چىقىپ كەتتى.

مەريەم يىقىلغان يېرىدە بىرھازا بىھوش يېتىپ قالدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، قورۇدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئاستا ئۆمۈلەپ بېرىپ سۇپىغا چىقىپ، بېشىغا بۇلۇڭدىكى سومكىنى قويۇپ، پۇت - قولىنى سۇنۇپ ياتتى.

ئەختەم بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە كەچ كەلدى. ئۇ قورۇغا كىرىپ، چايخانىدا يېتىپ قالغان ئايالىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ بۇ يەردە يېتىپ قاپسەنغۇ، بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى ئەختەم مەريەمدىن ئەنسىرەپ.

— بېشىم قېيىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. . .

— بالىلارنىڭ بىرەرسىگە تېلېفون قىلساڭ بولمامدۇ، ئالىم يوقمىدى؟

— ئالىم ئۈزۈكىڭنى بەر، دېگەنىدى. . .

— بەردىڭمۇ؟

— بەرمىدىم، ئورنۇمدىن تۇرۇۋېدىم، يىقىلىپ چۈشتۈم، ھوشۇمغا كەلسەم، قولۇمدا ئۈزۈك يوق، ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەختەمنىڭمۇ قان بېسىمى ئۆرلەپ

كەتتى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى . . .

ئالىم بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

— ئاپاڭنىڭ ئۇزۇكىنى سېتىۋەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەختەم دەرۋازىدىن سولىشىپ كىرىۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ، ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپ.

— ياق، مەن ئاپامنىڭ ئۇزۇكىنى كۆرمىدىم.

— ئاپاڭ يىقىلىپ چۈشسە نېمە ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭ؟

— ئاپام يىقىلغاندا مەن يوق، مەن تالاغا چىقىپ كەتكەن.

— نېمە ئىش بولغىنىنى مېنى بىلمەيدۇ، دەمسەن؟ ماقۇل، سېنىڭ گېپىڭنى راست دەپمۇ تۇرايلى، نېمىشكە ئاپاڭنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىسەن؟ تالاغا تويمىدىڭمۇ تېخى؟ مەن بىر يەرگە بارىمەن، دېسەڭ، ئۆزۈم ئۆيدە قېلىپ، ئاپاڭغا قارايتتىمغۇ؟ ئاپاڭ بىر نېمە بولسا قانداق قىلىسەن؟!

— ئاپام ھېچ نېمە بولمايدۇ دادا، ئەگەر بىر نېمە بولىدىغان بولسا ئالدى بىلەن مەن بىر نېمە بولۇپ كېتىمەن!

— ئالىم، جېنىم بالام، نېمە ئۈچۈن بىزنى قاقشىتىسەن. بىزنى قىينىمىساڭ بولمامدۇ، چىشىڭنى چىشلەپ تۇرۇپ تاشلىساڭ بولمامدۇ ئۇ نىجىسنى!؟

— مەن نېمە قىلدىم سىلەرگە، نېمە ئۈچۈن ھەممىڭلار مېنى ئۆچ كۆرىسىلەر؟

— بىز سېنى ئۆچ كۆرگىنىمىز يوق بالام، سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سەتلەشتۇرىۋاتىسەن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ نابۇت قىلىۋاتىسەن. سەن بۇرۇن قانداق بالا ئىدىڭ، مەن بۇرۇن قانداق ئادەم ئىدىم؟ ئەمدى بۇرۇنقى سەن قېنى، مەن قېنى؟ ئويلاپ باق، ئاق تاماكا ھەممىمىزنى ۋەيران قىلدى،

تۈگەشتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشلارنى بىلسەن، بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتىسەن، سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ زادى! ؟ — ئەختەم ۋارقىراپ كەتتى.

— ۋىجدان دېدىڭما دادا؟ ۋىجدان دېگەن نەرسە يۈز يىلدا بىر كېلىدۇ، ھازىر ئۇ يەنە بىر ئالەمدە دەم ئېلىۋاتىدۇ، مەن ئۆلگەندە ئۇ ئالەمدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. ھازىر مەندە يوق نەرسىنى سورىما دادا، قىچىرنىڭ تەخىيى قېنى، دېگەندەك گەپ قىلما. . .

— ھەي ھارىمى، سەن ئادەممۇ زادى؟ ! . . .

— مېنىڭ تۇرۇقۇم بىر ئادەم دادا، مېنىڭ ئادەم ياكى ئادەم ئەمەسلىكىمنى بىلسەن، بىلىپ تۇرۇپ مەندىن سوراۋاتىسەن. سەن ئۆزۈڭ دېگەندەك، ماڭا توقچىلىق زىيان قىلغان، شۇڭا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، بارىم مۇشۇ دادا. مەن سېنىڭ پۇشتۇڭ، سېنىڭدىن بولغان بالا، سەندەك ياشىيالمىدىم. . .

ئەختەم گەپ قىلمىدى. چۈنكى، ئالىمغا ھېچقانداق گەپ كار قىلمايدىغانلىقىغا ئۇ ئاللىقاچان ئىشەنگەنىدى، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى خۇداغا يېلىنىپ يىغلاشلا ئىدى. ئۇ يىغلىدى، نالە قىلدى:

— ئاھ خۇدا، نېمە كۈن بۇ ماڭا؟ ! ئاھ خۇدا، بالدۇرراق جېنىمنى ئالساڭچۇ! !



سەھەردە بۇلبۇللار بەس ـ بەستە سايرىشىپ كەتتى، يىراق

تاغلارنى، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان باغلارنى سۆيۈپ كېلىۋاتقان ساپ ھاۋا بۇلبۇللارنىڭ ھارماي سايراشلىرىغا ئىلھام بېرەتتى. ئاشۇ بۇلبۇللارنىڭ مۇھەببەتلىك سايراشلىرىمۇ ئەختەمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئەختەم ئالىمنى ئۈزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاخشام ئۇخلىماي مەريەم بىلەن مەسلىھەتلەشكەن بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولدى.

— ئالىم، — دېدى ئۇ بالىسىغا قاراپ، — سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى بالام ئىدىڭ، مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ جېنىدىنمۇ ياخشى كۆرەتتىم. سەن تۇغۇلغاندا، مەن خۇشاللىقىمدىن ئاغىنىلىرىمگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇرۇش قىلىپ بەرگەن، بۇ ئىشلارنى دېمىسەممۇ بىلىسەن، بۇ ئىشنى پۈتۈن ئۇرۇق ـ جەمەتىمىزمۇ بىلىدۇ، جامائەتمۇ بىلىدۇ. سەن — شۇنداق بىر ئەتىۋارلىق بالا ھازىر مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭ. ساڭا كۆپ تەربىيە بەردىم، ئىچكىرىگىمۇ ئاپىرىپ داۋالاتتىم، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغىمۇ باردىڭ، لېكىن بۇ ئاق نىجىسنى تاشلىمىدىڭ. ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ئاپاڭ بىلەن ماڭىمۇ قىلدىڭ. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى بالام، ئەمدى سەن بۇ ئاق ئالۋاستىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايسەن. مەن ئاپاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق بىر ئويغا كەلدىم، مەن ساڭا مىراس ھېسابىدا بەش مىڭ سوم پۇل بېرەي، سەن مۇشۇ پۇلنى دەسمى قىلىپ، ئاق تاماكا ئېلىپ ـ سېتىپ ئوقەت قىل، دىرىڭنى يوقاتما، پايدىسىغا چەككىن، لېكىن مەن ساڭا بۇ پۇلنى مۇنداق بىر شەرت بىلەن بېرىمەن: ئوغرىلىق قىلمايسەن، قاقتى ـ سوقتى قىلمايسەن، ئۆينىڭ نەرسىلىرىگە تەگمەيسەن، مەيلى مەھەللە ئىچىدە بولسۇن، ياكى باشقا يەردە بولسۇن، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنى ئالمايسەن. مۇشۇ شەرتكە كۆنسەڭ، مەن ساڭا بەش مىڭ سوم بېرىمەن، سەن بۇ پۇلنى

مەن دېگەندەك دومىلىتىپ، چېكىدىغىنىڭنى چېكىپ ياشاۋەر.
ئەختەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالىمنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئالىم دادىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قاراپلا قالغانىدى، ئۇ دادىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق ياخشى سۆز چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.
— سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن دادا؟ مەن گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ئالىم.
— چۈشىنىپ قالىسەن بالام، مېنى سەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىسەن. مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار، چېكىدىغان پۇلۇڭنى مەن بېرەي، ئوغرىلىق قىلما، يۈزۈمنى چۈشۈرمە. بۇرۇن مەن سېنى چەكمە، دەپ توسىغان بولسام، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن؛ بۇرۇن مەن سېنى زەھەر تاشلىسۇن، دەپ داۋالاتقان بولسام، ئەمدى داۋالاتمايمەن؛ بۇرۇن مەن ساڭا ئۈمىد بىلەن قارىغان بولسام، سېنىڭدىن ياخشىلىقتىن ئەمدى ئۈمىد كۈتمەيمەن. مېنىڭ تەلىپىم — ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى ئايىغىن، ئوغرىلىق قىلما، يۈزىمىزنى چۈشۈرمە، بىزنى تىنچ ياشىغىلى قوي.
— مەيلى ئەمىسە، گېپىڭ راست بولسا، ئەكەل پۇلنى، — دېدى ئالىم دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.
— كەچتە بېرىمەن.
— مۇنداق ئەمەسمۇ مانا، بېرىمەن دېگەندىكىن هازىرلا بەرمەمسەن؟
— هازىر يېنىمدا پۇل يوق، يولىنى قىلىپ كەچتە بېرىمەن.
— ئەمىسە چۈشتە بەرگىن، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقەت قىلمىسام بولمايدۇ!
— بولىدۇ ئەمىسە، چۈشكىچە ئورنىنى قىلىپ بېرەي، ئەمىسە سەن بىرياققا چىقىپ كەتمە، مەن چۈشكە يېقىن ئۆيگە

قايتىپ كېلىمەن.

ئەختەم بازارغا چىقىپ كەتتى. ئۇ زەرگەر بازىرىغا بېرىپ، ئۆزۈن يىللاردىن بېرى مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر زەرگەدىن بەش مىڭ سوم پۇل ئالدى، ئاندىن قاسساپ بازىرىغا بېرىپ، گۆش ساتىدىغان بىر ئاغىنىسى بىلەن بىردەم دەردىنى ئېيتىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، قاسساپ ئاغىنىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئەختەم چۈشكە يېقىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

— پۇلنى ئەكەلدىڭمۇ؟ — دېدى ئالىم دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

— ئەكەلدىم بالام، ئەكەلمىسەم ئۆيگە كىرەلمەيمەن ـ دە، — دېدى ئەختەم تەنە قىلىپ.

— ماڭا بۇنداق تەنە گەپ قىلما دادا، پۇلنى ئۆزۈڭ بېرەي، دېدىڭغۇ!؟

— شۇنداق بالام، شۇنداق. پۇلنى ئۆزۈم بېرەي، دېدىم، گۇناھ مەندە، خاپا بولما. مانا بەش مىڭ سوم، سانىۋالغىن. ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ ساڭا بېرىدىغان مىراس، ئۇختۇڭمۇ؟

ئالىم دادىسىنىڭ قولىدىن بەش مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ، قولىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ سانىدى.

— توغرا ئىكەن دادا، ئەمىسە مەن ماڭدىم!

ئالىم قورۇدىن چىقىپ كەتتى، يېرىم كېچە بولغاندا قايتىپ كەلدى. قولىدا بىر قارا سومكا بار ئىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنى ئاق چېكىدىغانلار ئۆيگە ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا، خېلى كۆپ خېرىدارلىق بولۇپ قالدى. دېمەك، ئۇ رەسمىي ئاق تاماكا سېتىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ئىككى بالا قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھۆرمەت بىلەن ئەختەم بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئالىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— خوتۇن، پۇرسەت كەلدى. بۇ ئىككى بەڭگە ھەر كۇنى كەلسە ئۇزۇن ئولتۇرىدۇ. سەن ئۆيدە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغىن. ئەگەر ئۇلار كۆپ ئولتۇرمايلا مېڭىپ قالسا، سەن ئۇلارنى بىر ئامالىنى قىلىپ گەپكە سېلىپ بولسىمۇ تۇتۇپ تۇر، مەن ئۆيگە كىرىپ، نۇرى ساقچىغا تېلېفون بېرەي!

ئەختەم ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، نۇرى ساقچىغا تېلېفون بەردى، نۇرى ھايال ئۆتمەي ساقچىلارنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ساقچىلار چاندۇرماي قورۇغا كىردى، ئەختەمنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئالىمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار ئالىم بىلەن ئىككى بالىنى نەق مەيداندا خىروئىن سودىسى قىلىۋاتقاندا تۇتتى.

ساقچىلار ئۇلارنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

— ھەي ھارىمى، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ! — دېدى ئەختەم ھەسرەت چېكىپ.

## 33

ئالىمغا خىروئىن ساتقان جىنايىتى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئالىمنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ كۈندۈزى ئەمگەك قىلسا، ئاخشىمى بىلىنى ئالالماي ياتاتتى، بولۇپمۇ زەھەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئوكۇل ئۇنى ئىزىپ بوشىتىۋەتتى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئەختەممۇ، مەريەممۇ، باشقا تۇغقانلارمۇ ئۇنى يوقلاپ بارمىدى. ئالىم قولغا ئېلىنىپ ئىككى يىل بولغاندا، ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ چىدىمىغان مەريەم ئالىمنى يوقلاپ بېرىپ كېلىشكە

جابدۇنغانىدى، ئەختەم ئۇنىڭ بېرىشىغا يول قويمىدى، باشقا بالىلىرىنىمۇ ئالمىنى يوقلىغىلى قويمىدى. ئەختەمنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى ئالمىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، قېرىنداشىنىڭ، ئۆي ـ ماكانىنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈش، تېتىتىپ قويۇش ئىدى، ئەختەم شۇنداق قىلغاندا، ئالىم توۋۋا قىلىپ، ئاق تاماكىنى تاشلاپ، ئادەم بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئويلايتتى. ئەختەمنىڭ تەلىپى بىلەن، مەريەممۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئالمىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلماي تاشلىۋەتتى، گويا ئالىم بۇ دۇنيادا يوقتەك، ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا بولسىمۇ ئۇنى ئېغىزىغا ئېلىپمۇ قويۇشمىدى. ئەمما، كۆڭلىدىن ئالمىنى چىقىرىشالمىدى، كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇن ـ تىنسىز مۇڭداشتى، ئۇنىڭ ئادەم بولۇپ قايتىپ كېلىشىنى خۇدادىن تىلەشتى. لېكىن، ئالىم تۈرمىدىمۇ ئادەم بولالمىدى. چۈنكى، خىروئىن، ئەپيۇن، نەشە دېگەندەك زەھەرلىك چېكىملىكلەر، سۈيۈقلاندۇرۇلغان خىروئىن قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن تۈرمىگىمۇ كىرىپ تۇراتتى، تۈرمىدىمۇ سېتىلاتتى، چېكىلەتتى. ئالىممۇ ھەپتىدە بىرەر قېتىم خۇماردىن چىقىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئالىم تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ پۇل تاپسا ئاق ئېلىپ چېكىپ، تاپالمىسا، سۈيۈقلاندۇرۇلغان خىروئىننى بېلىكىگە ئوكۇل قىلىپ سېلىپ يۈردى.

بىر كۈنى ئالمىنىڭ بازاردا كېتىۋېتىپ خۇمارى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرىپ، بۇلۇڭدىكى بوش تۆشۈكتە ئولتۇرۇپ، بېلىكىدىن سۈيۈقلاندۇرۇلغان خىروئىننى ئوكۇل قىلىپ سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ھاجەتخانىغا ئادەملەر كىرىپ چىقىۋاتاتتى. جىددىيلىشىپ كەتكەن ئالىم سۈيۈقلاندۇرۇلغان خىروئىننى شپرىسنى چىڭراق بېسىپ، ئىتتىكرەك ماڭدۇرۇۋېدى، ئولتۇرغان يېرىگىلا دۈم يىقىلدى.

— ھاجەتخانىدا بىر ئادەم ھازىر بىلىكىگە بىر نىمىنى ئوكۇل قىلىپ قويۇۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا يىقىلىپ چۈشتى، — دېدى ئۇن ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردىكى بىر بالا ھاجەتخانىدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىغا ئۇستەل قويۇپ ئولتۇرۇپ پۇل ئېلىۋاتقان بوۋايغا.

— ئەپيۇنكەشلەر پات - پات بۇ ھاجاتخانىغا كىرىپ شۇنداق قىلىۋالىدىغان بولۇۋالدى، خاپا بولماي ماڭا ياردەملەشسىڭىز بالام، ئۇ گۇينى سۆرەپ چىقايلى، — دېدى بوۋاي.

ھېلىقى بالا بوۋايغا ياردەملىشىپ، ئالىمنى تالاغا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىلىكىدە شپرىس يىڭنىسى سانجىقلىق تۇراتتى.

— بۇ گۇي ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە، دوختۇرخانىنىڭ ھېلىقىدەك چىرقىراپ ماڭىدىغان قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا تېلېفون قىلىۋېتەيلى، — دېدى بوۋاي بالىغا، — بولسا بالام، ساقچىخانىغىمۇ تېلېفون قىلىۋەتەرسىز، بۇ ئىشنى ئۇلارمۇ ئۇقۇپ قالسۇن.

ھېلىقى بالا يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون بودكىسىغا بېرىپ، ساقچىخانىغا تېلېفون قىلىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى، دوختۇرخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمىدىغان ئادەم تاپالماي يېنىپ كەلدى.

ئارىدىن ھېچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەي نۇرى ئىككى ساقچىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى، ئۇ يىقىلىپ ياتقان ئالىمنى كۆرۈپلا تونىدى.

— ئالىم ئىكەنغۇ بۇ؟ ئاخىر زەھەر بېشىغا چىقىپتۇ - دە، بۇنىڭ! بۇ ئەختەم ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى بولىدۇ، دادىسىغا خەۋەر قىلىڭلار، جەسەتنى ئەكەتسۇن! — دېدى نۇرى بىللە كەلگەن ساقچىلارغا.

ساقچىلاردىن بىرى ئەختەمنىڭ ئۆيىگە كەتتى. نۇرى هاجەتخانىنىڭ قېشىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ، ئىككى مېتىرچە ئاق رەخت سېتىۋېلىپ چىقىپ، جەسەتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئەختەم يېتىپ كەلدى. جەسەتنىڭ ئەتراپىدا ئولىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئەختەمگە يول بوشىتىپ بېرىشتى. توپلاشقان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى تونۇيتتى. نۇرى جەسەتكە يېپىلغان داكىنى ئېچىپ، ئالىمنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، ئەختەمگە كۆرسەتتى. ئەختەم ئوغلىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ گەپ - سۆز قىلمىدى، كۆز يېشى قۇرۇپ تۇگىگەندەك بىر تامچە ياشمۇ تۆكۈپ قويمىدى، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ نۇرىغا قارىدى.

— هە، جامائەت، قايتىڭلار، بۇ ئىشنىڭ نېمە كۆرگىچىلىكى بار؟ تۇۋا قىلىڭلار، بۇ ئىشنى بالىلىرىڭلارغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا ئىبرەت قىلىپ تەربىيە بېرىڭلار، ئاق تاماكا چەككەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ مانا! دادا بالىدىن، بالا هاياتىدىن ئايرىلىدۇ. . . — دېدى نۇرى ئەتراپتا ئولىشىپ تۇرغانلارغا.

كىشىلەر بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ تارقىلىشتى. ئەختەم ئاستا بېرىپ، هاجەتخانىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— جەسەتنى ئۆيگە ئەكەتمىسىزمۇ ئەختەم ئاكا؟ — دېدى نۇرى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ.

— سەن ماڭا ياردەملەش ئۇكام، ماڭا هارۋىدەك بىرنېمە تېپىپ بەر، ئۇنى ئېلىپ كېتەي،— دېدى ئەختەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

# 34

ئەختەم ئالىمنى كۆمۈپ قويدى. لېكىن، ئۇ ئۆيدىمۇ، تۇپراق بېشىدىمۇ يىغلىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدا ئالىمغا قارىتا ئاتىلىق مۇھەببىتى قالمىغانىدى، ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشىپ - تارتىشىپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ كۆزىگە ياش كەلمىدى... ئەينى يىللاردا ئۇ ئالىمدىن بەكمۇ چوڭ ئۈمىد كۈتكەن، ئۇنى قۇياش بىلەن ئالتۇننىڭ نۇرىدا بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. لېكىن، يىللار، تەقدىر ئۇنىڭغا ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈلۈپ ياشايدىغان پۇرسەت بەرمىدى...

ئەختەم بىر ھەپتىگىچە تالاغا چىقمىدى. دۈشەنبە كۈنى سەھەردە، ئۇ ئورنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— ئەختەم، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى خېلى بۇرۇن ئويغىنىپ خىيال سۈرۈپ ياتقان مەريەم ئېرىنىڭ چۆچۈپ ئويغانغانلىقىنى بىلىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن، مەن، مەن كىم؟ مەن زادى كىم؟! بۇ زادى قانداق گەپ، كىم ئۆلتى؟ ئوشۇق قېنى؟ — ئالىمنى سەن دەسمى قىلىدىڭمۇ، مەنمۇ؟... خاپا بولماڭ، مەن سىز بىلەن بىر كارىۋاتتا يېتىپ قاپتىمەن، مەن ئەزەلدىن خەقلەرنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ باقمىغان، مېنى كەچۈرۈڭ، بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغاندىمەن - ھە ... ئاھ خۇدا، گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، ماڭا بىر پۇرسەت بەرگىن، مەن گۇناھىمنى يۇيۇۋالاي!... ئەمىسە بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ مەن كىم؟ بىز نېمە

ئىش قىلىمىز خەقنىڭ كارىۋىتىدا؟ . . .

ئەختەم ئاقسۆڭەك ئورنىدىن تۇرۇپ، قالايمىقان، چۈشىنىكسىز سۆزلىگەن پېتى كىيىملىرىنىمۇ كىيمەي، كالتە ئىشتان بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ئەختەم، ئەختەم . . .

مەريەم ئەختەمنىڭ كەينىدىن ئاران ئىككى قەدەم چامدىيالىدى، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، يىقىلىپ چۈشتى. . .

## 35

جۇمە كۈنى جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئالىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئىككى ئايال پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىرى، مەريەم، يەنە بىرى ئالىمنىڭ ئايالى مەرھابا ئىدى. مەرھابا قېينانىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى قان يوق دېگۈدەك سېرىق، سولغۇن ئىدى. توساتتىن مەرھابانىڭ ئىككى بالىسى قەبرە ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇلار ئانىسى بىلەن مومىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. بۇ تۆت ئۇلۇغ ئىنسان بىرى بالىسىدىن، بىرى ئېرىدىن، ئىككىسى دادىسىدىن ئايرىلغانىدى.

ئاسماندىكى قۇياش قارىماققا ھەممە ئادەمگە مۇھەببەت نۇرىنى ئورتاق چېچىپ تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇلۇڭ، پۇشقاقلاردا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھالىغا يېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ بۇ دۇنيادىكى كۆلۈپ ئۆلگەنلەرگىمۇ، يىغلاپ ئۆلگەنلەرگىمۇ باھا بېرەلمەيدۇ. . .

2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، غۇلجا.